# شنجاڭ
# تاريخ ماترياللرى

12

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# شىنجاڭ
# تارىخ ماتېرىياللىرى

جۇڭگو خەلق سىياسى مەسلىھەت كېڭەشى

ش ئۇ ئا ر كومىتېتى تارىخى ماتېرىياللار

تەتقىقات ئورنى

FROM THE LIBRARY OF
EAST TURKISTAN
NATL RESEARCH
CENTER INC
GULAMETTIN PAHTA

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# مۇندەرىجە

(12 - سان)


خوجانىياز ھاجى توغرىسىدا ئەسلىمە......خېۋىر تۆمۈر (1)

قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا ئەسلىمە.............. ئەيسا نىياز (47)

تۇرپان، پىچان، توقسۇن خەلقىنىڭ 1947 - يىلىدىكى قوزغىلىڭىدىن خاتىرە ............ئابلىمىت مەخسۇتوۋ (83)

1933 - 34 - يىللاردىكى قەشقەر خەلق قوزغىلاڭلىرى ۋە قىرغىزلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى .....ھوسۇيىن ھاجى (110)

25 - فېۋرال ۋەقەسىنىڭ ھەقىقى ئەھۋالى زادى قانداق .......................... زاكىر نىيازى (138)

قەشقەر تا[illegible]دىكى 8 - فېۋرال پاجىئەسى .......................... مۇھەممەت [illegible] قۇربان (167)

قارغىلىق ناھىيە[illegible] 1936 - يىلىدىچە بولغان 10 يىل[illegible]ن ئەسلىمە .......................... [illegible]مەت خوجەمەت (182)

قەشقەر ھېنكار جامائەسىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە ھازىرى .......................... جولەيىد بەكرى (250)

# خوجا نىياز هاجى توغرىسىدا
# ئەسلىمە

خېۋىر تۆمۈر

## كىرىش سۆز

ئەسىرىمىزنىڭ 30 - يىللىرىدا، قۇمۇل دىخانلار قوزغىلىڭىنىڭ يېتەكچىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان خوجا نىياز هاجى، چاپسانلا مەشھۇر بولۇپ، مۇجاھىت غازى، باۋۇيى زۇڭسىلىڭ (گارنىزون قوماندانى)، ئۆلكىلىك ھوكۇمەت رەئىسى (مۇئاۋىن رەئىس) قاتارلىق ئۇنۋانلار بىلەن شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىپتىخارىغا ئايلاندى.

مۇنداق بولۇشى قۇمۇل دىخانلار قوزغىلىڭىنىڭ خاراكتېرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. 31 - يىللاردىكى قۇمۇل دىخانلار قوزغىلىڭى خاس زۇلۇمغا قارشى كۆتۈرۈلگەن خەلق ئىنقىلاۋى بولۇپ، شۇ يىللاردا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى ۋە تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ يۈكسۈلۈش تەلىۋىگە ئۇيغۇن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىنقىلاپ خۇددى بۈيۈك ئورمانغا تۇتاشقان ئوتتەك، شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىگە — قۇمۇلدىن — خوتەنگىچە،

پامىر تاغلىرىدىن — ئالتاي تاغلىرىغىچە يامراپ، شىنجاڭ-
نىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئاجايىپ زور ۋەقەگە ئاي-
لانغان ئىدى. دېمەك، خوجانىياز ھاجىنىڭ نامى ئەنە
شۇ دېخانلار ئىنقىلابى بىلەن چەمبەر - چەس باغلانغان
بولۇپ مەڭگۈ ئۇنتۇلغۇسىزدۇر.

بۇ توغرىدا تەپسىلىي ئەسلىمە يېزىش نەقەدەر زورۇر
بولسىمۇ، ئەمما ۋەقە چوڭ ھەم مۇرەككەپ بولغىنى ئۈچۈن،
مۇنداق زور ۋە مۇرەككەپ تېمىنى ئېچىش، يېشىش
ۋە ئاخىرلاشتۇرۇش بىرەر شەخسىنىڭ قولىدىن كېلىشى
ناتايىن. يېزىشقا جۈرئەت قىلغان ھەر قانداق ئاپتور،
سۇبيېكتىپ ۋە ئوبيېكتىپ جەھەتلەردە نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا
دۇچ كېلىدۇ، تارىخىي چەكلىمىلەرگە ئۇچرايدۇ — ئەلۋەتتە.
شۇڭا ھازىرغا قەدەر تۈزۈك بىرەر ئەسلىمە يېزىلىپ ئوت-
تۇرىغا چىققىنى يوق.

1884 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلۇپ نەق
50 يىل ئۆتكەندە يەنى 1934 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىسىگە
تۇنجى قېتىم رەئىس (مۇئاۋىن) بولغان خوجانىياز ھاجىنىڭ
تارىختا تۇتقان ئورنىنىڭ مۇھىملىقىنى نەزەردە تۇتۇپ
ئۆزەمنىڭ بىلگەن، ئاڭلىغانلىرىم ۋە كورگەن ماتېرىيال-
لىرىم بويىچە ئەسلىمە يېزىش ئارقىلىق خوجانىياز ھاجى
ۋە 1931 - يىلىدىكى قۇمۇل دېخانلار قوزغىلىڭى توغرىسىدا
مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ پىكىر بايان قىلىشنى زورۇر تاپتىم.
مۇكەممەل بولۇشى ناتايىن. يېتەرسىز جايلىرىنى كىتاپ-
خانلارنىڭ تولۇقلىشىغا ھاۋالە قىلىمەن.

## 1 ـ قۇمۇل دىخانلار قوزغىلىڭىنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەپلىرى

شىنجاڭدا قۇۋلۇق ـ شۇملۇق بىلەن 17 يىل ھوكۇمى-
رانلىق قىلغان يالڭزېڭشىن 1927 ـ يىلى فەنياۋنەن تە-
رىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن جىن شۇرېن ھاكى-
مىيەت بېشىغا چىقتى. جىن شۇرېنمۇ ياڭغا ئوخشاشلا ئىس-
تىبداتلىق جاھالەت سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، شىنجاڭنى
ئىچكى ئۆلكىلەردىن قىسمەن ھالدا ئاجرىتىپ ئۆز ئالدىغا
«مۇستەقىل پادىشا» بولۇۋالدى، يالڭزېڭشىن ئۆلتۈرۈلگەن
بولسىمۇ سىياسى ۋەزىيەتتە قىلچە ئۆزگۈرۈش بولمىدى.

ئوبېكتىپ جەھەتتە 1911 ـ يىلى كۆتۈرۈلگەن ئۇلۇغ
شىنخەي ئىنقىلاۋى بىلەن 1917 ـ يىللاردىكى سوۋېت
ئوكتەبىر ئىنقىلاۋى بۇ كەڭ رايونغا كۈچلۈك تەسىر قى-
لاتتى. «ئىلى شىنخەي ئىنقىلاۋى» بىلەن قۇمۇلدىكى «تو-
مۇر خەلپە قوزغىلىڭى» ئۇلۇغ شىنخەي ئىنقىلاۋىنىڭ
شىنجاڭدىكى ئىنكاسى ئىدى. ئەپسۇسكى ھەر ئىككىلا ئىن-
قىلاۋي ھەركەتنى يالڭزېڭشىن ھوكۇمىتى قۇۋلۇق ـ شۇم-
لۇق بىلەن قانلىق باستۇرۇپ جۇمھۇرىيەتنى شىنجاڭغا يېق-
قىن يولاتمىدى، ئۆزىنىڭ «مۇستەقىل پادىشا»لىق ھاكىمى-
يىتىنى، ھەر قايسى مىللەتلەر ئىچىدىكى يۇقۇرى تەبى-
قىدىكىلەردىن ۋاڭ، گۇڭ، ئاخۇن، لامىلارغا تايىنىپ يۈر-
گۈزۈپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىنى قاتتىق
ئېكىسپىلاتسىيە قىلدى.

ياڭ، جىن زالىملىرى كەڭ ئىمتىياز بەرگەن ۋاڭ، گوڭ، ئاخۇن، لامىلار راھەت - پاراغەتكە بېرىلىپ خەلقنى ئېزىپ قاتتىق ئەزدى، زۇلۇمغا، ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئۇچرىغان خەلق ئاممىسىدا دەرت ئۈستىگە دەرت، خەۋپ ئۈستىگە خەۋپ كوپەيدى، ئەكسىيەتچى ھوكۇمەت خەلقنى زۇلۇمنى قانچىلىك ئېغىرلاشتۇرسا، خەلقنىڭ غەزىۋى شۇنچىلىك ئورلەيتتى. ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەت ئىلگىرىكى ئىنقىلاۋى ھەركەتلەرنى قانچىلىك قاتتىق باستۇرغان بولسا، ئىككىنچى بىر ئىنقىلاپنىڭ تېخىمۇ جانلىق تورەلمىسى پەيدا بولۇپ يېتىلەتتى، ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەت دېموكراتىيىنى قانچىلىك دەھشەتلىك بوغسا، ئەمگەكچى خەلق دېموكراتىيىگە، ئازاتلىققا شۇنچە كۈچلۈك تەقەززا بولاتتى.

ياڭ، جىن زالىملىرى ھوكۇمرانلىق قىلغان دەۋرنى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىغا جەملىگىلى بولىدۇ:

1 - ھوكۇمەت چىرىك، ئەمەلدارلار ئومۇمىيۈزلۈك خىيانەتچى، راھەت پەرەس، تولىسى ئەپيۇنكەش ۋە ئىقتىدارسىز ئىدى؛

2 - ئىجتىمائى ھايات، قالاق، خوراپاتلىقنىڭ ئىس-تۈتەكلىرى ھەممىلا يەرنى قاپلىغان. مەدەنى - مائارىپ، قاتناش - ترانسپورت ئىپتىدائى ھالەتتە بولۇپ تەرەققىياتتىن سوز ئاچقىلى بولمايتتى؛

3 - ھەربى قىسىملاردا قىمارۋازلىق، ئەپيۇنكەشلىك ئەۋج ئالغان. قىمارغا، ئەپيۇنگە پۇل تېپىش ئۈچۈن ئوغرىلىق، ئاشكارا بۇلاڭچىلىق ئىشلىرى دائىم كورۇلۇپ تۇراتتى؛

4 ـ يەرلىك بەگلەر ئالۋاڭ-ياساقنى، باجنى ئۆز ئىختىيارىچە ئېغىرلىتىپ خەلقنى زارلىتاتتى، مەسىلەن: ناھىيىلىك ھوكۇمەتتىن مىڭ چارەك ئالۋاڭ چۈشسە، بەگلەر يۇرتتىن 1500 ياكى 2000 چارەك ئاشلىق يىغىۋالاتتى. دولەت بېجىنى كوتىرە ئېلىۋالغان بايلار ئوز مەيلىچە كوپەيتىپ يىغىپ خەلقنى قاخشىتاتتى. ئەشۇنداق ئۇسۇل بىلەن زۇلۇم قەۋەتمۇ ـ قەۋەت ئېغىرلىشاتتى.

5 ـ قۇمۇل ۋاڭىنىڭ زۇلمى تېخىمۇ چېكىدىن ئاشقان ئىدى. قۇمۇل ۋاڭىنىڭ دىخانلارنى ئېيىغا 5 كۈنھەقسىز ئىشلىتىش تۇزۇمى بىلەن چارۋا رايونىدىكى "تومۇر قوي" تۇزۇمى قۇمۇل خەلقلىرىنىڭ جېنىغا تەككەن ئىدى؛

6 ـ قۇمۇل خەلقىنىڭ كوڭلىدە تومۇر خەلپىنىڭ مەغلۇپ بولۇشتىكى ئاچچىق ساۋىغى بار ئىدى. تومۇر خەلپىنىڭ قوزغىلىڭىنى قانلىق باستۇرغان ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتكە قارىتا خەلقنىڭ غەزىۋى ـــ خەپ توختىسى كۈچلۇك ئىدى. شۇ سەۋەپتىن قۇمۇل دىخانلىرى ئوتتۇرىسىدا قايتا بىر ئىنقىلاۋىي ھەركەت قوزغاش پىلانى ۋە ئىدىيولوگىيە جەھەتتىكى تەييارلىقلار پىشىپ يېتىلمەكتە ئىدى.

ئىجتىمائىي ئەھۋالنىڭ شۇنداق بولغانلىقىدىن خەۋەرسىز بولغان ئەكسىيەتچى ھوكۇمەت، قۇمۇل خەلقلىرىنىڭ جېنىغا تېگىدىغان تېخىمۇ ئەسكى ئىشلارنى قىلىشقا باشلايدۇ. مەسىلەن: جىن شۇرېن ھوكۇمىتى شامەخسۇتنىڭ ئوغلى نەزەر ۋاڭنى ئۇرۇمچىگە چاقىرتىپ ئاتاقتا ئولكىلىك ھوكۇمەت مۇشاۋىرى دەپ ئەمەلىيەتتە نەزەر بەنت قىلىپ ۋاڭلىق ھوقۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، قۇمۇلنى ئۈچ نا-

ھەممىگە بولۇپ ئىدارە قىلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزدۇ ۋە بۇ ناھىيىلەرگە جىن شۇرېن ئۆز ئادەملىرىنى ئامبال قىلىپ تەيىنلەيدۇ. بۇ يېڭى ئامباللار خەلقنى ئۆز مەي- لىچە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشقا باشلايدۇ. يەر تۈزۈمىدە ئىسلاھات يۈرگۈزدۇ. تېرىلغۇ يەرلەرنى قايتا مولاش (ئۆلچەش) ئىشلىرىنى يۈرگۈزدۇ. دىخانلارنىڭ مول خېتى- دىن ئارتۇق چىققان يەرلەرنى تارتىۋېلىپ 1930 - يىلى 1 - تۈركۈمدە چىققان 20 ئۆيلۈك، 2 - تۈركۈمدە چىققان 40 ئۆيلۈك خەنزۇ كوچمەنلەرگە تەقسىم قىلىپ بېردۇ. بۇ كوچمەنلەر ئاساسەن جىن شۇرېننىڭ ئەجداتلىرى ئىدى، ئۇلارغا ئوبدان يەرلەرنى، سۇنىڭ باش تەرىپىنى بەرگەن- دىن تاشقىرى، يەرلىكلەرنىڭ ئات - كالا ۋە باشقا دىخان- چىلىق سايمانلىرىنىمۇ ئېلىپ بېرىشتەك ئىشلارنى قىلىدۇ. بۇنداق ئىشلارغا نارازى بولغان خەلق يۇقۇرىغا ئەرز- شىكايەت قىلىدۇ. ھوكۈمەت تەرەپ بۇ ئىشقا كوڭۈل بولمەيدۇ.

شۇنىڭدەك يەرلەرنى قايتا ئۆلچەپ، دەرىجىسىنى كوتورۈپ غەللە - پاراق ئالماقچى بولغاندا، يەرلىك دى- خانلاردىن 2 يىل ئالدىغا سۈرۈپ يەنى 1928 - يىلىدىن ھىساپلاپ غەللە پاراق ئالماقچى بولسا، ھېلىقى كوچمەن- لەردىن 2 يىلغىچە غەللە - پاراق ئالمايدىغان بولىدۇ. بۇ ئادالەتسىزلىككە دىخانلار ئومۇمىيۈزلۈك نارازى بولغاندا، بېسىم ئىشلىتىش ئۈچۈن كوپلەپ ھەربى قىسىمە- لارنى ئەۋەتىپ مۇھىم ئورۇنلارغا مەسىلەن: تاشۋېلىق، خوتۇنتام، ئاراتوروك، بارىكول، قۇمۇل قاتارلىق ئورۇن-

لارغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. شۇنىڭدەك نوم، ئازغانبۇلاق، شوپۇل،
باي، ئـارا تورۇك، تۇركول قاتارلىق جايلارغا جىسـاجۇي
(باجخانا) قۇرۇدۇ ۋە ئەسكەر تۇرغۇزىدۇ. قۇرۇلغان ھەر-
بى - مەمۇرى قۇرۇلمىلاردىكى ئەمەلدارلار دىخانلار ئىچىگە
ئارىلىشىپ، خەلقنىڭ دىنىي، مىللى ئورپ - ئـادەتلىرىگە
تېگىپ، بىھورمەتلىك ئىشلارنى سادىر قىلىشقا باشـلايدۇ.
ھەربىلەر ئىنتىزامسىزلىق ۋە زوراۋانلىق ئىشلارنى كوپـ
لەپ پەيدا قىلىپ خەلقنىڭ قارشىلىغىنى قوزغايدۇ.

بولۇپمۇ شوپۇلدا تۇرۇشلۇق ھەربى بـاشلىق جاڭ كا-
جاڭ، خەلق ئىچىگە ئارىلىشىپ، مـەشرەپ - ئويۇنلارنى ئۇ-
يۇشتۇرۇپ، خوتۇن - قىزلارنى ئۇسۇلغا سېلىپ ئاياق ئاسـ
تى قىلىدۇ. يەنە بىر مەلۇماتقا قارىغاندا جـاڭ كـاجـاڭ
ئوزىگە 100 مو يەرنى تەۋە قىلىۋېلىپ يەرلىكتىن ئويلەنـ
مەكچى بولىدۇ - دە، ئابدۇللا ئىسىملىك بىر ئـۇيغـۇرنىڭ
قىزىنى خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولىدۇ. بـۇ ئىش قـۇمـۇل
خەلقىنىڭ جېنىغا قاتتىق تېگىدۇ. بۇ توغرىدا ئابدۇنىياز
مىراپ، سالىدورغا قاتارلىق باشلىقلار مەسلىھەتلىشىپ قىزنى
بەرمەكچى بولىدۇ. جاڭ كاجاڭ 32 نەپەر ئەسكىرى بىلـەن
توي بولىدىغان ئويگە بېرىپ، ھوجرا ئويگە كىرگەندە قىز
قىلىپ ياساپ قـويغان ئىمىن ئىسىملىك يىگىت جاڭنى
جايلاپ تاشلايدۇ. مىلتىقلىرىنى توپلاپ قـويۇپ بـەخۇدۇك
زىياپەت يەۋاتقان چېرىكلـەرنىڭ مىلتىغىنى، ئـالـدىـن
بەلگىلەپ قويغان يىگىتلـەر بېسىپ كىرىپ تـارتىۋېلـىپ
32 چېرىكنى بىرنى قاچۇرماي يوق قىلىدۇ. مانا شـۇنىڭ
بىلەن قۇمۇل دىخانلار قوزغىلىڭى بـاشلىنىدۇ. بۇ 1931 -
يىلى 3 - ئاينىڭ 11 - كۈنى بولغان ئىش.

خوجا نیازهاجی



خوجانىياز ھاجى پاكار، دوغىلاق، كەڭ يەلكىلىك، كۆچلۈك، ئىتتىك ئادەم ئىدى. قويۇق ساقاللىرى چاچراپ تۇرىدىغان، قويۇق قاشلىرى تىك ئۆسكەن، ئوت كوزلۈك، چىچەن، مىجەزى چۇرس، ئاچچىغى تېز كېلىدىغان، كەس-كىن، ئەمما ئاددى - ساددە، گەپ-سوزى ئۇدۇل، جۇرئەتلىك بولۇپ، ئادەتتە «لومودى، ئىنىنەڭنى، مۇرتەت» دىگەندەك يەرلىك سوزلەرنى كوپرەك قوللىنىدىغان ئادەم ئىدى.

قۇمۇل تاراتۇ تېغىدىن مەمەت نىياز ھاجىنىڭ 4 ئوغلى بولۇپ، 1 - سى خوجانىياز ھاجى؛ 2 - سى باقىنىياز ھاجى، 3 - سى قۇربان سوپا ھاجى، 4 - سى يارى قارى ئىدى. خوجانىياز ھاجى ئەسلىدە 1907 - يىلىدىكى تور-پاقلار قوزغىلىڭى 1912 - يىلىدىكى تومۇر خەلپىنىڭ قوز-غىلىڭىنى قوللاپ قويغانلىقتىن قۇمۇلدا تۇرالماي چەتكە چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. گۇچۇڭ، مورى، ئالتاي، بورىتالا قاتارلىق جايلاردا ئىسھاق دىگەن نام بىلەن بىر نەچچە زامان يۇرىدۇ. قىزىلتۇزدىن بورىتالاغىچە بولغان ئارىلىقلاردا ئاۋ قىلىپ بوكەن، بۇغا مۇڭگۈزى قاتارلىقلارنى بورىتالا تەرەپلەرگە ئېلىپ بېرىپ ساتىدۇ. شۇ ئوتتۇردىكى شىر موللا دىگەن كىشىلەر بىلەن تونۇشۇپ، بېرىش - كېلىش قىلىدۇ.

بۇ جەرياندا قۇمۇل ۋاڭى، خوجانىياز ھاجىنىڭ چوڭ ئويىگە قاتتىق بېسىم ئىشلىتىدۇ. بۇ توغرىدا قۇ-مۇلدىكى تۇققانلار توقسۇندىكى نىياز شېئىزۇ (يېرىم نا-ھىيە باشلىقى) غا خەت ئەۋەتىدۇ. نىياز شېئىزۇ خوجا-نىياز ھاجىغا خەۋەر قىلغاندا خوجانىياز ھاجى بۇنى ئاڭ-لاپ توقسۇنغا كېلىپ نىياز شېئىزۇنىڭ مەسلىھەتى بىلەن

قۇمۇل ۋاڭغا سوغات قىلىش ئۈچۈن تاللاپ تۇرۇپ ئىنىكى دانە ياخشى ئات ئېلىپ قۇمۇلغا قايتىدۇ. ئاتلارنى ۋاڭغا تارتۇق قىلغاندىن كېيىن ۋاڭ ئۇنىڭ گۇنايىدىن ئۆتۈپ يەنە ئوردىدا خىزمەت بېرىپ 200 نەپەر ئوردا موھاپىزەتچى چېرىكلەرگە باشلىق قىلىپ تەيىنلەيدۇ. بەزەن كىشىلەر ئوردىدىكى 200 نەپەر تاغچىلارغا نىياز ئىسىملىك بىر كىشى باشلىق، خوجانىياز ھاجى مائاۋدىن باشلىق ئىدى دەپ مەلۇمات بېرىدۇ. مەيلى قانداق بولمىسۇن خوجانىياز ھاجى مەرگەنلىكتە شۆھرەت قازانغان، قۇمۇل ۋاڭغا يېقىن قالغان بىر ئادەم ئىدى. خوجانىياز تۇرپان مەدرىسەسىدە ئىسھاق نامى بىلەن ئوقۇۋاتقاندا قۇمۇل ۋاڭ بىلىپ قالىدۇ. بۇنداق خەۋپ ئاستىدا خوجانىياز ھاجىنىڭ ئانىسى خوجانىياز ھاجىنى ھەرەمگە بىللە ئېلىپ كېتىدۇ. ئۇلار ھەرەمگە 1907 - يىلدا بېرىپ 1912 - يىللىرى قايتىپ كېلىدۇ.

قۇمۇل دېخانلار قوزغىلىڭى پارتلاش بىلەن تەڭ ھەر قايسى تاغلاردىكى دېخان - چارۋىچىلار ھەركەتكە كېلىدۇ. مەسىلەن: سالى مەمەتنىياز دورغا باشچىلىقىدىكى خەلق قوزغىلىپ ئازغان بۇلاق، شوپۇل، قاراموقچى قاتارلىق جايلاردىكى جىساجۇيلارنى ئىشغال قىلىدۇ؛ ئاراتۈرۈك دائىرىسىدە، ئابدۇنىياز مىراپنىڭ باشچىلىقىدا خەلق قوزغىلىپ ئاراتۈرۈك، باي، تۇركول جىساجۇيلىرىنى ئىشغال قىلىدۇ؛ باي تەرەپتە چېگرا مۇداپىئەسىدە تۇرغان ئوردا ئەسكەرلىرى ئابدۇل دۇيجاڭ (ئادارىن دەپمۇ ئاتايتتى.) نىڭ باشلامچىلىقىدا 77 نەپەر قوراللىق ئەسكەرلەر قوزغىلاڭچىلارغا قوشۇلىدۇ؛ نوم تەرەپتە سالى دورغا، پازىل دورغا، سەدىن قورمال، ناسىر موتىيىپ قاتارلىقلار پۈتۈن نوم خەلقىنى

سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ قوزغىلاڭنى ئاكتىپ كېڭەيتىدۇ.
قوزغىلاڭ كوتۈرۈلگەنلىگىنى ئاڭلىغان تىيـانشان رايـونى ئېرىنىكىر. تۇراي، تومۇرتى قاتارلىق جايلاردىكى خـەلقلەر ئاۋۇت مىراپنىڭ باشلامچىلىغىدا ئۈيۈشۈپ قوزغىلاڭغا قاتـنىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ دىخانلار قوزغىلىڭى پۈتۈن قۇمۇل تاغلىرىنى قاپلايدۇ.

بۇچاغدا خوجانىياز هاجى غەربىي تاغنىڭ قوماندانى بولۇپ ئۇرۇمچى - قۇمۇل يولىنى توساۋاتاتتى.

## يولۋاس ۋە خوجانىيازهاجى

قۇمۇل ئىنقىلاۋىدا، يولۋاس ئۆزىنىڭ ئىككى يۈزلىـمىلىك ۋەشەخسى مەنپەئەت پەرەسلىكى بىلـەن ئىنتىمپاقـسىزلىق، بولگۈنچىلىك قىلىش جـەھەتتە مۇھىم سـالماقنى ئىگـەللەيدۇ. بـۇ توغرىدا قىسقىچـە توختۇلۇش كېيىنكى باپلارنى يورۇتۇشتا ئەهمىيەتكە ئىگە.

يولۋاس ئەسلىدە بازار بېگى هەمدە ئوردا مۇهاپىـزەتچى ئاتلىق بىردىگـادىنىڭ بـاشلىغى ئىـدى. قـوزغىلاڭ پارتلاپ، تۈنجى غەلىبىلەرگە ئېرىشكەن هامان، بېشىرۋاڭ بىلەن يولۋاس ئىككىسى دىخانلار قوزغىلىڭىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەپ يوشۇرۇن رەۋىشتە قوزغىلاڭچىلارغا ئىككى ساندۇق ئوق، 2-3 يۈز ئاتلىق تاقا ئەۋەتىپ بېرىدۇ. قۇمۇل شەهـرىگە هۇجۇم قىلغاندا ئۇزلىرىنىڭ شەهەر ئىچىدىن مـاسـلىشىدىغانلىغىنى بىلدۇرىدۇ.

ئاز كۈن ئۆتمەي يولۋاس ئىككى پارچە خەت ئەۋەـ

تىدۇ، ئۇنىڭ بىرسى: قۇمۇل سېلىقى جۇرۇيچىش شىڭشىڭشيادىكى جاڭ تۇەنجاڭنىڭ پولكىنى يېتەكلەپ كېلىپ قۇمۇلنى مۇداپىئە قىلماقچى بولغانلىقىنى؛ مورىدىكى گۇەن دىشىڭ پولكىنى بارىكولگە يېتەكلەپ كېلىپ نومغا ھۇجۇم قىلماقچى بولغانلىقىنى؛ خې جىنكۇي، جاڭ لياڭچىنلەرنىڭ ئىككى پولك ئەسكىرى بىرلىشىپ دازىگۇغا ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇق قىلغانلىقىنى خەۋەر قىلغان خەت. ئىككىنچىسى ماجۇڭيىڭنى تەكلىپ قىلىشقا ئادەم ئەۋەتىش توغرىسىدا يازغان خەت. بۇ ئۇنىڭ ئىچىدىن ماسەلاشقانلىقىنىڭ بىر ئىپادىسى ئىدى. كېيىن جۇرۇيچىش قوزغىلاڭچىلار بىلەن سوھبەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ۋەكىل ئەۋەتكەندە يولۋاس ئۆزى توغرىسىدا قايغۇرۇپ، "جۇ سېلىك مەندىن گۇمانلىنىپ قالدى، مېنى ئەپقېلىپ قۇتۇلدۇرغان بولسىڭىزلار» دېگەن تەكلىپنى قىلغاندا دىخانلار باشلىقى باقىنىياز دورغا يولۋاس قاتارلىقلارنى قولغا ئېلىپ باغلاپ ماجۇڭيىڭنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا ئەۋەتىپ بېرىدۇ. ماجۇڭيىڭ ئۇنى قاماپ قويۇپ تاكى لياۋدۇڭ سوقۇشىدا پۇتىغا ئوق تېگىپ ئەنشىگە قايتىپ كەتكەن ۋاقىتتا قاماقتىن چىقىرىدۇ. قاماقتىن چىققان يولۋاس ئىلگىرىكى قىسىملىرىغا باشلىق بولۇپ شەرقىي تاغ رايونىنىڭ (قورايىنىڭ) قوماندانى بولىۋالىدۇ. شۇ يىل ئۇسۇلدا دىخانلار قوزغىلىڭىغا كىرىۋالغان يولۋاس بېشىرۋاڭنى ئۆتتۈرىغا كۆتۈرۈپ چىقىپ، باشباشتاقلىق قىلىدۇ. قوزغىلاڭچى قوشۇنلار ئىچىگە ئىختىلاپ سېلىپ بولغۇنچىلىك سالىدۇ ۋە قوزغىلاڭنىڭ مەقسىتىگە خىلاپ ھال-

دا ئىنتىزامغا ئېغىر بۇزغۇنچىلىقلارنى قىلىپ بۆلاك - تالاك ئىشلىرىنى يۈرگۈزىدۇ. ئۇرۇمچى تەرەپتىن ئىچكى ئولكىلەرگە كېتىۋاتقان تۈگە كارۋانلىرىنى بۆلاك-تالاك قىلىپ بىرىنچى قېتىمدا 300، 2 - قېتىمدا 400 توگىدىكى مال، بوغا مۇڭگۈزى، ئالتۇن، كۈمۈشلەرنى ئولجا قىلىپ ناچار تەسىر پەيدا قىلىدۇ. 1932 - يىلى 6 - ئايدىن باشلاپ خوجانىياز هاجى قۇمۇل دېخانلار قوزغىلىڭىنىڭ باش قوماندانى بولغاندا، يولۋاس باش قوماندانىنىڭ بويرۇقىغا بويسۇنماي شەرقىي تاققا (قورايغا) كىرىۋېلىپ بولگۈنچىلىك، پارچىلاش هەركەتلىرىدە بولىدۇ.

خوجانىياز هاجى باش قوماندان بولغاندىن كېيىن ئىنتىپاقلىشىپ جىن شۇرېن ئەسكەرلىرىگە زەربە بىرىش ئۈچۈن تاراتو يىغىنى چاقىرىدۇ. بۇ يىغىنغا، قۇرۋان دورغا سالى مەھەمەتنىياز دورغا، ئابدۇنىياز مىراپ، باقىنىياز دورغا، سالى دورغا، ناسىر موتىسىپ، يۈسۈپ دورغا، تولەن قورمال، توختىنىياز دورغا، نېرىنكىردىن توختىنىياز مىراپ، ئىمىن توخسۇن مىراپ، سادىق قورمال، خوجىنىياز باي، خوجاخۇن قاتارلىقلار قاتنىشىدۇ. بۇ يىغىندا 4 مەسىلە قارار قىلىنىدۇ:

1 - باش قوماندان خوجانىياز هاجىنىڭ قوماندانلىقىغا قەتئىي بويسۇنۇش، ئەگەر بويسۇنمايدىغانلار بولسا، ئۇنداقلارنى هەربىي ئىنتىزام بويىچە چارە كورۇش.

2 - سالى دورغا بىلەن باقىنىياز دورغىنى تاشقى موڭغولىيىگە ئەۋەتىپ قورال - ياراق سېتىۋېلىش ۋە تاشقى موڭغۇلىيىدىن ياردەم تەلەپ قىلىش.

3 - يولۋاسقا قاتتىق نەسىھەت بېرىپ ھۇندىن كېيىن چارچىلاش ۋە بولگۇنچىلىك قىلمىاسلىق ئۈچۈن قۇرئان تۇتقۇزۇپ قەسەم ئىچىش.

4 - ماجۇڭيىڭنى قايتا تەكلىپ قىلىپ قۇمۇل يولىدىكى جىن شۇرېن ئەسكەرلىرىگە ئالدى تەرەپتىن تاقابىل تۇرۇش، خوجانىياز ھاجى ئارقا يول بىلەن تۇرپانغا ئۆتۈپ ئارقا تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىش.

بۇ يىغىندىن كېيىن تاشقى موڭغۇلىيىگە، سالى دورغا بىلەن باقىنىياز دورغا، ئەنشى تەرەپكە: شاقورمال، مالىكاك، ئوسمانشا، باقىنىياز، روزاخۇن، ئىسمايىل داتۇ، ياۋداچاك (نىياز شېرىپ) لار ۋەكىل بولۇپ يولغا چىقتى.

تارا تۇ يىغىنىنىڭ قارارىغا بىنائەن تاشقى موڭغۇلىيىدىن چاپسانلا ئىنكاس كەلدى. جاڭسىن دورغا، ئاباۋ، نىياز، قاسىم ئەپەندى، ئىسمايىل، زوردىن قاتارلىقلار تاشقى موڭغۇلىيىدىن كېلىپ قۇمۇل دىخانلار قوزغىلىڭىنى قوللاپ، ياردەم بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇ قېتىمدا 500 كىشىلىك ھەربى كىيىم، 70 تال مىلتىق، 40 مىڭ سەر پۇل ياردەم بەردى.

جاڭسىن دورغا خوجانىياز ھاجى بىلەن كورۈشۈپ ئىتتىپاقلىقنى كوپرەك تەكىتلەيدۇ: "40 بېشى، بىر تېنى جار يىلان يولدا كېتىۋاتسا ئۇ تەرەپتىن بىر ماشىنا كېلىپ قەپتۇ، ماشىنا كېلىۋاتىدۇ. بىز چەتنەپ بىرەيلى دىسە، ھەر قايسى باش ئوز ئالدىغا پىكىر قىلىپ، بىرسى بىرسىنىڭ سوزىگە كىرمەي تۇرغاندا ماشىنا كېلىپ يىلان-

نى دەسسەپ مىجىپ تاشلاپتۇ. يەنە بىر 40 تېنى بىر بې-
شى بار يىلان ماشىنىنى كۆرۈپ دەرھال يولدىن چەتنەپ
بەرگەن ئىكەن. ئۇ يىلان ئامان قەپتۇ، دېگەن مىسال-
نى كورسۇتۇپ ئىتتىپاق بولۇشنى تەكىتلەيدۇ. ئوزىمۇ بىر
قانچە قېتىملىق ئۇرۇشلارغا قاتنىشىپ كوروپ قايتىپ
كېتىدۇ.

لېكىن يولۋاس ھامان ئىككى يۈزلىمىلىك قىلىپ
بولگۇنچىلىك، ئىتتىپاقسىزلىق قىلىدۇ. ئۇ تىزلاراق ماجۇڭ-
يىڭغا مايىل بولىدۇ. ماجۇڭيىڭ چىقماستىن ئىلگىرى شەر-
قىي تاغدا تۇرۇپ بىر تەرەپتىن خوجانىياز ھاجىغا خەت
ئىۋەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇرۇمچىدىكى جىنشۇرېنغا
خەت ئىۋەتىپ قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئەھۋالىدىن مەلۇمات
بىرىدۇ. ئىشەكچىلەرنىڭ باشلىغى مامۇت شاڭيو دېگەن
ئادەمدىن ئەشۇنداق ئىككى خىل خەت يېزىپ ماڭدۇرۇپ
جىنشۇرېننى كېپىلەپ ئەسكەر ئىۋەتىپ قوزغىلاڭنى باستۇ-
رۇشنى تەلەپ قىلغان. مامۇت شاڭيونىڭ ئىككى خىل خەت
ئىلىپ ماڭغانلىقىنى خوجانىياز ھاجى سېزىپ قىلىپ،
ئاخۇنتىمۇر دېگەن ئادەمنى ئىۋەتىپ مامۇت شاڭيونى
ئاتتۇرۇپ تاشلىغان. دېمەك باشتىن ئاياق ئىككى يۈزلىمىلىك
يول تۇتۇپ پۈرسەتپەرەسلىك قىلىشقا ئادەتلەنگەن يولۋاس
ئاخىرقى ھېسابتا ماجۇڭيىڭ قارمىغىدا لۈيجاڭ بولدى.
ماجۇڭيىڭ ئۇرۇمچىگە ھۇجۇم قىلغاندا، ئۇ، تۇرپاندا تۇ-
رۇپ ئەسكەر توتۇش ۋە ئوزۇق - تولۇك يەتكۈزۈشتەك
ئارقا سەپ خىزمىتىنى ئىشلىدى. ماجۇڭيىڭ ئۇرۇمچى
ئەتىراپىدىن قاچقاندا تۇرپاندىن - قۇمۇلغا قېچىپ كېلىۋېلىپ

شىڭشىسەيگە تەسلىم بولدى. كېيىن ئۇنىڭدىنمۇ يۈز ئۆ-
رۈپ نەنجىڭگە بېرىپ جياڭجېيشىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى
ئاتتى. 46 - يىللىرى ئىچكىرىدىن شىنجاڭغا قايتىپ كې-
لىپ قۇمۇلغا ۋالىي ھەم سىلىڭ بولدى. 1950 - يىللارغا
كەلگەندە خەلق بىلەن ئاخىرغىچە دۈشمەنلىشىپ شىزاڭ
ئارقىلىق تەيۋەنگە قېچىپ كەتتى.

## خوجانىياز ھاجى ۋە ماجۇڭيىڭ

ماجۇڭيىڭنىڭ كىملىگى ھەممە ئادەمگە ئايان.
1931 - يىلى ياز ئايلىرىدا قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى
كۆتۈرۈلۈپ قۇمۇل شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغان ۋاقىتلاردا، قۇمۇلدا
ليۇشىزىڭ قوماندانلىقىدا تۇرۇۋاتقان دۈشمەن قۇمۇل شەھ-
رىنى كۈچلۈك مۇداپىئە قىلغان ئىدى. تاغلىقلاردا بولسا
قورال - ياراق كەم بولغانلىقتىن بېشىر ۋاڭ ۋە يولۋاسنىڭ
تەشەببۇسى بىلەن ماجۇڭيىڭنى تەكلىپ قىلىپ قۇمۇل
شەھرىنى ئىشغال قىلماقچى بولىدۇ. شۇ يىللاردا مىللىتا-
رىست مابۇفاڭ تەرىپىدىن مەغلۇپ بولغان ماجۇڭيىڭ
سەددىچىنىنىڭ سىرتىغا چىقىپ قانداق قىلىشنى ۋە بارار
جايىنى تاپالماي تۇرۇۋاتقان پەيتتە قۇمۇل دېھقانلار قوز-
غىلاڭچىلىرى تەرىپىدىن ئۇنى ياردەم قىلىشقا تەكلىپ
قىلغانلىقى ئۇنىڭغا باغدەك ياراشقان ئىدى. قالدى - قات-
تى ئادەملىرىنى جەملەپ 500 دەك ئەسكەر بىلەن شىن-
جاڭغا قاراپ يولغا چىققان بولسىمۇ شىڭشىڭشياغا كەل-
گەندە ئاران 200 ئادىمى قالغان ماجۇڭيىڭ قىسمى-

لىرىدا بارى - يوقى 97 تال قورال بار ئىدى. قۇمۇلغا
چىقىپلا تاغلىقلار بىلەن ھەمكارلىشىپ شەھەرگە ھۇجۇم
قىلدى. قانچە قېتىم ھۇجۇم قىلىپ شەھەر دەرۋازىسىنى
پارتلىتىپ كورگەن بولسىمۇ، ئىچكىرىدىكى قىسىملىرى قۇم
خالتىلىرى بىلەن تام سېلىپ شەھەرنى قاتتىق مۇداپىئە
قىلدى. ماجۇڭيىڭ بىر قىسىم ئادەم ئاجرىتىپ بارىكولگە
ھۇجۇم قىلىپ قولغا چۈشۈرگەن 500 تالدەك قورال بىلەن
ئوزىنى قوراللاندۇردى، ئاندىن غەربىي تاغدىكى خوجا-
نىياز ھاجى بىلەن بىرلىكتە لياۋدۇڭدا ئۇرۇمچىدىن كې-
لىۋاتقان دۇگوجۇ بىرىگادىسىنى توساپ ئۇرۇش قىلغانىدا،
غەنىمەت چۈشكەن قوراللارنى ئوز ئالدىغا تارتىپ ئىچكى-
رىگە ئېلىپ كەتتى. بۇ ئۇرۇشتا خوجانىياز ھاجى جىق
چىقىمدار بولۇپ نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەتلەرنى تارتتى.
ھەتتا 6 - 7 ئادىمى بىلەن قېلىپ ئاتتىن ئايرىلىپ پىيادە
يول ماڭغان ۋاقىتلىرىمۇ بولدى، ماجۇڭيىڭ بولسا غەنى-
مەتنى كورۈپلا كوزى قىزىرىپ قورال - ياراقلارنى ئەنشى
تەرەپكە يوتكەپ كېتىپ ئوزىنىڭ ئىلگىرىدىكى مەغلۇپ بول-
غان ئەھۋالىنى ئوڭشاشقا كىرىشكەن ئىدى. قورال - ياراق
مەسىلىسىدە قىلچىمۇ ئادىل مۇئامىلە قىلمىدى. (مانا شۇ -
چاغدىلا خوجانىياز ھاجىنىڭ ماجۇڭيىڭغا نىسبەتەن نارازى-
لىقى پەيدا بولغان ئىدى.) 1932 - يىلى ئېچىلغان
تاراتۇ يىغىنىدا گەرچە ماجۇڭيىڭنى قايتا تەكلىپ قىلىش-
نى مۇزاكىرە قىلغان بولسىمۇ، بۇ پەقەتلا ئۇرۇش تاك-
تىكىسىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن ئىدى. يەنى قۇمۇل يولى-
نى توساپ ياتقان جىن شۇرېن ئەسكەرلىرىگە ماجۇڭيىڭ

ئالدى تەرەپتىن ھوجۇم قىلا، خوجانىياز ھاجى تۇرپانغا
چىقىپ ئارقا تەرەپتىن ھۇجۇم قىلماقچى بولغان ئىدى. بۇ
تەكلىپكە بىنائەن ماجۇڭيىڭ شۇ يىلى چىقىدى. ئۇ، ھە-
دەپ ئۆز جايىدا ئەسكەرلىرىنى رەتكە سېلىپ كېيىنكى
ئىشلارغا تەييارلىق قىلىۋاتاتتى.

1932 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئالدى بىلەن پىچان
ئۇرۇشى باشلانغاندا تۇرپان ئاستانىلىقلار خوجانىياز ھاجى
چىقىپتۇ دەپ ئاڭلاپ قوزغىلاڭنى ئاستانىدىن باشلىۋەتتى.
قوزغىلاڭچىلار تۇرپاننى ئىشغال قىلدى. 33 - يىلغا ئۆت-
كەندە توخسۇندىمۇ قوزغىلاڭ كوتۇرۇلۇپ قاراشەھەر، كورلىلاردا
غەلىبە قازاندى. شىڭشىسەي بۇ چاغدا قۇمۇل يولىدا ئىدى.
چاقماق تېزلىكىدە ھۇجۇم قوزغاپ قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرى-
نى باستۇرۇپ تاشلىدىم دەپ ئويلىغان شىڭشىسەي ئۇرۇم-
چى تەرەپكە تەلمۈرۈپ تۇراتتى. دەل شۇ ئايلاردا تۇرپان،
پىچان، توخسۇنلاردا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەنلىكتىن، بۇ ناھىيى-
لەردىكى قوزغىلاڭ ھەركەتلىرىنى باستۇرۇش ئۈچۈن قۇمۇل-
دىن - ئۇرۇمچى تەرەپكە قايتىدۇ، ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى
قايتىپ چىققاندا، تۇرپان، پىچان قوزغىلاڭچىلىرى دەل
پىچانغا ھۇجۇم قىلىۋاتقان چاغ ئىدى. قوزغىلاڭچىلار كۈچ-
لۈك دۈشمەن بىلەن ئىككى تەرەپتىن ئۇرۇش قىلىش
تەۋەككۈلچىلىك بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ قاراشەھەر
تەرەپكە چېكىنىدۇ. تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ باش قو-
ماندانى مەخسۇت مۇھىتى، پولات تۇەنجاڭنىڭ مۇھاپىزىتى
ئاستىدا خوجانىياز ھاجىنى تەكلىپ قىلىش ئۈچۈن قۇمۇل-
غا ماڭىدۇ. مەھمۇت مۇھىتى ۋە ماشىنىلار قاراشەھەرگە

قاراپ كېتىدۇ. شىڭشىسەي قىسىملىرى موشۇ پۇرسەتتە
پىچان، لۈكچۈن، توخسۇنلاردا دەھشەتلىك قىرغىن يۈرگۈ-
زۈپ بىر قانچە مىڭ بىگۇنا پۇقرانى ئۆلتۈرۈپ پۈتۈن
يۇرتنى قانغا بوياپ تاشلاپ، ئاندىن ئۈرۈمچى تەرەپكە
قايتىدۇ.

1933 - يىلى 2 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا خوجانىياز-
هاجى تۇرپاننى چىقتى. بۇنى ئاڭلىغان شىڭشىسەي پىچان-
دىن ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرىنى لوكچۈنگە ئىۋەتىپ خوجا
نىياز هاجى بىلەن ئۇرۇش قىلدى. بۇ چاغدا خوجانىياز-
هاجى لۈكچۈننى تاشلاپ دىغاي تەرەپكە چېكىنىپ تەييارلىق
كورۇپ تۇرغاندا مەھمۇت موھىتى قارا شەھەردىن قايتىپ
كېلىپ بىرلىشىدۇ. بۇ ئىككى رەھبەر مەسلىھەتلىشىپ 4-
ئايدا كۆكيار ئارقىلىق موري، گۇچۇڭ تەرەپكە ئوتۈپ
ئۈرۈمچىگە هۇجۇم قىلماقچى بولىدۇ. مانا شۇ چاغدا ما-
جوڭيىڭ 2 - قېتىم شىنجاڭغا چىقىدۇ ۋە گۇچۇڭنى ئىشغال
قىلىپ بىر قانچە مىڭ تال قورال - ياراق غەنىيمەت ئا-
لىدۇ، خوجانىياز هاجى جىمسارغا هۇجۇم قىلىپ دۈشمەن-
نى قورال تاپشۇرۇشقا مەجبۇر قىلغاندا، ماجوڭيىڭ ئاس-
تىرتتىن مۇناسىۋەت باغلاپ كىچىسى ئەسكەر ئىۋەتىپ
2 مىڭ تالغا يېقىن قورالنى ئېلىپ كېتىدۇ. خوجانىياز-
هاجىنىڭ سوزى بىلەن ئېيتقاندا ماجوڭيىڭ قورال -ياراق-
نى كورۇپ كوزى قىزىرىپ قالغان ئىدى. ھەممە قورال-
نى ئوز نەپسىگە تارتىپ ئەسكىرى كۈچىنى كوپەيتكەنلى-
گىنگە قاراپ ماجوڭيىڭدا باشقىچە غەرەز بارلىقىنى چۈشەن-
گەن خوجانىياز هاجى قاتتىق نارازى بولىدۇ. دەل شۇ

ۋاقىتتا شىڭشىسەي ھوكۇمىتى بۇ ئىككى كۇچىنىڭ ئوت-
تۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن پايدىلانماقچى بولىدۇ. شۇڭا جەم-
سارىدىكى خوجانىياز ھاجىغا ئەكبەر بىلەن مەھمۇت خوجىنى،
گۇچۇڭدىكى ماجۇڭيىڭغا ۋۇئەيچىن باشچىلىغىدىكى ۋەكىللەر
ئۇمىگىنىنى ئىۋەتىدۇ. خوجانىياز ھاجى بۇ يەردە سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇمچىدىكى كونسۇلىستىۋاسىنىڭ ئادى-
مى مەھمۇت خوجىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ۋاكالىتەن
قىلغان سوزلىرىگە قۇلاق سالىدۇ ۋە ئۇنى قوبۇل قىلىدۇ.
مەھمۇت خوجا شۇنداق دىگەن ئىدى: "مەن سوۋېت كون-
سۇلخانىسىغا ۋەكىل بولۇپ كەلدىم. ماجۇڭيىڭ بەرى بىر
يېقىتىلىدۇ. ماجۇڭيىڭ ياپون جاھانگىرلىگىنىڭ قويرۇغى.
ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇش ھەر قانداق كىشىنى ھالاكەت-
كە ئېلىپ بارىدۇ."

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىگە، قوللاپ - قۇۋۋەتلى-
شىگە ئىگە بولۇپ كېلىۋاتقان قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرى
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانى-
سىنىڭ سوزىنى ئاڭلاپ شىڭشىسەي ھوكۇمىتى بىلەن
دوستلۇق دوگوۋور تۇزىدۇ. دوگوۋورغا ئاساسەن جەنۇبىي شىن-
جاڭغا ئوتىدۇ. بۇ 1933 - يىلى 6 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى
بولغان ئىش. بۇ چاغدا شىڭشىسەي 12 - ئاپرېل ئوزگى-
رىشى قىلىپ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىۋالغان، سوۋېت
ئىتتىپاقى بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورناتقانغا 3 ئاي
بولغان ئىدى.

## خوجانىياز ھاجىنىڭ قەشقەرگە بېرىشى ۋە ساۋۇت دامولّىنى قولغا ئېلىشى

خوجانىياز ھاجى شىڭشىسەي بىلەن دوستلۇق كېلىشىم تۈزۈپ جەنۇبىي شىنجاڭغا قاراپ ماڭغاندا، ئۇششاق تالدا، ماشىمىڭ قىسىملىرى بىلەن بىر مەيدان ئۇرۇش قىلدى. بۇ ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان خوجانىياز ھاجى قاراشەھەردىن ئۆتۈپ كۇچار تەرەپكە قاراپ ماڭدى. مەغلۇپ بولغان ماشىمىڭ باغراش كۆلى ئارقىلىق تۇرپان تەرەپكە ئۆتۈۋېلىپ مافۇيۈەنگە 3 تۈمەن ئەسكەر بىلەن خوجانىياز ھاجى قىسىملىرىنى قوغلاشقا، قەشقەرگە بېرىپ قەشقەر يېڭىشەھەردە مۇھاسىرىدە قالغان ماجەنساڭنى قۇتقۇزۇشقا بۇيرۇق بەردى. شۇنىڭ بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭدا گويا خوجانىياز ھاجى قاچقان، مافۇيۈەن قىسىملىرى قوغلىغان بىر ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى.

ئەمەلىيەتتە مافۇيۈەننىڭ ئەسكىرى كۈچى ئون نەچچە ئاپتوموبىلغا سىغىدىغان پىيادە ئەسكەر بىلەن بىر قانچە يۈز ئاتلىق ئەسكەردىن ئىبارەت بىرەرمىڭ كىشىلىك قوشۇن ئىدى. خوجانىياز ھاجىنىڭ قول ئاستىدا 2-3 مىڭدىن ئارتۇق ئاتلىق ئەسكەر بار ئىدى. ئەگەر راۋۇرۇس سوقۇش قىلىدىغان بولسا مافۇيۈەن قىسىملىرىنى تۇسۇپ قويۇش ياكى يوق قىلىۋېتىش تامامەن مۇمكىن ئىدى. خوجانىياز ھاجى سوقۇش قىلماستىن قەشقەر تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

خوجانىياز ھاجى ئاقسۇدا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ھەربىي قورال - ياراق ياردەم ئالدى. ئەسكەر سانىمۇ كۆپ ئى-

دى. ئاقسۇغا خوتەن قىسىملىرى، قەشقەردىن تومۇرسىجاڭ-
دىن قالغان قىسىملار، ئاقسۇدىكى باي سىجاڭنىڭ ئەسكەر-
لىرى بولۇپ ئاز ئىلام 5 - 4 مىڭ كىشىلىك كۆچ توپلانغان،
قورال - ياراق، ئوق - دورا تولۇقلانغان ئىدى. ئاقسۇ
قارا يۇلغۇندا مافۇيۇەن قىسىملىرىنى توساپ زەربە بەر-
مەكچى بولدى. بىراق ئۇرۇشنىڭ باشلانىشىدا باي سى-
جاڭغا ئوق تېگىپ ئۆلدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇرۇش-
نى داۋام قىلدۇرالماستىن ئۇچتۇرپان قاخشال يولى بىلەن
قەشقەرگە يۈرۈپ كەتتى. خوجانىياز ھاجى قەشقەرگە بېرىش-
قا ئالدىرايتتى. چۈنكى شۇ ۋاقىتلاردا (1933 - يىلى 11-
12 - ئايلاردا) قەشقەر ۋەزىيىتى ئىنتايىن مۇرەككەپ بو-
لۇپ كەتكەن ئىدى. بولۇپمۇ ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىنىڭ
تومۇر سىجاڭنى ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقىغا خاپا بولغان ئىدى.
قەشقەرگە تېز يېتىپ بېرىپ ئىنتىقام ئېلىشقا ئالدىرايتتى.
يەنە بىر تەرەپتىن ساۋۇت داموللا باشچىلىقىدا «شەرقىي
تۈركىستان ئىستىقلال جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلۇپ ئىشنى مۇرەك-
كەپلەشتۈرۈۋەتكەن ئىدى. خوجانىياز ھاجى قەشقەرگە يېتىپ
بېرىپلا يېڭى شەھەردىكى ماجەنساڭ قىسىملىرىغا ھۇجۇم
قوزغىدى. ئۇرۇش ئۇزۇنغا سوزۇلدى ۋە شىددەتلىك بولدى.
شۇ ئەسنادا ئاقسۇ تەرەپتىن مافۇيۇەن قىسىملىرى قەشقەرگە
يېقىنلاپ كېلىپ ھۇجۇم باشلىدى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپلا
ئۇرۇمچى تەرەپتىن مەغلۇپ بولۇپ چېكىنگەن ماجۇڭيىڭنىڭ
چوڭ قوشۇنلىرىمۇ ئارقىمۇ - ئارقا يېتىپ كەلدى. شۇ سە-
ۋەپتىن بىر مەزگىل قەشقەرنى بوشۇتۇپ بېرىشكە توغرا
كەلدى. خوجانىياز ھاجى ئاتۇش ئارقىلىق ئەركەشتامغا
باردى. مەھمۇت سىجاڭ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ يېڭىسار،

يەكەن تەرەپكە كەتتى. ماجۇڭيىڭنى قوغلاپ كەلگەن سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى مارالۋېشىغىچە كېلىپ توختاپ قالدى. قىسمەن مەلۇماتلارغا قارىغاندا قەشقەردە ئىنگلىز ۋە باشقا ئەللەرنىڭ كونسۇلخانىلىرى بولغاچقا ئېھتىيات يۈزىسىدىن توختاپ قالغانمىش.

خوجانىياز ھاجى ئەركەشتامدا تۇرغان بىر ئايدەك ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىلغان. كۆپلىگەن ھەربى - مەمۇرى ئەرباپلار كېلىپ خوجانىياز ھاجى بىلەن سەمىمى كۆرۈشكەن. (قايسىلا ئەرباپ كۆرۈشكەندە خوجانىياز ھاجىنىڭ ھەممە ئىشىنى ماختاپ كۆككە كۆتەرسە، ساۋۇت داموللا ھۆكۈمىتىگە پەخرى "رەئىس جۇمھۇر" بولغانلىقىنى ئەيىپلەپ سۆز قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شىڭشىسەي ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچىدىن تېلېگىرام - ئالاقىلار ئەۋەتىپ ساۋۇت داموللىنى قولغا ئېلىش ۋە «شەرقى تۈركىستان ئىستىقلال جۇمھۇرىيىتى» ھۆكۈمىتىنى تارقىتىۋېتىش توغرىسىدا بۇيرۇق قىلاتتى. خوجانىياز ھاجى ساۋۇت داموللا ھۆكۈمىتىنىڭ باشباشتاقلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ يەكەن تەرەپتە تۇرۇۋاتقان مەھمۇت سىجاڭغا ساۋۇت داموللىنى قولغا ئېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. مەھمۇت سىجاڭ، غوپۇر تۈەنجاڭغا بۇيرۇق چۈشۈردى. غوپۇر تۈەنجاڭنىڭ ئادەملىرى بېرىپ ساۋۇت داموللىنى قولغا ئالدى.) دەل شۇ ئاخشىمى قولغا ئېلىش ئۈچۈن بارغانلاردىن بىر كىشى ھازىرمۇ ھايات بار. بۇلار ساۋۇت داموللىنىڭ يېنىنى ئاختۇرغاندا 10 سوماۋۇق تىللادىن 12 سى چىققانلىقىنى ئېيتىپ بېردۇ. خوجانىيازھاجى ئەركەشتامدىن يەكەنگە كەلگەندە ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى

قۇتراپ يەنە ھۇجۇم قىلىشقا ئاتلىنىدۇ. بۇ چاغدا خوجانىياز ھاجى ۋە مەخمۇت سىجاڭلار يەكەن دەرياسىنى بويلاپ ئاقسۇغا كېلىدۇ. خوجانىياز ھاجى جەنۇبىي شىنجاڭ باۋۇبىي زۇڭسىلىك (گارنىزون قوماندانى) ئۇنۋانى بىلەن ئاقسۇدا بىر مەزگىل تۇرىدۇ. بۇ چاغدا، ماجۇڭيىڭ بىر قىسىم ئادەملىرى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ قالدۇق ئەسكەرلىرى ماخۇسەن باشچىلىقىدا خوتەن تەرەپكە چېكىنىدۇ. شىڭشىسەي ھۆكۈمىتى بىلەن ۋاقىتلىق كېلىشىم تۈزۈپ پوسكام ناھىيىسىنى بېتەرەپ رايون قىلىپ پوسكامنىڭ ئۇ تەرىپىدە ماخۇسەن، پوسكامنىڭ بۇ تەرىپىدە شىڭ شىسەي قىسىملىرى تۇرىدۇ، قەشقەردە شىڭ شىسەي ئىشەنگەن لىيۇبىڭ دېگەن كىشى جەنۇبىي سىلىڭ (گارنىزون قوماندانى)، مەھمۇت سىجاڭ بولسا جەنۇبىي فۇ سىلىڭ (مۇئاۋىن گارنىزون قوماندانى) قوشۇنچە 6 - دىۋىزىيىنىڭ سىجاڭى بولىدۇ. ساۋۇت داموللىنى ئاقسۇغا ئېلىپ كېلىپ نەزەر بەنت قىلىدۇ. بۇ ئادەم ۋالى مەھكىمىسىدە نامىزىنى ئوقۇپ بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن ئۈرۈمچىگە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

## خوجانىياز ھاجىنىڭ مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ ئۈرۈمچىگە كېلىشى

خوجانىياز ھاجى يەكەندىن ئاقسۇغا كېلىپ تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە شىڭشىسەي ھۆكۈمىتى خوجانىياز ھاجىنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە مۇئاۋىن رەئىسلىككە تەيىنلەپ شۇ ۋاقىتتىكى گومىنداڭ مەركىزى ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈپ ئۈرۈمچىگە تەكلىپ قىلىدۇ. خوجا-

نىياز هاجى بۇ تەكلىپنى رەت قىلىپ ئاقسۇدا تۇرۇدىغانلىغىنى بىلدۈردى. مەھەممەت سىجاڭمۇ ئۇ كىشىنىڭ ئۈرۈمچىگە بېرىشىغا قوشۇلمايدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى ئەفرېسوۋ ئاتايىن ئاقسۇغا بېرىپ خوجانىياز هاجىغا تولۇق كاپالەتلىك قىلىدىغانلىغىنى ئېيتىپ ئۈرۈمچىگە بېرىشقا نەسىھەت قىلىدۇ. ئاندىن بۇ ئوتتۇرىدا توختام تۈزۈشىدۇ. بۇ توختام خەنزۇچە، روسچە، ئۇيغۇرچە ئۈچ خىل يېزىقتا يېزىلغان بولۇپ، توختامنامە بويىچە ئۈرۈمچىگە كېلىشكە ماقۇل كېلىدۇ. بۇ توغرىدا مەھەممەت سىجاڭ بىلەن مەسلىھەت قىلىش ئۈچۈن ئايروپىلان بىلەن مارالۋېشى تەرەپكە بارغان ۋە شۇ ئايروپىلان سەپىرىدە ئايروپىلان هادىسىسىگە ئۇچراپ پۈتى بىر ئاز ناكا بولغان ۋەقەلەر شۇ چاغدا پەيدا بولغان ئىدى.

1934 - يىلى 8 - ئايلاردا خوجانىياز هاجى بىر قانچە ماشىنا بىلەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ هازىرقى 2 - دوختۇرخانىنىڭ ئالدىدىكى شاڭيەجۈي قورا قىلىنىۋالغان قوراغا چۈشۈپ جايلاشتى. هامىتخان لۈيجاڭ 200 گە يېقىن ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ 9 - ئايلاردا يېتىپ كەلدى.

خوجانىياز هاجى ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئۆلكىلىك هوكۇمەتنىڭ مەجلىسلىرىگە قاتنىشىپ تۇردى. بۇ ۋاقىتتا ئۈرۈمچى ئۆلكىلىك هوكۇمەت ئورۇنلىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقى مۇشاۋۇرلىرى بولغاندىن تاشقىرى خوجانىياز هاجىنىڭ يېنىدىمۇ، ئەززەمخانتورە، قاسىم ئەپەندى (روس تىلى تەرجىمان)، ئابدۇكېرىمخان مەقسۇم، ئاقموللا قاتارلىق مۇهىم ئادەملەر بار ئىدى.

خوجانىياز هاجى ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئاز ۋاقىت ئۆتـ

كەندىن كېيىن، سوۋېت كونسۇلىستىۋاسى تەرىپىدىن خوجانىياز ھاجىغا سىياسى دەرس ئۆتتى. ئىھتىمال سوۋېت سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ تارىخى قاتارلىق دەرسلەردىن لېكسىيە ئوتكەن بولۇشى كېرەك. بۇ دەرسلەرنى مەنسۇر ئەپەندى بىلەن سېيىت ھاجىلار ئوتكەن ئىدى.

خوجانىياز ھاجى ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئايلار ئوتكەنسېرى ئوزىنىڭ تېمۇر خەلپىنىڭ ئىزىنى دەسسەپ ئالدىنىپ كېلىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. ھوكۇمەت ئىشلىرىنىڭ ئەرزىمەس بىر ئورۇنىدا ھوقۇقسىز ھالەتتە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئەمەلىي كۈچ ۋە نەزەرى بىلىم جەھەتلەردە توۋەن ئىكەنلىكىنى، ئاساسلىق ھوقۇق ئورۇنلىرى مەسىلەن ھەربى كۈچ، مالىيە، ئىچكى ئىشلار نازارىتى قاتارلىق ھوكۇمەتنىڭ جان تومۇرى شىڭ شىسەينىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى تەدرىجى چۈشىنىشكە باشلىدى. ئوز ئەتراپىدىكى ئىشەشلىك ئادەملىرىنىڭمۇ تەدرىجى يوسۇندا ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدىغان ئادەملەرگە ئايلىنىپ كېتىۋاتقانلىلىقىنى كورۇپ 1 - دىن ئۈرۈمچىگە كەلگەنلىكىگە پۇشمان قىلسا، 2 - تەرەپتىن ئۆمىتسىزلىككە گىرىپتار بولغان ئىدى. شۇ سەۋەپتىن ئۇ كىشى باشقا ئىشلار بىلەن كارى بولماستىن ئوز قەسىرىدە تولاراق شاخمات ئوينايدىغان، بەزىدە ئىچى پۇشسا، سايئوپا ۋە ئولامباي سايلىرىغا ماشىنا بىلەن چىقىپ كىيىك قوغلاپ ئاۋقىلىدىغان ئىشلار بىلەن شۇغۇللاندى. يەنە بىر ئازۋاقىت ئوتكۇزۇپ، ھوكۇمەت ئىشلىرىدىن ئوزىنى تارتقان ھالدا سودىگەرچىلىك قىلىدىغان بولدى، 1935 - يىلى، ياز ئايلىرىدا ئوزى ئۈستىدە تۇرۇپ داۋانچىڭ كوۋرۇگىنى ياساتتى، بۇكوۋرۇكنى كىشىلەر ھازىرغىچە خوجا-

نىيازھاجىنىڭ كۆۋرۈكى دەپ ئاتاپ كەلمەكتە. 36 - يىللىرى تۇرپانغا چۈشۈپ پاختا زاۋۇتى قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ باردى.

شىڭشىسەي ھوكۇمىتى بولسا 33 - يىلى ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ، ئۈرۈمچىنى مۇھاسىرە قىلىۋالغان ماجۇڭ-يىڭ قىسىملىرىنى ”ئالتايىسكى“، ”تارباغاتايىسكى“ نامىدا ياردەمگە كەلگەن سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ كۈچى بىلەن سۈرۈپ توقاي قىلىپ خوتەنگە ئاپىرىپ، خوجانىياز ھاجىنى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلىپ سەرەمجانلاشتۇرغاندىن كېيىن ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن پىلان بويىچە 4 باسقۇچقا بۆلۈپ باستۇرۇش ئىشلىرىنى ئىشلى-مەكتە ئىدى:

1 - باسقۇچتا: سوۋېت ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىدا روسىيى-دىن شىنجاڭغا قېچىپ كېلىۋالغان ئاق ئورۇس (ئاقلار) كۈچلىرىنى تازىلاش.

جىن شۇرېن ھوكۇمىتى ئۈرۈمچىنى مۇھاپىزەت قىلىش، قۇمۇل دېخانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش، تۇرپان، پىچان، توخسۇندىن ئىبارەت ئۈچ ناھىيىدە قانلىق قىرغىن يۈرگۈ-زۈش ئىشلىرىدا ئاق ئورۇسلار كۈچىدىن پايدىلانغان ئىدى. شۇڭىدەك 33 - يىلى 12 - ئاپرېلدا سىياسى ئۆزگىرىش قىلىپ جىن شۇرېننى قوغلاپ شىڭشىسەينى ھاكىمىيەت بې-شىغا چىقارغانلارمۇ يەنە شۇ ئاق ئورۇسلار ئىدى. شىڭ-شىسەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن بىرىنچى قەدەمدە ئاق ئورۇس گېنېراللىرىنى يوق قىلىپ، ئادەت-تىكىلىرىنى قورالسىزلاندۇرۇپ تارقىتىۋەتتى. بۇ بىرىنچى باسقۇچتىكى تازىلاش بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

2 ـ باسقۇچتا: ئوسمان ئېلى (ئوسمان قىرغىز) ۋە يۈسۈپجان، سىتىۋالدىجان پولكلىرىنى قورالسىزلاندۇرۇش، ئوسمان سىجاڭنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن يۈسۈپجان، سىتىۋالدىجانلارنىڭ ئۆزبېك پولكى ئۆرەككەپ قىسىملاردىن ھىمايىلىناتتى. ئۇلارنىڭ تەركىۋىدە سوۋېت سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋى دەۋرىدە ئۆزبېكىستان ۋە قازاقىستان ۋادىلىرىدا ئۇزۇن يىل «باسمىچى» لىق ھەركەتلىرىدە بولۇپ ئەڭ ئاخىرىددا سوۋېت يېرىدە تۇرالماي شىنجاڭغا ئۆتۈپ جان ساقلاۋاتقانلار كوپ ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىككى بولۇك كۈچنى قورالسىزلاندۇرۇپ باشلىقلىرىنى جازالاش زورۇر ئىدى. ئوسمان ئېلىنى قەشقەردە مەھمۇت سىجاڭ دىۋىزىيە شتاۋىدا قولغا ئالدى. ئوسمان ئېلى دىر نەپەر ئادىمى بىلەن كابىنتغا كىرگەندە مەھمۇت سىجاڭنىڭ ئادەملىرى تۇتۇشقا ھەركەت قىلغاندا ئوسماننىڭ ئادىمى قارشىلىق كورسەتمەكچى بولىدۇ. بۇ چاغدا ئوسمان ئېلى ئۆزىنىڭغا: ”قارشىلىق كورسەتمە. بولار ئىش بولدى!„ دىگەن. ئوسمان ئېلى، توختى، ئوراز قاتارلىقلارنى قەشقەردە قولغا ئېلىپ ئۈرۈمچىگەيوللاپ بەرگەن. ئۇلارنىڭ پۇتىغا كىشەن، قولىغا كىيىزا سېلىپ ئوچۇق ماشىنىدا ئۈرۈمچىگە يەتكۈزۈپ كېلىپ تۈرمىگە تاشلىدى. بۇ، 1935 ـ يىلى ياز ئايلىرىدىكى ئىش. ئۇنىڭ قالغان ئەسكەرلىرىنى قورالسىزلاندۇرۇپ تارقىتىۋەتتى.

يۈسۈپجان، سىتىۋالدىجان باشچىلىغىدىكى ئۆزبېك پېلكىنى قەشقەردىن ئاقسۇغا يوتكەيدۇ. مەزكور پولك بۇيرۇققا بىنائەن 6 ـ دىۋىزىيىنىڭ سەنمۇجاڭى نەمەت خەلپەتنىڭ ، ھەمرالىغىدا يولغا چىقىپ مارالۋېشى ئەترا-

پىغا كەلگەندە شىڭشىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىۋى بويىچە سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى ئايروپىلان، تانكىلارنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ئۆزبېك پولكىنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ قوراللاندۇردى. پولكوۋنىك يۈسۈپجان بىر نەچچە ئادىمى بىلەن مۇھاسىرىنى بۆزۈپ چولگە قاچقاندىن تاشقىرى، قالغان قىسىملار قورال تاپشۇرۇپ ھۆكۈمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇندى. پولكنىڭ قىسمەن باشلىقلىرى جازالاندى. كوپ قىسمى تارقىلىپ ھەر خىل يوللار بىلەن ھايات كۆچۈردى.

## خوجانىياز ھاجىنىڭ قولغا ئېلىنىشى ۋە مەھمۇت سىجاڭنىڭ چەتكە قېچىش ئەھۋالى

شىڭشىسەي ھۆكۈمىتى يۇقىرىقى ئىككى باسقۇچلۇق تازىلاش ھەركىتىنى ئۈنۈملۈك ئورۇنلىغاندىن كېيىن 3 - باسقۇچلۇق تازىلاشقا جىددى ھازىرلىق كۆرۈشكە باشلىدى. چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى ۋە جامائەت خەۋپسىزلىگى باشقارمىلىرىنى قۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئىشپىيونلۇق تورىنى قۇردى ۋە ساقچى خادىملىرىنى كۆچەپ تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى، ساقچى ئىدارە قۇرۇلمىلىرى ۋە تۈرمە قۇرۇلۇشلىرىنى پۇختا قەدەم بىلەن ئىشلىدى.

قەشقەردە تۇرۇۋاتقان مەھمۇت سىجاڭنىڭ ئەتراپىدىكى كۈچلارنى پارچىلاش ۋە ئاجىزلىتىش ئىشى جىددى ئىشلەندى. مەھمۇت سىجاڭ قوماندانلىغىدىكى دىۋىزىيىگە سوۋېت ئىتتىپاقى رىبالكىن ئىسىملىك ھەربى ئەمەلدارنى مۇشاۋىرلىققا تەيىنلەپ ئەۋەتتى؛ ئەھمەت تىزەنجاڭ، قۇربان

سەئىدى قاتارلىق مۇھىم كىشىلەرنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا
ئوقۇشقا ئەۋەتتى؛ غوپپۇر تۆۋەنجاڭ قاتارلىق
كىشىلەرنى ئۈرۈمچىگە چاقىرتىپ شىڭ زۇبەن
كۇرسىدا تەلىم تەربىيە بەردى. بۇ كۇرستا
مەنسۇر ئەپەندى دەرس ئۆتەتتى. دىنى ساھىدىن ئابدۇ-
غوپپۇر داموللامنى ئۈرۈمچىگە ئەكىلىپ تەربىيە قىلغاندىن
كېيىن، بۇ كىشى 6 بۈيۈك سىياسەتنى قۇرئان ھەدىسلە-
رى بىلەن شەرھىلەپ كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىشقا باش-
لىدى. ھەتتا ئەيمەنمەستىن، مۇھەممەت پەيغەمبەردىن
كېيىن دۇنياغا پەيغەمبەر كېلىدىغان بولسا، «شىڭ دۇ-
بەن جاناپلىرى پەيغەمبەر بولاتتى» دەپ تەشۋىق قىلدى.
شۇ سەۋەپتىن مەھمۇت سىجاڭ ئۇ كىشىنى ئۆلتۈرتىۋەت-
تى. قەشقەرنىڭ ئۆزىدە شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ ساق-
چىلىرى ئۆز كەسپى پائالىيەتلىرى بىلەن ۋەھىمە تۇغدۇ-
رۇشقا، ھەممە جەھەتتىن جىددىيلىك پەيدا قىلىشقا باش-
لىدى. مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا مەھمۇت سىجاڭ ۋەزى-
يەتنىڭ بارغانسېرى چىگىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ
چەتئەلگە قېچىپ كېتىش خىيالىغا چۈشتى. دەل شۇ چاغ-
دا شىڭشىسەي مەھمۇت سىجاڭنى ئۈرۈمچىگە تەكلىپ
قىلىپ ئارقىمۇ-ئارقا تېلېگرام يوللاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ
پىلانىدا مەھمۇت سىجاڭنى ئۈرۈمچىگە چاقىرىپ كېلىپ
خوجانىياز ھاجى بىلەن بىر ۋاقىتتا قولغا ئالماقچى
ئىدى. بۇ پىلان ئەمەلگە ئاشمىدى. مەھمۇت سىجاڭ
1937 - يىلى 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى قەشقەرنى تاشلاپ
چەتكە قېچىپ كەتتى. شىڭشىسەينىڭ 3 - باسقۇچتا تازى-
لىماقچى بولغان پىلانى ئەمەلگە ئاشماي 4 - باسقۇچتا

تازىلىماقچى بولغان ماخۇسەن قىسىملىرىنى تازىلاشقا كى-
رىشىپ كەتتى.

مەھمۇت سىجاڭ قاچقاندىن كېيىن ئۇنىڭ قول ئاس-
تىدىكى قىسىملار ئابدۇنىياز (بۇ كىشى توخسۇنلۇق بو-
لۇپ غوپۇر تۇەنجاڭ پولكىدا ليەنجاڭ ئىدى. ئۇ بىر-
دىنلا سىجاڭ بولىۋالدى) سىجاڭ باشچىلىقىدا ماخۇسەن
قىسىملىرى بىلەن بىرلىشىپ شىڭشىسەيگە قارشى ئۇرۇش
قوزغىدى. ئۇلار قەشقەر، ئاقسۇ، كۇچار قاتارلىق ئۈچ
نۇقتىدا شىددەتلىك ھۇجۇم باشلىدى. شىڭشىسەي ھوكۇمى-
تى بۇلارنى ئىسيانچىلار دەپ ئاتىدى. شۇنىڭ بىلەن
بىر ۋاقىتتا بۇ "ئىسيانچىلار" غا تاقابىل تۇرالمايدىغان-
لىقىنى چۈشۈنۈپ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ھەربى ياردەم
سورىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى شىڭشىسەينىڭ تەلىۋىگە بى-
نائەن ئەسكەر كىرگۈزۈپ ئاخىرقى ھىساپتا "ئىسيانچىلار"
نى باستۇرۇپ تاشلىدى. 1937

شۇ يىلى 10 - ئاينىڭ 12 - كۇنى ئۇرۇمچىدە خو-
جانىياز ھاجىنى قولغا ئالدى (بۇ نوۋەتتە يەنە جاڭشىڭ،
ماشياۋۋۇ، مەنچۇكزاپ قاتارلىق ھەر مىللەت ئەرباپ-
لىرىنى قولغا ئېلىپ تۇرمىگە تاشلىدى. شىنجاڭ بويىچە
800 دىن ئارتۇق ئادەمنى تۇرمىگە ئالدى). خوجانىياز
ھاجىنى قولغا ئېلىشتىن 2 كۈن ئىلگىرى گومىنداڭ ھو-
كۇمىتى تەرىپىدىن چىڭ لىفۇ كەلگەن ئىدى. شىڭشىسەي
شۇنىڭ شەرىپىگە بېرىلگەن زىياپەت ئۈستىدە خوجانىياز
ھاجى باشلىق بىر قانچە كىشىنى قولغا ئالدى. خوجانىياز
ھاجى بىلەن بىللە كىرگەن 30 دەك مۇھاپىزەتچى
ئەسكەرلەرنىمۇ قورالسىزلاندۇرغان ئىدى. ئاندىن شىڭشى-

سەيىنىڭ رۇخسىتى بىلەن ياقۇپ سەنمۇ، ئالتۇن سوپى ئاق سوپى، ئاق موللا قاتارلىقلار دوبەن مەھكىمىسىگە كىرىپ خوجانىياز ھاجى بىلەن كۆرۈشىدۇ. بۇلار كىرگەندە خوجانىياز ھاجى، ماشياۋۇ، يۇنۇسبەك (يۇۋدىنبىڭ) مەنچۇكزاپ، تاھىر بەك دىگەنلەر بىر ئۆيدە ئولتۇرغان ئىكەن. كۆرۈشكىلى كىرگەنلەرگە شىڭ شىسەي: "پۈتۈن قورال-ياراقلارنى تاپشۇرغاندا خوجانىياز ھاجى ئاندىن چىقىپ كېتىدۇ. سىلەر خوجانىياز ھاجىنىڭ بۇيرىقى بىلەن قوراللارنى تىزدىملاپ كېلىپ تاپشۇرۇڭلار!" دەپ شەرت قويىدۇ. شەرت بويىچە يۇقۇرقى كىشىلەر بارلىق قوراللارنى تىزدىملاپ ئېلىپ كىرگەندە ئۇ كىشىلەرنىمۇ تۇتۇپ قولغا ئالىدۇ.

شىڭ شىسەينىڭ بۇيرىقى بىلەن ناسىر بەك، ئابدۇ-ۋايىت خوجا، زايىتخان خوجا، لى فۇلىڭ، لى يىڭچىلەر-دىن ئىبارەت 5 كىشىلىك مۇسادىرە ھەيئىتى تەشكىل قىلىپ خوجانىياز ھاجىنىڭ بارلىق دۇنيا - دەپىنە، مال-مۈلۈكلىرىنى كۆزدىن كوچۇرۇپ. پىچەتلىدى. مەنسۇر ئە-پەندى كېلىپ خوجا نىياز ھاجىنىڭ خەت-چەكلىرى سېلىنغان كىچىك ساندۇقنى ئېچىپ بارلىق خەت-چەكلەرنى ئېلىپ كەتتى.

قولغا ئېلىنىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن رۇخسەت بىلەن كۆرۈشكىلى كىرگەن زىياۋۇدىنغا خوجانىياز ھاجى: "مەن ئۈرۈمچىگە كېلىشتە كونسۇل ئەفرېسوۋنىڭ سۆزىگە ۋە ئۇ-نىڭ كاپالەتلىك قىلىشىغا ئىشىنىپ كەلگەن. ئەمدى بۇ شىڭ دوبەن مۇنداق قىلىۋاتىدۇ، بېرىپ، سوزلىشىپ كۆرۈڭ-لار!"، دىگەن سۆزنى قىلىدۇ. بۇ سۆزگە بىنائەن زىياۋۇ-

دىن ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق سوۋېت كونسۇلى ئەفرېسوۋ بىلەن
بورۇشكەندە، ئەفرېسوۋ ھەيران بولغان ھالدا: "بىزنىڭ
كۆ ئىشلاردىن خەۋىرىمىز يوق ئىكەن. سۈرۈشتە قىلىپ
كۆرەيلى، دەپ قايتۇرىدۇ. ئاردىن 2 كۈن ئۆتمەي كونسۇل
ئالمىشىپ ئەفرېسوۋنىڭ ئورنىغا باشقا بىر كىشى كونسۇل
بولۇپ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن گېزىت-ژۇرناللاردا خوجا-
نىياز ھاجىنىڭ جىنايەتلىرى ئېلان قىلىنىدۇ. ھەتتا
خوجانىياز ھاجىنىڭ ئوغلى سەدۇللا نامىدىن ئاتىسىنى
خائىن، ياپون جاھانگىرلىگىنىڭ قۇيرىقى، ئۇ مېنىڭ
ئاتام ئەمەس دېگەندەك ماقالىلارمۇ بېسىلىپ چىقىدۇ.

خوجانىياز ھاجى بىر ئاز ۋاقىتتىن كېيىن ئاغرىپ
قالىدۇ. بۇ چاغدا شىڭ شىسەينىڭ رۇخسىتى بىلەن چوڭ
خوتۇنى قەمەر خېنىم تۈرمىگە كىرىپ بىرەر يىل ھالى-
دىن خەۋەر ئالىدۇ. كېيىنچە بۇ ئىشلار بارغانسېرى چى-
ڭىپ بۇ توغرىدا ئېغىز ئاچقىلىمۇ بولماي قالىدۇ. شىڭ-
شىسەينىڭ تۈرمىسىدە يېتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يار-
دەمگە كەلگەن مەخپى سوت ھەيئەتلىرىنىڭ قولىدا سوتلىنىپ ئا-
خىرى „ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى". ج خ باشقارمىسىدا
تەرجىمان ھەم كاتىپ بولۇپ ئىشلىگەن شى يۈەنپۇ (شىۋە)
نىڭ "مەخپى سوت ھەيئىتى" توغرىسىدا يازغان ئەسلى-
مىسىگە قارىغاندا خوجانىياز ھاجى، ماشياۋژۇ قاتارلىق
108 نەپەر گۇناكارنىڭ ئۆلۈمگە بۇيرۇلغان ھۆكۈمى مۇس-
كۋادىن تەستىقلىنىپ كەلگەندىن كېيىن ھاشىم ھاجى
باشچىلىقىدىكى جازا گۇرۇپپىسى ئۇلارنى سىرتماق سېلىپ
بوغۇپ ئۆلتۈرگەنلىگى مەلۇم. مەيلى قانداق بولمىسۇن
1931 - يىلى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ رەھبىرى

شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان خوجا نىيازھاجى جاللاتلار تەرىپىدىن ئەنە شۇنداق ئۆلتۈرۈلدى.

## خوجا نىياز ھاجىغا ئومۇمى باھا

يۇقۇردا بىز خوجانىياز ھاجىنىڭ قىسقىچە تەرجىمە ھالىنى كوزدىن كۆچۈرۈپ ئۆتتۇق. ئۇنىڭدىن بىز شۇ ھەقىقەتنى چۈشەندۇقكى:

1 - قۇمۇل دىخانلار قوزغىلىڭى زۇلۇمغا، ئىستىبدادقا، تەڭسىزلىككە قارشى كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭ بولۇپ، خوجانىياز ھاجى ئەنە شۇ دىخانلار قوزغىلىڭىنىڭ رەھبىرى؛

2 - خوجا نىياز ھاجى باشچىلىق قىلغان دىخانلار قوزغىلىڭى باشتىن - ئاياق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىنى قوبۇل قىلغان ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ۋەكىللىرىنىڭ سوزىگە ئىشەنگەن؛

3 - خوجانىياز ھاجى ئۆز ھەركىتىدە ھېچقانداق چەتئەل جاھانگىرلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرمىگەن ۋە ھېچقانداق باشقىچە مەقسەتلەردە، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى بۇزۇشتەك خىياللاردىمۇ بولمىغان؛

4 - 3 يىللىق ئۇرۇش جەريانىدا خوجانىيازھاجى ئۇرۇش ئۈستىدە دۈشمەننى چامىسىنىڭ يېتىشىچە يوقاتقان بولسىمۇ، تېچ پۇقرا ئۈستىدىن ھېچقانداق قىرغىنچىلىق يۈرگۈزمىدى. ئوتقويمىدى، بۇلاڭ - تالاڭمۇقىلمىدى.

5 - قىسقىغىنە بىر قانچە يىللىق ئۆمرىدە ئۇ كىشى خەلققە، ۋەتەنگە ئەنە شۇنداق سەممىي، ئاقكۆڭۈل بولسىمۇ، ئاخىرى توھمەت - بوھتانلار ئاستىدا تا-

ھەق جازالاندى. بولۇپمۇ خوجانىياز ھاجىغا ياپون جا-
ھانگىرلىگىنىڭ قۇيرىغى، جاسۇسى دەپ بەتنام چاپلىغان-
لىغى ۋە شۇ گۇنا بىلەن ئالى جازا بەرگەنلىگى چېكى-
دىن ئاشقان ناھەقچىلىقتۇر.

بۇ يەردە شۇنى ئەسلەپ ئۆتۈش لازىمكى، شىڭشى-
سەي جۇڭگودا تۇغۇلۇپ، ياپونىيىدە ئالى مەكتەپتە ئو-
قۇغان. خوجانىياز ھاجى بىرلىسا جۇڭگودا تۇغۇلۇپ تاغدا
ياشىغان. ياپونىيىگە بارمىغان. ياپونلارنىمۇ كورمىگەن
بولسىمۇ، قانداق قىلىپ ياپون جاھانگىرلىگىنىڭ قۇيرى-
غى بولۇپ قالىدۇ؟ بۇ ئەجەپلىنەرلىك ئىش ئەمەسمۇ؟
داۋلى بويىچە ئېيتقاندا شىڭ شىسەينى ياپون جاھانگىر-
لىگىنىڭ جاسۇسى دىسەك توغرى كېلەتتى. ئەمىلىيەتتىمۇ
شۇنداق ئىدى. شىڭ شىسەي ياپونىيىدە ئوقۇش جەر-
يانىدا قۇۋۇلۇق، شۇملۇقلارنى ئۆگىنىپ، يالغان - ياۋىداق-
تىن ماركسىزىم-لېنىنىزىم ئېتىقاتچىسى بولۇۋېلىپ
سىتالىننى ئالدىدى. كېيىنكى كۈنلەر-
دە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن، كومونىزىمدىن يۈز ئورۇپ
جياڭجيېشىنىڭ قوينىغا ئوزىنى ئاتقاندا قىلمىغان ئەس-
كىلىكلىرى قالمىدى. كوپلىگەن يۈزسىزلىكلەرنى قىلدى.
ئۇنىڭ قىلمىشلىرى دەل شۇ كەسپى جاسۇسلارنىڭ قولى-
دىن كېلىدىغان رەزىل ئىشلاردىن ئىبارەت ئەمەسمىدى؟!.

خوجانىياز ھاجى ياپونىيىگە قانداق باغلىنىپ قال-
دى؟ بۇنىڭمۇ بىر ئاز سەۋەپلىرى بار. خوجانىياز ھاجى-
نىڭ ئىنىسى باقىنىياز ھاجى ھەرەمگە بارغاندا مەك-
كىدە تۇرۇشلۇق كىشىلەردىن ئابلىمىت ئىسىملىك بىر
كىشى خوجانىياز ھاجىغا بىر پارچە سالام خەت يازىدۇ.

بۇ خەت ئادەتتىكى خەت بولۇپ خوجانىياز ھاجىنىڭ مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى تەبرىكلەش سۆزلىرىدىن ئىبارەت ئىدى. بۇ خەتنى خوجانىياز ھاجىنىڭ باش كاتىپى بولغان مەنسۇر ئەپەندى كۆرۈپ ئۆز قەلىمى بىلەن جاۋاپ خەت يازغان ئىدى. ئەپسۇسكى خوجانىياز ھاجى قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن ئېلان قىلىنغان ماتېرىياللاردا، مەككىدە تۇرغان مەزكۇر كىشى ياپون جاھانگىرلىگىنىڭ مەككىدىكى جاسۇسى بولۇپ، ئۇ كىشى خوجانىياز ھاجىغا بىر پارچە سالام خەت يېزىش بىلەن خوجانىياز ھاجىنى ياپون جاھانگىرلىگىگە جاسۇس قىلىۋالغانلىقى جاكالاندى. دېمەك خوجانىياز ھاجى ئەنە شۇنداق تومتاق يوللار بىلەن ياپون جاھانگىرلىگىگە باغلىنىپ قالغان. بۇ خۇددى كىرىلوۋنىڭ مەسەللىرىدىكى ئاچ بۆرى. سۇنىڭ ئاياق تەرىپىدە سۇ ئىچىۋاتقان قوزىنى كۆرۈپ، مەن ئىچىۋاتقان سۇنى بۇلغىدىڭ دەپ قوزىنى يېگىنىگە ئوخشاش بىر ئىش.

بىزدە بەزەن كىشىلەر خوجانىياز ھاجى جەنۇبى شىنجاڭدىن ئۈرۈمچىگە كەلمەسلىكى لازىم ئىدى. كەلمىگەن بولسا، ھېچنېمە قىلالمايتتى دېگەندەك مۇھاكىمىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشىدۇ. مەسىلە ئۇنداق ئاددى ئەمەس يۇقۇرىدا بىز ماجۇڭيىڭنىڭ 10 مىڭدىن ئارتۇق جەڭگىۋار كۈچلىرىنى سۈرۈپ-توقاي قىلغان، ئالتايىسكى ئامىدىكى قوشۇنلارنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى، ھاۋا بوشلۇقىدا پەرۋاز قىلغان ئايروپىلانلارنىڭ ئاۋازىنى، تاشلانغان بومبا ۋە ئېتىلغان پىلىموت ئوقلىرىنىڭ ۋەيران قىلىش ئىقتىدارىنى كۆرۈپ ئوتتۇق. ئەنە شۇنداق بېسىم ئاستى-

دا ماجىرىنىڭ 28 تورىگە ئالتۇن يۈكلەپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا كېتىشكە ماقۇل بولغانلىقىنى بىلىمىز. شۇنداق شارائىتتا خوجانىياز ھاجى ئۈرۈمچىگە كەلمەي، جەنۇبى شىنجاڭ رايونىدا تۇرالىشى مۇمكىنمۇ؟ سوۋېت ئىتتىپاقى خادىملىرىنىڭ مەيدىسىگە ئۇرۇپ كاپالەتلىك قىلغانلىرىغا ئىشەنمەي تۇرۇشى مۇمكىنمۇ؟ بۇ جەھەتلىرىنى ئويلاپ كۆرۈش كېرەك.

يەنە بەزىلەر خوجانىياز ھاجى ئوقۇمىغان ئادەم، شۇنىڭدەك مۇئەييەن سىياسى يېتەكچى ئىدىيە بولمىغانلىقتىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى دەپ ئەيىپلەيدۇ. بۈگۈنكى شارائىتتا بۈگۈنكى چۈشەنچىمىز بىلەن، ئۆتكەنكى ئىشلارغا باھا بېرىپ تارىخىي تەجرىبە - ساۋاقلارنى كۆرسىتىدىغان ۋە ئەيىپلەيدىغان بولساق بىز ئانچە قىيىنالمايلا كۈچلۈك ئىلمىي داۋالارنى كۆرسىتەلىشىمىز مۇمكىن. لېكىن ئىنقىلاۋى ئەمەلىيەت ئۇنداق ئاسان ۋە ئوڭۇشلۇق بولمايدۇ. بىر پۈتۈن سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ نەزەرىيىسىگە ئىگە جۇڭگو كۈڭچەنداڭى رەھبەرلىك قىلغان جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلاۋى تاكى زۈنيى يىغىنىدىن كېيىنلا توغرا لۇشيەنگە ئىگە بولغانلىقىنى، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋى باسقۇچىدىمۇ ھەر خىل سەۋەنلىكلەردىن خالى بولالماي ھەر خىل ئەگرى—توقاي يوللارنى باسقانلىقىمىزنى ھەممە ئادەم ئوچۇقلا كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلەيدۇ. ئەھۋال شۇنداق بولىدىكەن، خوجانىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى قىسمەن كەمچىلىك ۋە يېتەرسىزلىكلەردىن خالى دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئىنقىلاۋى ئەمەلىيەت خۇددى داۋاز سىمدا ماڭغانغا ئوخشاش توغرى

قەدەم تاشلاشنىلا تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر داۋازنىڭ يۆتى ئوڭغا ياكى سولغا بىر قەدەم خاتا بېسىلسا ئېغىر سەۋەنلىكلەر كېلىپ چىقىدۇ—ئەمەسمۇ؟

خوجانىياز ھاجى زۇلۇمغا، ئىستىبداتلىققا قارشى تۇرۇشنى ئاساسىي يېتەكچى ئىدىيە قىلىپ باشلىغان قومۇل دېخانلار قوزغىلىڭى، خەلق ئىرادىسىغا ئۇيغۇن بولغانلىقتىن بۈيۈك ئېرمانغا تۇتاشقان ئۇتتەك شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىگە تۇتاشقان ئىدى. ھەممىلا يەردە خەلق زۇلۇمغا، ئىستىبداتلىققا قارشى قوزغىلىپ، ئىستىبدات ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ، زالىملارنىڭ تەختى-بەختىنى كۇمپەيكۇم قىلدى.

دېمەك خوجانىياز ھاجى باشچىلىغىدىكى قومۇل دېخانلار ئىنقىلاۋىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى، خەلق ئىرادىسىغا ئۇيغۇنلىغى ۋە ئەمەلىي ئۇنۇمى جەھەتلەردىن قارىغاندا، شۇ دەۋردىكى جۇڭگو مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلاۋى كاتېگورىيىسىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. خوجانىياز ھاجى ئوقۇمىغان ئادەم بولغان بىلەن پىداكار بولۇپ قىلغان ئىشى، قارشى تۇرغان نىشانى تامامەن توغرا ئىدى. ئەگەر شۇنداق ئېتىراپ قىلمايدىغان بولساق، 1932- يىلىدىكى دېخانلار ھەركىتىگە توغرى مۇئامىلە قىلمىغان بولىمىز.

يەنەبەزەنلەر خوجانىياز ھاجىنىڭ تۇرمۇشتىكى قىسمەن ئىشلىرىنى تۇتقا قىلىپ، ئۇنىڭ تارىخقا نۇقسان يەتكۈزمەكچى بولىدۇ. بىز ئۇ ئادەمگە ئومۇمىي باھا بەرگىنىمىزدە تۇرمۇشتىكى بەزەنچاكىنا ئىشلارغا ئېسىلىۋالماستىن،شۇ دەۋردىكى تارىخىي رولىغا قارىشىمىز كېرەك.

بەزەنلەر خوجانىياز ھاجى ئۈرۈمچىگە ئ پ تىجارەت قىلىمەن دەپ ئۆز بېشىنى يىدى دەپ بىر تەرەپلىمىلىك باھا بېرىشىدۇ. بۇنداق دېيىش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. خوجانىياز ھاجى مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ ئۈرۈمچىگە كېلىپلا ئۆزىنىڭ قەپەزگە چۈشۈپ قالغانلىقىنى، ھەممە جەھەتتىن ئۆزىگە بولۇۋاتقان مۇئامىلىنىڭ تەڭسىزلىكىنى ھېس قىلىدۇ-دە، ئۈرۈمچىگە كېلىپ قالغىنىغا قاتتىق پۇشمان قىلىدۇ ۋە نېرۋىسى زورىقىدۇ. ئەنە شۇ زورۇققان نېرۋىسىغا ئارام بېرىش ئۈچۈن، كېچىلىك تىپتا تىجارەت قىلىش، داۋانچىڭ سايلىرىدا كىيىك قوغلاش ياكى شاخمەت ئويناشتەك مەشغۇلاتلارغا مىلىكە بولىدۇ. ھوكۇمەت ئىشلىرى بىلەن پەقەتلا كارى بولمايدۇ، ھاكىمىيەتنىڭ جان تومۇرى بولغان، مالىيە، ھەربى-مەمۇرى تارماقلىرىنى پۈتۈنلەي ئۆز قولىغا كىرگۈزىۋالغان شىڭ شىسەي، خوجانىياز ھاجىنى مۇئاۋىن رەئىس دىگەن نام بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ كىچىككىنە بۇرجىسىغا خۇددى تەكچىگە تىزغان قونچاقتەك ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدۇ. خوجانىياز ھاجى ئۆزىنىڭ قانداق ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى چۈشۈنۈپ، ئۆز تەقدىرىگە ئۆزى قاراپ، ئاچچىقى كېلىپ، قىلغان بەزى مەشغۇلاتلىرىغا قاراپ تىجارەت قىلدى دەپ ئۇ كىشىگە نۇخسان يەتكۈزۈش مېنىڭچە ئورۇنسىز بولسا كېرەك.

ئومۇمەن ئېيتقاندا خوجانىياز ھاجى 1930 - يىللاردىكى زۇلۇمغا قارشى كوتۈرۈلگەن دىخانلار قوزغىلىڭىنىڭ بىردىنبىر يېتەكچىسى. بۇ جەرياندا ئۇ، ھېچقانداق جاھانگىرلار بىلەن تىل بىرىكتۈرمىدى، ۋەتەنىنىڭ بىرلى-

گىنى بۇزىدىغان مەخسەتلەردىمۇ بولمىدى. ئۇنىڭ قىلغان ئىشى، دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى ئىشى بولۇپ، مۇستەبىت چىن شۇرىن ھاكىمىيىتىگە قارشى چىققان ھەققانى ھەر- كەت. جۇڭگو تارىخىدا تەيپىڭ تىيەنگو ئىنقىلاۋىغىچە بولغان بىر قانچە يۈزلىگەن دېخانلار قوزغىلىڭى قاتار- غا قويۇلىدىغان ئىنقىلاۋى ھەركەت.

بۇ يەردە چۈشىنىۋىلىشقا تىگىشلىك تۈپ مەسىلە شۇنىڭدىن ئىبارەتكى:

— ياپون جاھانگىرلىگى ۋە جياڭ جېيشىنىڭ سادىق غالچىسى پۇرسەتپەرەست شىڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپلا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش سىياسى- تىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ساختىپەزلىك بىلەن سوۋېت ئىتتى- پاقىنىڭ قوللاپ-قۇۋۋەتلىشىگە ئىگە بولدى. بۇنىڭ ئەك- سىچە قۇۋلۇق - شۇملۇقنى بىلمەيدىغان تەبىئەت مىجەز خوجا نىياز ھاجى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرەلمىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى شۇ ۋاقىتتا سىياسى ئالدامچى شىڭ شىسەينى "ئوچۇق پىكىرلىك ئىلغار" دەپ ئېتىراپ قىلىپ، ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتتە ئاكتىپ قوللاپ ئۇ- نىڭ ھاكىمىيىتىنى تىكلەپ بەردى. ئەمەلىيەتتە سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئالدام خالتىسىغا چۈشۈرگەن شىڭ شى- سەي ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئىچكى جەھەتتىن 4 باسقۇچلۇق تازىلاش پىلانىنى تۈزۈپ چىققان- دا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇنىڭغا قوشۇلۇپلا قالماستىن، ئەمەلىي ياردەملەرنى كۆرسىتىپ پىلاننى ئوڭۇشلۇق ئىجرا-

قىلىپ بەردى. ماجۇڭيىڭ، ئوسمان ئېلى، سىتىۋالدى-جان پولكى، ماخۇسەن قاتارلىقلارنى تازىلاشقا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۆرسەتكەن ياردىمى ھەققەتەن زور.

1937 - يىلى 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى خوجا نىياز ھاجىنى قولغا ئېلىش پىلانى تەييارلانغاندا، بۇنىڭدىن ئېھتىمال خەۋەرسىز قالغان سوۋېت ئىتتىپاقى خوجا نىياز ھاجىنى شۇ يىلى 7 - نويابىردا ئۆتكۈزۈلىدىغان سوۋېت ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىنىڭ 20 يىللىقىنى تەبرىكلەش بايرىمىغا تەكلىپ قىلغان ئىدى. خوجانىياز ھاجى تەكلىپكە بىنائەن موسكۋاغا بېرىش تەييارلىقى كۆرۈۋاتقاندا، بەختكە قارشى قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلاندى. شۇ يىللاردا ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلى ئەفرېسمۇ: ”خوجا نىياز ھاجىنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىدىن خەۋەردىم بولماپتۇ، سۈرۈشتە قىلىپ كۆرەي„ دەپ ئالمىشىپ كەتكەنگە مانا ھازىر 45 يىل بولدى. دېمەك سوۋېت ئىتتىپاقى شىڭ شىسەينىڭ 4 باسقۇچلۇق تازىلاش پىلانىغا شۇنچە زور ياردەملەرنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، شىڭ شىسەينىڭ ئىچكى جەھەتتە 5 - باسقۇچلۇق تازىلاش پىلانى تۈزگەنلىكىدىن خەۋەرسىز قالغان ئىدى. يەنى سوۋېت ئىتتىپاقىدەك چوڭ مەملىكەت شىڭ شىسەيدىن ئىبارەت سىياسى ئالدامچىنىڭ ئالدىمىغا چۈشۈپ قالغان ئىدى. 5 - باسقۇچلۇق پىلان بويىچە شىڭ شىسەي، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرۈپ، رەھىمسىزلىك بىلەن سولچىل كۈچلەرنى تازىلاپ ئۆزىنى جياڭ جيېشىنىڭ قوينىغا شۇنداقلا ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ ئايىغىغا ئاتتى.

شىنىڭ شىنسەي قانداق ئادەم، خوجانىياز ھاجى قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى يۇقۇرقى تارىخىي ئەمەلىيەت تولۇق ئىسپاتلايدۇ. جىنايەت نۇقتىسى نەزەرىدىن ئېيتقان- دا شىڭ شىسەينىڭ جىنايەتلىرى يەتتە دوزاختا مىڭ يىل كۆيدۈرسىمۇ تۈگىمەيدۇ دېگەندەك بەك تولا. خوجا- نىياز ھاجىدا بولسا ھېچقانداق گۇنا يوق. ئۇنىڭ قەۋرى- سىنىڭ ئاستىدىن، ناھەقلىق ۋە ئۇۋالچىلىقتىن ھاسىل بولغان بىر دەريا كۆز يېشى ئېقىپ تۇرماقتا.

ئەينى يىللاردا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقلى- رىنى قىرغىن قىلىپ، بۇلاپ-تالاپ توپلىغان ئالتۇن- كۈمۈشلەردىن جياڭ جېيشىگە 50 مىڭ سەر ساپ ئالتۇن سوغات قىلغان شىڭ شىسەي جياڭ جېيشى ھوكۇمىتى ئال- دىدا "توھپىسى بار"، "ئاپپاق بالام" بولۇۋالدى. زۇلۇم- غا، ئىستىبداتلىققا قارشى ئىنقىلاپ قىلغان خوجا نىياز ھاجى ھېچقانداق تىلغا ئېلىنمىدى ۋە ئېتىۋار بېرىلمىدى. مۇنداق بولۇشى جياڭ جېيشى ھاكىمىيىتىنىڭ ئەكسىيەت- چىل ماھىيىتىنى كۆرسۈتۈپ بېرىپلا قالماستىن، بەلكى بىز- گە قىلىنغان ناتوغرا مۇئامىلىنىڭ ۋە بىزگە باشقىچە كۆز قارايدىغانلىقىنىڭ ئەمەلىي پاكىتى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

## قۇمۇل دېخانلار قوزغىلىڭىغا قانداق باھا بېرىش مەسىلىسى

قۇمۇل دېخانلار قوزغىلىڭى ئاساسىي جەھەتتىن فېۋ- داللىزمغا، زۇلۇمغا، تەڭسىزلىككە قارشى كوتۇرۇلگەن

ئىنقىلاۋى ھەرىكەت بولۇپ، ماھىيەت جەھەتتە بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلاپقا ياتىدۇ.

مىلىتارىست جىن شۈرېننىڭ فېئودالىزم كۈچلەرىگە ۋەكىللىك قىلغان ھاكىمىيىتى شىنجاڭ رايونىدا يەرلىك فېئودال كۈچلەرگە تايىنىپ، دېموكراتىيىنى بوغۇپ دەھشەتلىك مىللىي زۇلۇم يۈرگۈزگەنلىكتىن قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلاپ چىقتى. ئەكسىيەتچى جىن شۈرېن ھۆكۈمىتى فېئودالىزمنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن دېھقانلارنىڭ قارشىلىق ھەرىكىتىنى زور كۈچ بىلەن باستۇرۇش تەدبىرى قوللىنىپ زۇلۇمنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇۋەتكەنلىگى تۈپەيلىدىن بۇ ھەرىكەت تېخىمۇ كېڭەيدى.

ئاخىرقى ھېساپتا جىن شۈرېن ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇپ تاشلاندى. بۇ قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ فېئودال ھۆكۈمرانلىققا بەرگەن ئاساسىي زەربىسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىدىمۇ زور ئىلگىرىلەش ۋە يېڭىلىنىشلەر بولدى. بۇ قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ غالىبىيەت مېۋىسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. دېمەك قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئىستىبدات ھاكىمىيەتكە بەرگەن زەربىسى ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرۈشتىكى ئەھمىيىتى نەتىجىلەرگە ئاساسەن قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنى جۇڭگو تارىخىدا تەيپىڭ تيەنگو قوزغىلىڭىغىچە بولۇپ ئۆتكەن دېھقانلارنىڭ بىر قانچە يۈز چوڭ - كىچىك قارشىلىق كورسۇتۇش ھەرىكەتلىرى يەنى

دىخانلارنىڭ ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشلىرى قاتارىغا قويۇپ، قۇ-مۇل دىخانلار ئىنقىلاۋى دەپ ئاتاش تامامەن ئەقىلغا مۇۋاپىق.

خوجا نىياز ھاجىنىڭ ئۆزىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا 1912 - يىللاردىكى تۆمۈر خەلپە قوزغىغان دىخانلار قوز-غىلىڭىنىڭ ئىشتىراكچىسى ئىدى. 1932 - يىللارغا كەل-گەندە يەنە بىر پەللە دىخانلار ئىنقىلاۋىنى قوزغاپ چىق-قانلىقىنى ئۇتاشتۇرۇپ قارىغاندا 32 - يىلدىكى ئىنقىلاپ-نى 1912 - يىلدىكى ئىنقىلاپنىڭ داۋامى دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ. يېقىنقى زامان تارىخىدا 1912 - يىلىدىكى تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭى شىنخەي ئىنقىلاۋىنىڭ بىر تەركىۋى قىسمى دەپ ئېتىراپ قىلىندى ۋە شۇنداق بېكىتىلدى. دىمەك تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭى شىنخەي ئىنقىلاۋىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىنكاسى دەپ ئېتىراپ قىلىنغان يەردە، خوجا نىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى قۇمۇل دىخانلار قوز-غىلىڭىنى نىمە ئۈچۈن دېموكراتىك ئىنقىلاپقا كىرگۈز-گىلى بولمىسۇن!؟

شىنجاڭ شارائىتىدا ھەر قانداق ئىنقىلاۋىي ھەرى-كەت بولىدىكەن، ئۇنىڭغا دىنىي ئەقىدىلەر كۆپرەك ئارى-لىشىدىغان بولغاچقا خوجا نىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى قۇمۇل دىخانلار قوزغىلىڭىغىمۇ ئىسلام دىنى چۈشەنچىلىرى ئارىلاشقان. بەزىلەر بۇ تەرەپنى ئاساسىي ئورۇندا قو-يۇپ قوزغىلاڭنىڭ تۈپ مەقسىدىنى ئىمكان قەدەر خۇنۈك-لەشتۈرۈشكە ئۇرۇنىدۇ. مۇنداق قىلىش توغرى ئەمەس.

قۇمۇل دېخانلار قوزغىلىڭىغا ئارىلاشقان دىنىي كوز قا-
راشلار پەقەتلا خەلقنى قوزغۇتۇش رولىنىلا ئوتەيدۇ.
فېئودالىزمغا، زۇلۇمغا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت ئاساسى
مەخسەتنى چەتكە قاقالمايدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن قۇمۇل دې-
خانلار قوزغىلىڭىغا دىنىي ئېتىقات جەھەتتىن قاراماستىن
ئاساسى مەخسەت نۇقتىسىغا قاراش كېرەك.

قۇمۇل دېخانلار قوزغىلىڭىنىڭ كېيىنكى باسقۇچلىرى
بىر قەدەر مۇرەككەپلىشىپ قالايمىقانچىلىقلارنى كەلتۈ-
رۈپ چىقاردى. چەتئەل جاھانگىرلىرى ھەر خىل يوللار
بىلەن ئارىلاشتى. ھەتتا بىر مەزگىل چەتئەل جاھانگىر-
لىرى ئوز - ئارا كوچ سىنىشىپ، مەنپەەت تالىشىپ، توپى-
لاڭدىن توقاچ ئوغۇرلىماقچى بولدى. لېكىن چەتئەلنىڭ
قول سېلىشى بىلەن كېلىپ چىققان قالايمىقانچىلىقلار
ۋە ھەر قانداق خاھىشلار قۇمۇل دېخانلار قوزغىلىڭىغا
ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. قوزغىلاڭنىڭ باش يېتەكچىسى
خوجا نىياز ھاجى ھېچقانداق چەتئەل جاھانگىرلىرى بىلەن
تىل بىرىكتۈرمەستىن ۋە مۇناسىۋەت باغلىماستىن ئوز
مەخسىدى بويىچە ئوز ئىشىنى داۋاملاشتۇردى. شۇ ۋاقىت
شۇ شارائىتنىڭ تەلىۋى بويىچە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يا-
راشتۇرۇشى ئارقىسىدا شىڭ شىسەي بىلەن بىرلىشىپ قۇ-
مۇل دېخانلار قوزغىلىڭىنى جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى ھېسا-
ۋىدا بىر تەرەپ قىلدى. بۇ نۇقتىدىن مۇلاھىزە قىلىدى-
غان بولساق، خوجا نىياز ھاجىنىڭ شىڭ شىسەي بىلەن
بىرلىشىپ مەسىلىنى جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى ھې-

ساۋدىدا بىر تەرەپ قىلغانلىقى ۋەتەنپەرۋەرلىكىنىڭ بىر ئىپادىسى.

شىڭ شىسەي ئۆز دەۋرىدە شىنجاڭدىن چىققان ۋاڭ جىڭۋېي ئىدى. ۋاڭ جىڭۋېي جۇڭگودا ۋەتەنپەرۋەر زاتلارغا قانداق زىيانكەشلىك قىلغان بولسا، شىڭ شىسەيمۇ شىنجاڭدا ۋەتەنپەرۋەر زاتلارغا شۇنداق زىيانكەشلىك قىلدى. دىمەك شىڭ شىسەينىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان خوجا نىياز ھاجى شەك - شۈبھىسىز ۋەتەنپەرۋەر بولۇپ، بۇ نۇقتىغا كوز يۇمغىلى بولمايدۇ.

فېئوداللىزمغا ۋەكىللىك قىلغان جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىگە قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتەرگەن خوجا نىياز ھاجى تولۇق سالاھىيەتكە ئىگە ئىنقىلابچى.

تارىخچىلىرىمىزنىڭ بۇ ئەمەلىيەتنى چەتنەپ كەتمەسلىكى زورۇر.

1982— يىل. سىنتەبىر

# قۇمۇل دېخانلار قوزغىلىڭىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا ئەسلىمە

ئەيسا نىياز

مەن بۇ قوزغىلاڭغا باشتىن - ئاخىرغىچە قاتناشقان بولغۇنۇم ئۈچۈن بۇ ھەقتە بەزى ئەسلىمىلىرىم بولسىمۇ بۇ ماقالامدا پەقەت ئۇنىڭدىكى بەزى ئايرىم مەسىلىلەر ئۈستىدىلا قىسقىچە توختۇلىمەن. كىتاپخانلىرىمىزنىڭ مۇھاكىمە قىلىپ كۆرۈشىنى ئۈمىت قىلىمەن.

1 - تۇرپان دېخانلار قوزغىلىڭىنىڭ كۆتىرىلىشى.

2 - قۇمۇل دېخانلار قوزغىلىڭىنىڭ تۇرپانغا يېتىپ كېلىشى.

3 - خوجانىياز ھاجىنىڭ ماجۇڭيىڭدىن ئايرىلىپ شىڭشىسەي بىلەن بىرلىشىشى.

4 - جەنۇبىي شىنجاڭدا بولغان بەزى ۋەقەلەر.

5 - ماجۇڭيىڭ ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى.

## 1 — تۇرپان دېخانلار قوزغىلىڭى

1931 - يىلى قۇمۇل دېخانلىرىنىڭ جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىگە قارشى ئىنقىلاۋىي قوزغىلىڭى 1934 - يىلىغىچە

4 يىل داۋام قىلىپ پۈتۈن شىنجاڭنى قاپلىدى.

جىن شۇرېن بولسا، بۇ قوزغىلاڭنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئۈرۈمچىدىن قۇمۇلغا ئارقىمۇ - ئارقا ئەسكەر يۆتكەپ قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈشكە كىرىشتى. خەلق قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشقا جىن شۇرېن ئۆزىنىڭ بارلىق ئەسكىرى كۈچىنى سېلىپلا قالماستىن، سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىدا شىنجاڭغا قېچىپ كەلگەن ئاق ئورۇسلاردىنمۇ نەچچە پولك مۇنتىزىم ئەسكەر تەشكىللەپ بۇ ئۇرۇشقا سالدى. ئۈرۈمچىدىن تاكى قۇمۇلغىچە بولغان ئارىلىققا خۇددى ھېسىپ تىققاندەك ئەسكەرلەر تولۇپ كەتتى. خەلقنىڭ ئۈستىدىكى سېلىق تېخىمۇ ئېغىرلىشىشقا باشلىدى. شۇنچە نۇرغۇن ئەسكەرلەرنىڭ يېمەك - ئىچمەك، بوغۇز، يەم - خەشەكلەرنىڭ ھەممىسى دېخانلارنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن ئىدى. شۇ يىللاردا جىن شۇرېن تۆرپانغا بىر لۈيجاڭلىق، پىچانغا بىر لۈيجاڭلىق ئەسكەر تۇرغۇزۇپ خەلقنىڭ ئۈستىدىن تېخىمۇ زورلۇق - زومبۇلۇق يۈرگۈزدى. تۈرلۈك قانۇنسىز باجلارنى ئۈستى - ئۈستىگە ئېلان قىلىپ، خەلقنىڭ ئاجىز ئىقتىسادىنى تېخىمۇ ۋەيران قىلدى. "سەي مەي" (ئاشلىق يوتكەش سېلىقى) دېگەن بىر بالايى - ئاپەتنى چىقىرىپ ناھايىتى نۇرغۇن ئاشلىقنى دېخانلارغا تۆرپاندىن قۇمۇلغا سېلىق ھېساۋىدا مەجبۇرى توشۇتۇپ مىڭلىغان، تۈمەنلىگەن دېخانلارنى ئات - ئۇلاق، ھارۋىلىرىدىن ھەتتا ئۆي - ماكان، بالا - چاقىلىرىدىنمۇ ئايرىپ خانىۋەيران قىلىۋەتتى. بۇ ھەقتە شۇ ۋاقىتتا تۆرپان دېخانلىرى ئارىسىدا مۇنداق قوشاقلار چىققان ئىدى.

سەي مەي دىگەن بۇ ئاپەت
بېشىمىزغا بالا بولدى.
ئوي ـ ماكانىدىن ئايرىلىپ،
يېتىشىمىز تالا بولدى.
قەرزدار بولۇپ بەگلەرگە
يېيىشىمىز قامچا بولدى.

بۇنىڭدىن خەلقىنىڭ نەقەدەر ئېغىر ئەھۋالغا قالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنىڭ خەلق ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن زۇلۇمىغا، تاقەت قىلىپ تۇرۇشقا ئامال قالمىدى. زۇلۇم قانچە ئاشقانسېرى خەلقنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتى شۇنچە ئاشتى. قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ غەلىبە قىلىپ، جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنىڭ تېزراق ئاغدۇرۇلۇشىنى كۈتتى. دەل مۇشۇ كۈنلەردە، يەنى 1932 ـ يىلى 11 ـ ئايدا بىردىنلا "خوجانىياز ھاجىم پىچانغا كېلىپ، چېردىكلەر بىلەن ئۇرۇشىۋاتقىدەك" دېگەن خەۋەر كېلىپ قالدى. بۇنىڭغا ناھايىتى خۇشال بولغان ۋە قاتتىق ئىشەنگەن ئاستانە خەلقى ئۆز ھاياجىنىنى باسالماي قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ئاستانىدىكى بىر نەچچە ئويلۇك گورۇكەش، جازانىخور، ئەپيۇنكەش خەنزۇلارنىڭ (قاراپۇزۇل دېگەنلەرنىڭ) ھويلىسىغا باستۇرۇپ كىرىپ ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى بۇلاپ، داگزىلىرىنى (قەرز دەپتەرلىرىنى) كۆيدۈرۈپ، بۇتلىرىنى چېقىپ ئىسيان ئوتىنى تۇتاشتۇردى. بۇ ئەھۋاللاردىن خەۋەر تاپقان مەخسۇت مۇھىتى ئۆزى بىللە بىر

قانچە يۈرت مۇتىۋەرلىرىنى باشلاپ خوجانىياز ھاجىنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن پىچانغا ماڭدى. ئەمما بۇلار لۈكچۈنگە بېرىپ ئەھۋالنىڭ باشقىچە ئىكەنلىكىنى يەنى پىچانغا كەلگەنلەر خوجانىياز ھاجى بولماستىن بەلكى ئوز بېشىمچىلىق بىلەن چىققان ماشىمىڭ باشلىق 20 نەچچە خۇيزۇ، ئۇيغۇر ئەسكەر ئىكەنلىكىنى، بۇلار پىچانغا ھۇجۇم قىلىپ ئالالماستىن چېكىنىپ لۈكچۈننىڭ دىغاي دىگەن يېزىسىغا بېرىپ نىمە قىلىشىنى بىلمەي تەمتىرەپ يۈرگەنلىكىنى چۈشەندى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇلارنى ئاستانىغا باشلاپ كېلەي دىسە كۈچىنىڭ تايىنى يوق، ئارقا تىرىگىمۇ يوق، تەكلىپ قىلمايلى دىسە، ئاستانە خەلقى قوزغىلاڭنى باشلاپ قويدى. ئۇلار مەسلىھەت قىلىپ ئاخىرى ئۇلارنى تەكلىپ قىلىپ ئاستانىغا باشلاپ كەلدى. ئۇلارمۇ ئاستانە خەلقىنىڭ قوزغىلاڭ كوتەرگەنلىكىدىن خوشال بولۇپ ئاستانىغا قاراپ يولغا چىقتى. قاراغوجىغا يېتىپ كەلگەندە تۇرپاندىن مالۇيجاڭ ئەۋەتكەن بىر يىڭجاڭلىق ئەسكەر بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇرۇش قىلدى. غەزەپكە كەلگەن ئاستانە خەلقى تەرەپ - تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ بىر نەچچە سائەت ئىچىدىلا بارلىق دۈشمەنلەرنى ئۇر كالتەك، سوق كالتەك قىلىپ تامامەن يوقۇتۇپ بىر قانچە يۈز تال مىلتىق، نۇرغۇن ئوق - دورىلارنى غەنىمەت ئالدى. بۇ قوراللار مەخسۇت مۇھىتىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئوۋچى پالۋانلارغا، يۈرت باتۇرلىرىغا تارقىتىپ بېرىلدى. بۇنىڭ بىلەن شۇ كۈنىنىڭ ئوزىدىلا بىر قانچە يۈز كىشىلىك قوراللىق پىدا-

يىلار قوشۇنى تەشكىل قىلىندى. مەخسۇت موھىتى قوزغىلاڭنىڭ رەھبىرى بولدى. دېمەك تۇرپان دىخانلىرىنىڭ جىنشۇرېن ھاكىمىيىتىگە قارشى بىرىنچى ئوقى ئاستانىدا ئېتىلىپ قوزغىلاڭ رەسمى باشلاندى.

مەخسۇت موھىتى تۇرپان ئاستانىدىكى باي ئائىلىسىدىن بولۇپ موسول موھىتى، مەخسوت موھىتى، مەھمۇت موھىتى، گوسول موھىتى دەپ تورت ئاكا - ئۇكا ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇت موھىتى تەرەققىپەرۋەر زىيالىي ئىدى. ئۇ 1920 - يىللاردا سودا مۇناسىۋىتى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ، موسكۋادا بىر قانچە يىل تۇرغان، بۇ جەرياندا ئىلغار ئىدىيىنى قوبۇل قىلىپ خەلقىنىڭ ئازاتلىق ئىشلىرى ئۈچۈن كۆرەش قىلىش لازىملىقىنى ھېس قىلغان. ھەم ئۇرۇمچىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئوزىنىڭ ئارزۇ - تىلەكلىرىنى ئاكىسى موسول موھىتى، ئىنىسى مەھمۇت موھىتى ۋە ئوزىنىڭ يېقىنلىرىدىن بۇرھان شەھىدى قاتارلىقلارغا ئېيتىپ ئۇلارنى بىرلىكتە كۆرەش قىلىشقا ئۇندەپ 7 كىشىدىن تەركىپ تاپقان «قەلەمتىراچ» ناملىق تەشكىلات قۇرۇپ رەسمى كۆرەش باشلىغان ئىدى. (شۇ چاغدا مەخسۇت موھىتى سوۋېت كومپارتىيە ئەزاسى ئىكەن دىگەن گەپلەرمۇ بولغان). 1931 - يىلى قۇمۇل دىخانلار قوزغىلىڭىنىڭ باشلىقى خوجانىياز ھاجىغا خەت يېزىپ بۇ قوزغىلاڭنى قوللايدىغانلىقىنى، خوجانىيازھاجىغا يېقىندىن ھەمكارلىشىدىغانلىقىنى بىلدۈردۇ. بۇ خەتنى ئوزىنىڭ ئۇرۇمچىدىكى ئىشەنچلىك ئادىمى تۇرپان ئاستانىلىق يۈسۈپ شۈپىر (يۈسۈپ موڭغۇل دەپمۇ ئاتاي-

دۇ) ئارقىلىق ئېۋەتىدۇ. ئاشلىق توشۇغۇچى ئىشەكچى
قىياپىتىدە قۇمۇلغا يېتىپ بارغان يۈسۈپ، چىغىر يوللار
بىلەن پىيادە تاقىغا چىقىپ خەتنى يەتكۈزۈپ خوجانىياز
ھاجىدىن «ھازىرچە قۇمۇلدىن ئايرىلىشقا بولمايدۇ، كې-
يىنچە چىقىمەن» دېگەن جاۋاپنى ئېلىپ قايتىپ كېلىدۇ.
1932 - يىلى ئەتىيازدا مەخسۇت موھىتى يەنە بىر پارچە
خەت يېزىپ تۇرپاندا قوزغىلاڭ شارائىتىنىڭ پىشىپ قال-
غانلىغىنى، مۇمكىن بولسا، تۇرپانغا كېلىپ قوزغىلاڭنى
بىرگە ئېلىپ بېرىشقا تەكلىپ قىلىدۇ. بۇ خەتنى يەنە
يۈسۈپ شوپۇر ئېلىپ بارىدۇ. يۈسۈپ بىر قېتىم ماشىنا
ھايداپ قۇمۇلغا بارغان ئىدى. ماشىنىنى شەھەرگە تاش-
لاپ قويۇپ چىغىر يول بىلەن تاقىغا چىقىپ خەتنى خوجا
نىياز ھاجىغا تاپشۇرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا قۇمۇل يولى بەك
چىڭ توسالغانلىقتىن، يۈسۈپ بۇ خەتنىڭ جاۋابىنى ئېلىپ
كېلەلماي ئۆزى خوجانىياز ھاجىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ قالى-
دۇ. خوجانىياز ھاجى يۈسۈپنى تاشقى مۇڭغۇلىيىگە ئو-
قۇشقا ئېۋەتىدۇ. بۇ كىشى 1937 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈ-
رۈپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىدۇ (يۈسۈپ موڭغۇل دېگەن
لەقەم شۇندىن قالغان). دېمەك يۈسۈپ موڭغۇل ئۈرۈمچى-
گە كەلگەندىن كېيىن ئۆلكىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىدا سا-
نائىي نەپىسە مۇدىرى بولۇپ ئىشلىدى. كېيىنكى ۋاقىت-
لاردا شىڭشىسەينىڭ تۈرمىسىدە بىر قانچە يىل يېتىپ
چىقىپ 1950 - يىللىرى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات
بولدى. ئۇنىڭ تۇنجى ئوغلى ئەنۋەرنى 3 ۋىلايەت ئىنى-
قىلاۋى ۋاقتىدا گومىنداڭنىڭ يەكەندىكى جاللات ۋالىسى

جۇفاڭگاڭ تېرىك كومۇپ ئولتۇرۇۋەتتى. ئەنۋەر 20 ياش ئىدى.

ئاستانىدىكى قوزغىلىشتىن خەۋەر تاپقان تۇرپان، پىچان، توقسۇن دېخانلىرى خوش بولۇشۇپ قوللىرىغا ئوغاق - پالتىلىرىنى ئېلىشىپ توپ - توپى بىلەن ئاستانىغا كېلىشىپ مۇھىتلار قوراسىغا توپلۇنۇپ تۇرپان شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىش تەييارلىقىنى كوردى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا 1932 - يىلى 12 - ئاينىڭ باشلىرىدا گۇچۇڭدىن ناھايىتى نۇرغۇن ئەسكەر كەلگەن خەۋەر ئاڭلاندى. دېخانلار بۇ ئەسكەرلەرنى توساپ شەھەرگە كىرگۈزمەستىن يوقۇتۇشنى مەسلىھەتلەشتى. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا تۇرپان كونا شەھەر ئىچىدە (لوچىڭدا) جىن شۇرېننىڭ بىر لۈيىجاڭلىقتىن ئارتۇق ئەسكىرى بار ئىدى. ئەگەر ئۇلار بىلەن بىرلىشىۋالىدىغان بولسا، دۈشمەن كۈچلىنىپ كېتەتتى. شۇڭا ئاستانىدىكى قوزغىلاڭچىلار ئاتلىنىپ كېچىلەپ يۈرۈپ ئەتىسى تۇرپان شەھەر ئەتراپىغا كېلىپ قارىساق گۇچۇڭدىن يوغان تېرەك ئارقىلىق كەلگەن مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر كونا شەھەر ئەتراپىغا كېلىپلا قالغان ئىكەن. بىز دەرھال ھۇجۇم باشلىدۇق. ئۇرۇش ناھايىتى قاتتىق بولدى. لېكىن دۈشمەننى توسۇپ ئالالمىدۇق، شەھەرگە كىرىۋالدى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ مەخسۇت موھىتى باشلىق ھەممەيلەن مۇزاكىرىلىشىپ قانداق بولمىسۇن، ئەتە كونا شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش كېرەك، دېگەن قارارغا كېلىشىپ ئۇرۇش تەييارلىقىنى كورۈۋاتقان كېچىسى تاڭغا يېقىن بىر ۋاقىتتا ئۇرۇمچىدىن نۇرغۇن

ئەسكەر كېلىپ «بىز ئۇرۇمچىدىن مالۇيجاڭغا ياردەم ئۇچۇن كەلدۇق، دەرۋازىنى ئېچىڭلار» دەپ تـوۇرغـانلىغىنى ئاڭلىدۇق. بۇنى ئاڭلىغان ماشىمىڭ ئالاقـزادە بولۇپ «شەھەرنى تاشلاپ توخسۇنغا كېتەيلى» دىدى. موھىتى بۇنىڭغا قوشۇلماي هۇجۇم قىلىپ يوقۇتۇشنى تەشەببۇس قىلىدى. بۇ پىكىرگە هەممەيلەن قوشۇلۇپ تاڭ ئېتىش بىلەن تەرەپ - تەرەپتىن تۇيۇقسىز هۇجـۇم باشلىدۇق. دۇشمەن ئالاقزادە بولۇپ هۇركۇپ كەتكەن پاقىدەك ئـۇرۇمچىگـە قاراپ قاچتى. خەلق ئاممىسى بۇلارنى قوغلاپ يۇرۇپ شۇ كۇنىنىڭ ئۇزىدىلا 2 مىڭدىن ئارتۇق دۇشمەننى يوقاتتۇق. 70 - 80 چە دۇشمەن داۋانچىڭغا قېچىپ قۇتـۇلـدى. بـۇ ئۇرۇشتا بىر قانچە مىڭ تال مىلتىق، نۇرغـۇن ئـوق - دورا، ئات، هارۋا، كىيىم - كېچەك قاتارلىق نەرسىلـەر غەنىمەت ئالدۇق. بۇ قوراللار تارقىتىپ بېرىلدى. قولىغا قورال ئالمىغان بىرمۇ ئادەم قالمىدى. شۇ كۇنى هاياتىمدا بىرىنچى قېتىم قولۇمغا قورال ئالغىنىم ئـۇچـۇن ئوزەمنى ئاددى يېزا ياشلىرىدىن ئەمەس، چوڭ بىر باتۇر جەڭچىگە ئايلىنىپ قالغاندەك هېس قىلدىم ۋە شۇندىن ئېتىۋارەن ھەممۇت موھىتىنىڭ يـان ئەسكىرى بـولـۇپ قالدىم. بۇ بىز قىلغان 2 - چـوڭ ئـۇرۇش هىساپلىنىدۇ.

3 - چوڭ ئۇرۇش تۇرپان كونـا شەهـرىنـى ئېلىش ئۇرۇشى، بولۇپ بۇنىڭدىمۇ دۇشمەننى يېڭىپ ناهايىتى زوو غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۇردۇق. ئالدىنقى ئىككىدىكى ئۇرۇش غەلىبىسى بىلەن تولۇق قوراللانغان خەلق ئاممىسى كونـا شەهەرگە شىددەتلىك هۇجۇم باشلىدى. بۇ ۋاقىتتا تۇرپان

كونا شەھەر ئىچىدە نەچچە مىڭ دۈشمەن بار ئىدى. ئۇ-
لار ناھايىتى قاتتىق مۇداپىئە كوردى. بىزمۇ پۇختا تەي-
يارلىق كورۇپ شۇ كېچىسى ھۇجۇم قوزغىدۇق. بۇ ئۇرۇش
دەسلەپ ناھايىتى قاتتىق بولدى. ھەر ئىككى تەرەپتىن
ئېتىلغان ئوق ئاۋازى خۇددى قوماچ قورىغاندەك پۇرۇق-
لاپ كەتتى. قاراڭغۇ چۈشۈش بىلەن پىدايىلار يامغۇردەك
توكۇلىۋاتقان ئوققا قارىماستىن بېرىپ دەرۋازىلارغا ئوت
قويدى. شۇ زامان ئوت يالقۇنلىرى ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى.
بۇنىڭدىن قورقۇپ كەتكەن دۈشمەنلەر (مالۇيجاڭ) دەرھال
ئوق ئېتىشنى توختۇتۇپ، ئاق بايراق چىقىرىپ تەسلىم
بولۇشنى بىلدۈردى. كېيىن شەھەردىن ۋەكىل چىقىپ
موھىتلار بىلەن سوزلۇشۇپ قورال تاپشۇرماقچى بولدى.
توختامغا بىنائەن بىر نەچچە يۈز تال مىلتىق، نۇرغۇن
ئوق - دورا، بىر دانە يۈك ماشىنىسى تاپشۇردى.

ئەمدى پىچان شەھىرىنى ئالماقچى بولدۇق. ئەمما
پىچاندا جىن‌شۇرېننىڭ كۈچلۈك قوراللانغان نەچچە مىڭ
ئەسكىرى شەھەرنى قاتتىق مۇداپىئە قىلىۋاتاتتى. ئۇلار
ئىچىدە سوۋېت ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىدا شىنجاڭغا قېچىپ
كەلگەن ئاق ئورۇسلاردىن تەشكىللەنگەن بىر پولك مۇن-
تىزىم ئەسكەر بولۇپ ئېغىر - يىنىك پىلىموت، توپ - زەم-
بىرەك، مىلتىقلار بىلەن قوراللانغان ئىدى. بۇنداق كۈچ-
لۈك دۈشمەن بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ئەلۋەتتە ياخ-
شى تەييارلىقنىڭ بولۇشى لازىم ئىدى. شۇڭا پىچانغا
مېڭىش ئالدىدا باشلىقلار مۇزاكىرىلىشىپ تەشكىللەش ئىشى-
لىرىنى ئېلىپ باردى: مەخسۇت موھىتى باش قوماندان

بولدى. ھەمدۇللا دامولla. موسۇل موھىتى، ئىمىن باي ھاجى باش مەسلىھەتچى، ماشىنىك سىجاك، مەھمۇت موھىتى لۈيجاك بولۇپ تەيىنلەندى. باش قوماندانلىق شتابى قۇرۇلۇپ ئىنى مۇھىتلارنىڭ تۈرپاندىكى قورۇسى بولدى. جايلارنى ئاساس قىلغان ھالدا تۈمەن، يىڭ، لىيەنلەر قۇرۇلدى. تۇرپان قىسىملىرىغا ئابدۇللا دامولla تۈمەنجاڭ (تۈرپانلىق)، ئاستانە قىسىملىرىغا نىياز تۈمەنجاڭ (ئاستانىلىق)، قاراغوجا قىسىملىرىغا پولات تۈمەنجاڭ (قاراغوجىلىق)، لۈكچۈن قىسىملىرىغا ئىبراھىم تۈمەنجاڭ (ياڭخىلىق)، توخسۇن قىسىمىغا ئابدۇسەمى يىڭجاڭ (يەمشىلىك)، سىڭگىم - مۇرتۇق قىسىمىغا ئىسكەندەر لەنجاڭ (مۇرتۇقلۇق) لىققا تەيىنلەندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەرلىك خوجىزۇلاردىن ئىككى پولك تەشكىل قىلىنىپ بۇلارغا ماشىنىگنىڭ ئىچكىرىدىن بىللە چىققان خوجىزۇ ھەمراھلىرىدىن تۈمەنجاڭلار تەيىنلەندى. شۇ كۈندىن باشلاپ قوزغىلاڭچىلارنىڭ نامى ئەسكەر دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. تەشكىللەش ئىشى بىر ھەپتە ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن ئوبدان تەييارلىقلار قىلىپ 1933 - يىلى 1 - ئايدا پىچانغا يۈرۈش قىلىپ 12 كېچە-كۈندۈز قاتتىق ئۇرۇش قىلغان بولساقمۇ پىچاننى ئالالىدۇق. كېچىلىرى شەھەر دەرۋازىلىرىغا ئوت قويۇش، سېپىلگە شوتا قويۇپ ھۇجۇم قىلىشىمىزغا زادىلا مۇمكىن بولمىدى. ئۇرۇشنىڭ 11 - كۈنى قۇمۇل تەرەپتىن جىن شۇرېننىڭ نەچچە مىڭلىغان ئەسكىرى شىڭزىخۇيىنىڭ (شىڭشىسەيىنىڭ) باشچىلىقىدا پىچاندىكى دۈشمەنلەرگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن تۇيۇقسىز باس-

تۈرۈپ كېلىپ قالدى. بۇلار بىزنىڭ ئارقا تەرىپىمىزدىن توپ - زەمبىرەكلەر بىلەن قاتتىق ھۇجۇم باشلىدى. ھەتتا بۇ ئۇرۇشقا ئايرۇپىلان، تومۇر كۆككىلەرمۇ قاتناشتى. بىز تەرەپتىن نۇرغۇن ئادەم چىقىم بولدى. ئەھۋالغا قاراپ چېكىنىدۇق. شىڭنىڭ ئەسكەرلىرى تۇرپانغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. بىز ئۇلارنى لەمجىن، خاندو، سىڭگىم ئېغىزى قاتارلىق جايلاردا توساپ زەربە بەرگەن بولساقمۇ ئۈنۈم بەرمىدى. بىز تۇرپاننى ۋاقىتلىق تاشلاپ توخسۇنغا كەتتۇق.

بۇ يەردە ھەر قايسى باشلىقلار جىددى يىغىن ئېچىپ ماشىمىڭ، مەھمۇت موھىتلار پۈتۈن ئەسكەرلىرنى ئېلىپ قاراشەھەرگە بېرىپ تۇرۇش، مەخسۇت موھىتى قۇمۇلغا كىرىپ خوجانىياز ھاجىنى باشلاپ چىقىپ تۇرپان، قۇمۇل قىسىملىرىنى بىرلەشتۈرۈپ يېڭىدىن قوشۇن تەشكىل قىلىپ تۇرپان، پىچان، توخسۇنلارنى قايتا ئېلىپ، كۈچنى توپلاپ جىن شورېن ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇش قارارىغا كەلدى. بۇ قارارغا بىنائەن 1933 - يىلى 1 - ئاينىڭ ئاخىرى ماشىمىڭ، مەھمۇت موھىتلار پۈتۈن ئەسكەرلىرىنى باشلاپ قاراشەھەرگە ماڭدى. مەخسۇت موھىتى بولسا مەسلىھەتچى ئىمىن باي ھاجى، لۇكچۈن ۋاڭى سايىتلارنى باشلاپ پىلات تۇمەنجاڭنىڭ مۇھاپىزىتىدە قۇمۇلغا ماڭدى (مەن ھەم بىرگە بارغان). بۇ ئەھۋالدا پۈتۈن تۇرپان رايونى دۈشمەن قولىدا قالدى.

## 2 — قۇمۇل دىخانلار قوزغىلىڭىنىڭ تۇرپانغا يېتىپ كېلىشى

بىز بىر نەچچە يۈز ئادەم مەخسۇت موھىتىنىڭ باش-
چىلىقىدا ئارقا يول بىلەن (قۇمۇلنىڭ چوڭ يولىدا شىڭ
نىڭ ئەسكەرلىرى كۆپ ئىدى) مېڭىپ بىر كېچە قونۇپلا
2 - كۈنى قۇمۇلغا يېتىپ باردۇق. بىز بارساق خوجانىياز
ھاجى تاغدىن چۈشۈپ قۇمۇلنىڭ بىر ئورتەڭ غەربى تە-
رىپىدىكى ئاستانە دېگەن يەردە شىڭنىڭ قالدۇق ئەسكەر-
لىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان ئىكەن. مەخسۇت موھىتى
دەل مۇشۇ جايدا خوجانىياز ھاجى بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ
قىزغىن قۇچاقلاشتى ۋە بۇ ئىككى رەھبەر بىر نەچچە
كۈن ئۆز ئارا سوھبەتلەشتى. سوھبەت جەريانىدا خوجانى-
ياز ھاجى مۇنداق سوزلەرنى قىلىپ ئوتتى: مەن سىزنىڭ
يۇسۇپتىن ئەۋەتكەن خېتىڭىزنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. ئۇ
چاغلاردا ئېغىر ئەھۋالغا قالغانلىقتىن تۇرپانغا چىقالمىدىم،
ئاردىمىزدىكى بەزى ئادەملەر گەنسۇغا كىرىپ ماجۇڭيىڭنى
تەكلىپ قىلساق دېيىشتى. مەنمۇ بۇ پىكىرگە قوشۇلۇپ
ئادەم كىرگۈزۈپ ئېلىپ چىققان بولساقمۇ، ماجۇڭيىڭ بىز-
نىڭ دېگەن يېرىمىزدىن چىقمىدى. ئاغزىدا «مەن سىلەرگە
شىنجاڭنى ئېلىشىپ بېرىش ئۈچۈن ياردەمگە چىقتىم» دې-
سىمۇ ئەمەلىيەتتە شىنجاڭنى ئەمەس، ھەتتا قۇمۇلنىمۇ ئې-
لىشىپ بەرمەستىن قولىغا چۈشكەن قورال - ياراق، ئوق -

دۇرىلارنى كورۇپ كوزى قىزىرىپ، پۇتىغا ئوق تەككەننى
بانا قىلىپ گەنسۇغا كىرىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭغا بىر
قىسىم قورااللارنى بىر ئاز قالدۇرۇپ كەت دەپ ئېيتسام-
مۇ ”بولمىدۇ، ئەتە تاپشۇرۇپ بېرەي„ دەپ يالغان ئېيتىپ
شۇ كېچىسىلا قېچىپ كەتتى. بۇنى بىلگەن شىڭشىسەي
تۇرغۇن ئەسكەرلىرىنى بىزگە سېلىپ ھۇجۇمنى كۈچەيتتى.
بۇ چاغدا بىزنىڭ ئەھۋالىمىز ئېغىرلىشىشقا باشلىدى.
ئاردىمىزدىكى يولۋاس، ئوسمان ھاجى قاتارلىقلار قورقۇپ
كېتىپ بىزنى تاشلاپ گەنسۇغا قېچىپ كېتىشتى. دىمەك
مۇشۇنداق سەۋەپلەر بىلەن تۇرپانغا چىقالمىدىم„ دىگەن
سوزلەرنى قىلىپ ماجۇڭيىڭدىن ناھايىتى رەنجىگەنلىگىنى
ئېيتتى. ئۇ، يەنە سوزىنى داۋام قىلىپ ”ئەمما بىزگە
موڭغۇللار بىلەن ئورۇسلار (سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن تاش-
قى موڭغولىيەنى دىمەكچى) ھەر جەھەتتىن كوپ ياردەم
بېرىپ تۇردى„ دىگەن سوزلەرنى قىلدى. مەخسۇت موھى-
تى ”ماشىمىڭنى ئوزلىرى چىقارغانمۇ؟„ دەپ سورىغاندا،
خوجانىيازھاجى”ياق، ئۇلار ماجۇڭيىڭنىڭ تاشلاپ كەتكەن
ئادەملىرى، ئاڭلىسام سىزلەرگە مېنى چىقاردى دەپ
يالغان ئېيتىپتۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق يالغانچى
ئوغرىلار„ دىگەن جاۋاپنى بەردى. بۇ ئىككى رەھبەرنىڭ
سوھبىتىدىن 1) قۇمۇل دىخانلار قوزغىلىڭىنى باشتىن تار-
تىپلا سوۋېت ئىتتىپاقى قوللاپ ئوبدان ياردەم قىلىپ
كەلگەنلىگىنى 2) خوجانىياز ھاجى بىلەن ماجۇڭيىڭ ئوت-
تۇرىسىدا ئىختىلاپ بار ئىكەنلىگىنى چۈشەنگىلى بولات-
تى. شۇ چاغدا خوجانىياز ھاجى ئەسكەرلىرى تۇتقان

قورالارنىڭ ھەممىسى دىگىدەك سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن 5 ئاتار مىلتىقلار بولۇپ، ئۇچىسىدا سوۋېتتە ئىشلەنگەن يامغۇرلۇق كىيىم، پۇتلىرىدا چىگىردىن رابوتـچى ئۆتۈك، ئات ئىگەرلىرىدىمۇ شۇ يـاقتا ئىشلەنگەن ئىـكەنلىگىنى كۆرگەن ئىدۇق.

بۇ ئىككى رەھبەرنىڭ قومۇلدىكـى سوھبىتـى بىر ھەپتە داۋام قىلىپ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن خوجانىيازھاـجىنىڭ سەپداشلىرىدىن قۇربان دورغا، سالى دورغا، سىـپى ئاخۇن، پازىل تۈەنجاڭلارنى بىرگە ئېلىپ بىر قىسىم ئەسكەرلىرى بىلەن تۇرپانغا قاراپ يولغا چىقتى. خوجـاـنىياز ھاجى دەسلىۋىدە تۇرپانغا چىقىشنى ئانچە خالىمىـدى. پەقەت مەخسۇت موھىتىنىڭ تەكرار تەلەپ قىلىشـى بىلەنلا چىقتى. بىز شۇ يىلى 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرىسى قوـمۇلدىن يولغا چىقىپ 3 كۈن يول يۈرۈپ حاندۇغا يېتىپ چىقىپ بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ لۇكچۇنگە كەلدۇق. بۇنى ئاڭلىغان تۇرپان، پىچان، توقسۇن خەلقلىرى خوشاللىقـى ئىچى ـ ئىچىگە پاتمىغان ھالدا توپ ـ توپى بىلەن لۈكـچۇنگە كېلىشىپ زىيارەت قىلدى. ھەمـدۇللا داموللامۇ تۇرپاندىن نۇرغۇن ئادەملەر بىلەن كېلىپ خوجانىيازھاجى بىلەن تۈنجى قېتىم يۈز كۆرۈشتى. بىز بۇ يەردە مەھمۇت موھىتىنىڭ قارا شەھەردىن يېتىپ كېلىشىنـى كـۈتـۈپ تۇرماقچى ئىدۇق (خوجانىياز ھاجى خاندۇغا كەلگەنـدىلا مەخمۇت موھىتنى قارا شەھەردىن چاپسان كەل دەپ ئادەم ماڭدۇرغان ئىدى). ئەمما بىزنىڭ لۈكچۈنگە يېتىپ كەلـگەنلىگىمىزدىن خەۋەر تاپقان شىڭشىسەي تۇرپان، پىچانـ

دىن نەچچە يۈزلىگەن ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرىنى ئېغىر
توپ - زەمبىرەكلەر بىلەن ئۇكچۇنگە ئىۋەتىپ شەھەرگە
قاتتىق ھۇجۇم قىلدى. بىز شەھەر ئىچىدە مۇداپىئە كۆر-
ۈپ 3 كېچە - كۈندۈز جىددى ئېلىشتۇق. ئەمما ئاق
ئورۇس ئەسكەرلەر قاتتىق ھۇجۇم قىلدى. يەنە بىر تە-
رەپتىن ئەسكىرى كۈچىمىزنىڭ ئاجىزلىقى، ئوق - دورا،
يېمەك - ئىچمەكلىرىمىزنىڭ تۈگەپ قالغانلىقى ئۈچۈن
شەھەرنى تاشلاپ چىقىشقا مەجبۇر بولدۇق. تاكى دۈشمەن-
لەر سېپىلغا يامىشىپ چىقىپ شەھەر كوچىلىرىغا كىرگەن-
دىن كېيىنلا، بىز جەنۇبى دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتۇق.
دۈشمەنلەر شەھەرگە كىرىپ پۈتۈن شەھەر ئاھالىسى ئۈس-
تىدىن دەھشەتلىك قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈپ كوچىلاردا قان
ئاققۇزدى. ئوت قويۇپ نۇرغۇن ئىمارەتلەرنى كۆيدۈرۈ-
ۋەتتى. بۇ ئۇرۇشتا بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىزدىنمۇ نۇرغۇن
چىقىم بولدى. ئاتاغلىق رەھبەرلەردىن مەخسۇت مۇھىتى،
ھەمدۇللا داموللا مۇشۇ ئۇرۇشتا قۇربان بولدى. دۈشمەنلەر
مەخسۇت مۇھىتىنىڭ بېشىنى كېسىپ ئۇكچۇن، ئاستانىلاردا
دەرەخلەرگە ئېسىپ سازايى قىلدى. بىز شەھەردىن چى-
قىپ بىر سائەتتىن كېيىن مەخسۇت مۇھىتىنىڭ قۇربان
بولغانلىقى خەۋىرى يېتىپ كەلدى. بۇنى ئاڭلاش بىلەن
خوجانىياز ھاجى ”ھەي مەخسۇت، سەن ئېلگىچە مەن ئول-
سەم بولماسمىدى„ دەپ ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى. شۇنداقلا
پۈتۈن ئەسكەرلەر كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ئىسسىق ياش-
لىرىنى تۆكۈپ يىغلاشتى ۋە ئېغىر قايغۇغا چۆمۈشتى. بۇ،
ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى چوڭ يوقۇتۇش ئىدى! بىرەر سا-

ئەت سۈكۈتتىن كېيىن ئاخىرى خوجانىياز ھاجى باشچى-
لىغىدا ماتەم دۇئاسى ئوقۇپ لۈكچۈننىڭ دىغاي دىگەن
يېزىسىغا يۈرۈپ كەتتۇق. خوجانىياز ھاجىنىڭ بېشى ناھا-
يىتى قاتتى. چۈنكى مەخسۇت موھىتىدەك بىر چوڭ تايان-
چىدىن ئايرىلىپ ئۆزى يالغۇز قېلىپ، نىمە قىلىشىنى
بىلالماي تۇرپاننى تاشلاپ قۇمۇلغا قايتىپ كېتىش ئويى-
لىرىدىمۇ بولدى. لېكىن ئۇ قايتا - قايتا ئويلۇنۇپ مەھ-
مۇت موھىتى تېزراق يېتىپ كەلسە بىرلىكتە كۈرەش
قىلىشنى لايىق تاپتى. مەھمۇت موھىتىغا خەت يېزىپ
قارا شەھەرگە ئىككى ئادەم ئەۋەتتى (بىرسى قازاق جەڭ-
چى رىشىت، يەنە بىرسى مەن ئىدىم). بىز كومۇشكە يې-
تىپ بارغىدا مەھمۇت موھىتىلار بىلەن ئۇچرۇشۇپ بىرلىك-
تە تۇرپانغا قايتىپ كەلدۇق. بۇ ۋاقىتتا خوجانىياز ھاجى-
مۇ تۇرپان شەھرىگە كىرىپ ئورۇنلۇشۇپ تۇرغان ئىكەن.
1933 - يىلى 3 - ئايدا خوجانىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت
موھىتى ئۇچرۇشۇپ چوڭ بىر كۈرەش قوشۇنى تەشكىل
قىلىندى. ماشىنىڭ بولسا خوجانىياز ھاجىنىڭ يېنىغا
كېلىشىنى خالىماي 2 تۈمەن ئەسكىرى بىلەن
قارا شەھەردە قالغان ئىدى.

## 3—خوجا نىياز ھاجىنىڭ ماجۇڭيىڭدىن ئايرىلىپ شىڭ شىسەي بىلەن بىرلىشىشى

خوجا نىياز ھاجى، مەھمۇت موھىتلار تۇرپاندا ئۇچ-
راشقاندىن كېيىن، شىمالى شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىشنىڭ

تەييارلىقىغا كىرىشتى. بۇ ئىش قىزغىن كېتىپ بارغاندا يەنى شۇ يىلى 4-ئايدا شىڭ شىسەي ۋەكىل ئەۋەتتى. شىڭ شىسەينىڭ ئەۋەتكەن خېتىدە "سىلىنىڭ جىن شورېنغا قارشى قوزغىلاڭ كوتۇرۇشلىرى توغرا ئىدى. مەن ئەزەلدىن سىلى بىلەن ئۇرۇشۇشنى خالىمايتتىم، ئەمما مەن بىر ھەربى ئادەم بولغانلىغىم ئۈچۈن بۇيرۇقتا بوي سۇنماي بولمايتتى، شۇڭا سىلى بىلەن نائىلاج بىر نەچچە قېتىم ئۇرۇش قىلدىم، مەن ھازىر ئۇرۇمچىدە جىن شورېنغا قارشى تۇرۇپ ئۇنى يوقاتتىم، ئەمدى ئىككىمىز ئۇرۇشنى توختاتساق، سىلى ئۇرۇمچىگە چىقسىلا، بىز بىرلىكتە شىنجاڭنى باشقۇرساق" دېگەن ئىكەن. خوجانىياز ھاجى ئۇنىڭ تەكلىۋىنى كەسكىن رەت قىلدى. "ئەمدى ئۇ... تۇغۇم كەپلەشكەندە مېنى ئالدىماقچى بولدىما، مەن ئۇنىڭ بىلەن ھەرگىز ئەپلەشمەيمەن. ئاخىرغا قەدەر ئۇرۇشۇپ ئۇ ئولتۇرگەن بارلىق قېرىنداشلىرىمىنىڭ قىساسىنى ئالىمەن" دېگەن سوزلەرنى ۋەكىللەرنىڭ ئالدىدا ئوچۇق ئېيتىپ قايتۇرۇۋەتتى. ھەقىقەتەنمۇ شىنجاڭ خەلقىنىڭ شىڭ شىسەيگە بولغان غەزىۋى ئىنتايىن كۈچلۈك ئىدى. چۈنكى ئۇ بىر نەچچە يىللىق ئۇرۇش جەريانىدا قۇمۇل، تۇرپانلاردا ناھايىتى نۇرغۇن بىگۇنا خەلقلەرنى ئولتۇرۇپ، ئوي-ئىمارەتلىرىگە ئوت قويۇپ قىلمىغان ئىشلىرى قالمىغان ئىدى. بىز ئۇنىڭ ئەسكىلىكلىرى ئۈستىدە يىراقتىن سوز ئاچماي، يالغۇز ئۇنىڭ ئورۇمچىگە چىقىپ كېتىش ئالدىدا قىلغان ۋەھشىلىكلىرىنى ئويلىغاندىمۇ چىداپ تۇرغىلى بولمايدۇ. مەسىلەن: ئۇ، ئوتكەن

ئايدا يەنى 3-ئايدا لۈكچۈندە ناھايىتى چوڭ قىرغىنچى-
لىق ئېلىپ بېرىپ نۇرغۇن پۇقرالارنى ئولتۈرۈپ، ھەتتا
مەخسۇت موھىتىنىڭ بېشىنى كېسىپ دەرەخلەرگە ئېسىپ
خەلقنىڭ يۈرىگىگە خەنجەر سانجىدى. يەنە شۇنىڭدەك
ئورۇمچىگە چىقىپ كېتىش كۈنى ئوزى بىۋاستە ئۇستىدە
تۇرۇپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، پولات قارى، تومۇر جىسا قا-
تارلىق 17 ئادەمنى يېڭى شەھەرگە ئېلىپ كىرىپ (مىللى-
لار ئولتۇراقلاشقان شەھەرگە) 4 كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا
تىرىك تۇرغۇزۇپ ئەزالىرىنى بىر-بىرلەپ كېسىپ، خەن-
جەر بىلەن سانجىپ، قىلىچ بىلەن چېپىپ ئولتۇرۇپ كەت-
كەن ئىدى. شۇڭا بۇ قانخور جاللاتقا قارشى ئاخىرغىچە
ئورۇش قىلىپ، ئىنتىقام ئېلىش پۈتۈن خەلقنىڭ كۈچلۈك
تەلىۋى ئىدى. شۇڭا خوجانىياز ھاجى خەلقنىڭ بۇ ئار-
زۇسىنى ئىپادىلەپ شىڭنىڭ پىكىرلىرىنى قەتئى رەت
قىلغان ئىدى.

شىڭ شىسەينىڭ ھىلىقى ”جىن شورېننى يوقاتتىم„ دې-
گەن سوزىمۇ بىر يالغانچىلىقتىن ئىبارەت ئىدى.
چۈنكى ئۇنى يوقاتقان شىڭ شىسەي بولماستىن باشقىلار
ئىدى. يەنى شىڭ شىسەي تورپاندىن ئورۇمچىگە قايتىپ
چىقىپ يەنىلا جىن شورېننىڭ پېشىنى كوتۈرۈپ يۈرگەن
كۈنلىرىدە جىن شورېننىڭ يېنىدىكى
ئەمەلدارلىرىدىن جاڭ شىڭ، چېن دېلى، جادۇشۇۋ،
جىن رۇنچىڭ (شەرقى شىمال يىدايىلار قوشۇنىنىڭ باشلى-
غى) قاتارلىقلار 1933-يىلى 4-ئاينىڭ 12-كۈنى جىن-
شورېنغا قارشى ئىسيان كوتۈرۈپ، سىياسى ئوزگۈرۈش

قىلىپ ئۇنى تەختتىن چۈشۈرۈپ ھاكىمىيەتنى قولغا ئا-
لىدۇ. جىن شورېن مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن چوچەك ئار-
قىلىق سوۋېت يېرى بىلەن نەنجىڭگە كەتكەن ئىدى. شىڭ-
شىسەي بولسا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مەنسەپكە ئىگە بول-
غاندىن كېيىن سىياسى ئۆزگۈرۈش قىلغانلارنىڭ باشلىق-
لىرىنى يوشۇرۇن سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈپ ئوزىنى-ئو-
زى «دۇبەن»، «ئاپرېل ئىنقىلاۋىنىڭ داھىسى» دەپ ئېلان
قىلىپ، شىنجاڭنىڭ پادىشاسى بولغان ئىدى. ئۇ ئەمدى
قانلىق قولىنى خوجانىياز ھاجىغا سوزۇپ، ئۇنى ئالداپ
يوقۇتۇپ، پۇتۇن دېخانلار قوزغىلىڭىنى تۇنجۇقتۇرۇش نىيە-
تىگە كىردىشكەن ئىدى. خوجانىيازھاجى بۇ قېتىم ئۇنىڭ
ئالدام خالتىسىغا چۈشمەي ئۇنىڭ ۋەكىللىرىنى
قايتۇرۇۋەتتى.

خوجانىيازھاجى، مەھمۇت تۇرپاندىكى تەييارلىق
ئىشلىرىنى پۇتتۇرۇپ قومۇل، تۇرپان قىسىملىرىنى باشلاپ
1933-يىلى 4-ئاينىڭ ئاخىرى كوكيار ئېغىزى ئارقىلىق
شىڭ شىسەيگە قارشى شىمالى شىنجاڭغا جازا يۇرۇشى باش-
لىدى. بۇ تارىخىي چوڭ يۇرۇش ئىدى. بىز شىمالى شىن-
جاڭغا ئوتۇپ دەسلەپ مورى، گۇچۇڭ ئەتراپلىرىدا شىڭ-
شىسەينىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ غەلىبە قازىنىپ
ئوكۇشلۇق كېتىۋاتقان كۈنلەردە تۇساتتىنلا «ماجۇڭيىڭ
قومۇلغا يېتىپ چىقىپ مورىغا قاراپ كېلىۋاتىدۇ» دېگەن
خەۋەر كېلىپ قالدى (بۇ خەۋەرنى ئۇنىڭ زاكىر دېگەن
تاتار سەنمۇسى ئېلىپ كەلدى). بۇ خەۋەرنى ئاڭلاش بى-
لەن خوجانىيازھاجىنىڭ ئاچچىغى كەلدى. بۇنىڭغا مەھمۇت

موھىتى بىر ئاز ئەجەپسىنىپ سەۋەبىنى خوجانىياز ھاجىدىن سورىدى. خوجانىياز ھاجى «ئۇنىڭ شىنجاڭغا چىقىشى بىز ئۈچۈن ياخشى ئەمەس» دەپ جاۋاپ بېرىش بىلەن سەۋەبىنى ئۇ خۇددى مەخسۇت مۇھىتىغا قۇمۇلدا سوزلەپ بەرگەندەك بىر-بىرلەپ سوزلەپ بەردى. موھىتى ئانداق بولسا بىز ھازىرچە ئۇرۇشنى بىر ئاز توختۇتۇپ، ئەسكەرلەرنى تاغدا بىر ئاز دەم ئالدۇرۇپ، ئوزىمىز كوكيارغا بېرىپ، بۇ ھەقتە مەجلىس ئېچىپ ئۇنىڭغا قارىتا قانداق مۇئامىلە قوللىنىش ھەققىدە بىر پىكىرگە كېلەيلى، دېگەن پىكىرنى بەرگەندىن كېيىن، خوجانىياز ھاجى باشلىق بىر قانچە باشلىقلار كوكيارغا بېرىپ بىر نەچچە كۈن مەجلىس ئېچىپ ماجۇڭيىڭغا قارىتا ھۇشيار بولۇش، لېكىن ھازىرچە ھېچ قانداق غەيرىي پوزىتسىيىدە بولماستىن يەنىلا توغرا، ئوبدان مۇئامىلە قىلىش، ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەمەلىي ھەركىتىگە قاراپ ئىش كورۇش دېگەن قارارغا كەلدى. بۇلار مەجلىس تۈگىگەندىن كېيىن، يەنە مۇرى تېغىدىكى ئەسكەرلەر يېنىغا قايتىپ كېلىپ بىر نەچچە كۈن ئوتكەندە ٥-ئايدا ماجۇڭيىڭ مۇرىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ، كەلگەن كۈنىلا خوجانىياز ھاجى، موھىتلار بىر قانچە باشلىقلار بىلەن بىرگە مۇرى شەھىرىگە كىرىپ ئۇنىڭ بىلەن ئوبدان يۈز كورۇشتى. ئۇلار قائىدە بويىچە بىر-بىرلىرى بىلەن ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن ماجۇڭيىڭ مۇنداق دېدى: «ھاجى ئاتا، ئەمدى سىلى نەيزىنىڭ دەستىسى بولسىلا، مەن ئۇچى بولاي، مەن مۇرىنى ئىككى سائەتتە ئالدىم، گۇچۇڭنى 4 سائەتتە ئالىمەن، ئۇرۇمچى-

نى 6 سائەتتە ئېلىپ بولۇپ، ئاندىن پـۈتـۈن شـىنجاڭنى ئېلىپ، بەشيۈزمىڭ ئەسكەر توپلاپ ئـىچكىرىسىگە كىرىپ پۈتۈن جۇڭگونى ئالىمەن، ئاندىن ئورۇسلار بىلەن ئـۇرۇ-شۇپ ئۇلارنى يوقۇتۇپ چېگرامنى ھەرەمگە تـۇتاشتۇرىمەن» دىگەن سوزلەرنى قىلدى. ئۇ يەنە «مەن ئەتە گـۈچـۈڭغا ھۇجۇم قىلىش ئۇچۇن مـاڭىمەن، سىلى جىمسارغا ھـۇجۇم قىلىپ شىڭشىسەينىڭ ئورۇمچىدىن ئىمۇەتىدىغان ئەسكەر-لىرىنىڭ يولىنى تـوسۇپ تۇرسىلا» دىگەن سـوزنى قىلدى. (بۇ سوزلەرنى زاكىر سەنمۇ تەرجىمە قىلدى). بۇنىڭغا خوجا-نىياز ھاجى ماقۇل بولدى. سـوھبەت بىر-ئـىككى سـائەت داۋام قىلغاندىن كېيىن مۇردا بىر كېچە قونۇپ ئەتىسى ماجۇڭيىڭ بىلەن خوشلۇشۇپ ئوزدىمىزنىڭ ئـەسـكـەرلىرى تۇرغان جايغا قايتىپ كېلىپ سوھبەت ئەھۋالىنى ئەسكەر باشلىقلىرىغا يەتكۇزدى. ھەممەيلەن ماجۇڭيىڭنىڭسوزىدىن خاپا بولۇشتى. «بىز ئۇنى ياردەم قـىلغىلى چـىققانىكەن دىسەك، ئۇ، تېخى يالغۇز ئولجا ئالغىلىلا ئەمەس، ھـەتتا بەش يۈز مىڭ ئەسكەر ئالغىلى چىقىپتىمىش، ئـۇنداقتا ئۇ، بىزنى تۇڭگەنمەس ئورۇسلارغا تىقىپ شىنجاڭ خەلقىنى ئورۇش ئوتىدا كويدۇرۇپ تۇگەتكىدەكـقۇ، بـىزنىڭ بـۇ يىلانغا قەتئى قوشۇلماسلىقىمىز لازىم، بىز يەنىلا ئوزدىمىز-گە پۈختا بولۇپ ئوز كـۈچىمىزنى كـۈچـەيتىشىمىز لازىم» دىگەن يەكۈرگە كېلىشتى. شۇ كۈننىڭ ئەتىسى ماجۇڭيىڭ گۈچۈڭغا ھۇجۇم باشلىدى. بىز جىمسارغا ھۇجۇم قىلدۇق ھەم شۇ كۈننىڭ ئوزىدىلا جىمساردىكى دۈشمەنلەرنى تەسلىم قىلدۇردۇق. ئۇلار قورالىرىنى ئەتە كۈندۈزى تاپشۇرماق

بولدى. بۇنىڭغا بىزنىڭ باشلىقلار ماقۇل بولۇپ ئەتىسى
قوراللارنى تاپشۇرۇپ ئېلىش ئۈچۈن ئادەم كىرگۈزسەك
شەھەردە بىر تالمۇ قورال يوق، ئاڭلىساق كېچە گۈچۈگ-
دىن ماجۇڭيىڭنىڭ ئادەملىرى كېلىپ ھەممىنى ئېلىپ
كېتىپتۇ. ماجۇڭيىڭنىڭ بۇ قىلمىشىدىن يالغۇز خوجانىياز-
ھاجىلا ئەمەس، پۈتۈن ئەسكەرلەرمۇ ئىنتايىن غەزەپلەن-
دى. چۈنكى بۇ غەنىمەتلەر پۈتۈن ئەسكەرلەرنىڭ دۈشمەن-
گە قارشى كۈن بويى پىداكارلىق بىلەن قىلغان شىددەت-
لىك ئۇرۇشىنىڭ غەلبىسى ئىدى. بۇ، ھەقىقەتەنمۇ بىزنى
بوزەك قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئەلۋەتتە. مۇنداق
ھاقارەتكە چىداپ تۇرغىلى بولمايتتى. ئەمدى قانداق قى-
لىش كېرەك؟ بۇ ھەقتە باش قاتۇرۇپ تۇرغان پەيتتە
ھېلىقى ماجۇڭيىڭنىڭ زاكىر دىگەن سەنمۇسى گۈچۈگدىن
كېلىپ خوجانىياز ھاجى، موھىتلارغا ماجۇڭيىڭنىڭ كېچە
گۈچۈگنى ئالغانلىغىنى، بۇ ئۇرۇشتا ماجۇڭيىڭنىڭ ئىنىسى
(ئېرسىلىنىڭ) ئۆلگەنلىگىنى خەۋەر قىلدى. بۇنىڭغا خوجا-
نىيازھاجى ھىچ نەرسە دىمىدى. موھىتى باشلىق بىر
قانچە باشلىقلار مەسلىھەتلىشىپ گۈچۈگغا كىرىپ (ماجۇڭ-
جيىڭگە) قۇرئان پەتىسى قىلىپ قويۇشنى لايىق تېپىشتى.
بۇنىڭغا ھاجى تەسلىكتە ماقۇل بولۇپ ئەتىسى گۈچۈگغا
كىرىپ ماجۇڭيىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ قۇرئان پەتىسى قىلىش-
تى. ئاندىن بىر ئاز سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن خوجانىياز-
ھاجى، موھىتلار ماڭماقچى بولغاندا، خوجانىياز ھاجى
ماجۇڭيىڭدىن ھېلىقى جىمىساردىن ئېلىپ كەتكەن قورال-
يارانى قايتۇرۇپ بېرىشنى سورىدى. ماجۇڭيىڭ « غە-

نىمەت ئېلىنغان قوراللارنى تېخى تىزدىملاپ بولمىدۇق،
كېيىن بېرىمەن» دىگەن جاۋاپنى بەردى. بۇنىڭدىن خوجا-
نىيازھاجى ناھايىتى ئاچچىغلاندى ھەتتا يۈزى تاتىرىپ
كەتتى. موھىتى دەرھال ئىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ «قېنى
ھاجى ئاكا قايتايلى» دەپلا سىرتقا قاراپ ماڭدى. ھاجى-
مۇ ئۈن چىقارماستىن خاپا ھالدا قايتىپ چىقتى. دىمەك،
ماجۇڭيىڭ خوجانىيازھاجىغا نىسبەتەن تۇغرا مۇئامىلىدە
بولماستىن باشتىن-ئاخىرى موشۇنداق ئالدامچىلىق، ئىك-
كى يۈزلىمىلىك پوزىتسىيە قوللاندى. خوجانىياز ھاجىمۇ
ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئىشەنمەسلىك پوزىتسىيە تۇتۇپ كەلدى.
شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى زىددىيەت كۈندىن-
كۈنگە كۈچىيىپ ئەڭ ئاخىرىدا جىمسار ۋەقەسى بىلەن
ئايرىلىش ھالىتىگە كېلىپ قالدى. دەل شۇ ۋاقىتتا ئۈ-
رۈمچىدىن شىڭ شىسەينىڭ يەنە ئىككى نەپەر ۋەكىلى
كەلدى. ئۇلارنىڭ بىرسى شىڭ شىسەينىڭ يۈگىنى ئەكبەر
دىگەن كىشى بولۇپ، ئۇ خوجانىيازھاجىغا شىڭ شىسەينىڭ
بىرلىشىش توغرىسىدىكى تەلىۋىنى يەتكۈزدى. يەنە بىرسى
مەھمۇت خوجا دىگەن ئۆزبېك كىشى بولۇپ، ئۇ، ئۆزىنىڭ
ئۈرۈمچىدىكى سوۋېت كونسۇلخانىسى تەرىپىدىن چىقىرىلى-
غىنى ئېيتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خوجانىيازھاجىغا
بەرگەن مەسلىھەتىنى يەتكۈزدى. يەنى «خوجانىياز ھاجى-
نىڭ ماجۇڭيىڭدىن ئايرىلىپ شىڭشىسەي بىلەن بىرلەش-
كىنى ياخشى، چۈنكى ماجۇڭيىڭ بولسا ياپون جاھانگىر-
لىگىنىڭ قۇيرۇغى، ئۇنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ ئورۇنلىشىشى
بىز ئۈچۈنمۇ خەۋپ. شۇڭا بىز سوۋېت ھوكۇمىتى ماجۇڭ-

يىڭنى يوقۇتۇش ئۈچۈن شىڭشىسەيگە ياردەم بېرەمىز. ئەگەر خوجانىيازھاجىم بىزنىڭ پىكرىمىزگە قوشۇلسا، خوجانىيازھاجىغىمۇ بۇرۇنقىدەك ياردەم بېرەمىز، ھاجىم بىزنىڭ پىكرىمىزگە ئۇنىمىسا شىڭشىسەي بىلەن بىرلەشسۇن، ئۇنىڭغا بىز سوۋېت ھۆكۈمىتى كېپىل بولىمىز» دېگەن سۆزلەرنى يەتكۈزدى. بۇنىڭغا خوجانىيازھاجى ماقۇل بولۇپ ماجۇڭيىڭدىن ئايرىلىپ شىڭشىسەي بىلەن بىرلەشمەكچى بولدى. بۇنىڭدىن كەلگەن ۋەكىللەر خوش بولۇشۇپ قايتىشتى. بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن بىردانە يۈك ماشىنىسىدا شىڭشىسەينىڭ 10 نەچچە نەپەر تەنپەن ۋەكىللىرى يېتىپ كەلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى خەنزۇ بولۇپ بىر نەپەر پاۋروپاچە كىيىنگەن ئادەممۇ بار ئىدى. كېيىن ئۇقساق ئۇ ئادەم ئۈرۈمچىدىكى سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ ئادىمى ئىكەن. بۇلار خوجانىيازھاجى، مەھمۇت سىجاڭلار بىلەن جىمسار ناھىيىسىنىڭ تاڭپامۇك دېگەن دالىسىدا(1933-يىلى 5-ئاينىڭ ئاخىرى) يېرىم كۈن سوھبەت ئۆتكۈزۈپ... بىتىم تۈزۈشۈپ ئۈرۈمچىگە قايتىشتى. بۇ بىتىمنىڭ ئومۇمى مەزمۇنى خوجانىيازھاجى بىلەن شىڭشىسەينىڭ بىرلىشىشىدىن ئىبارەت بولۇپ كونكرىت مەزمۇنى مۇنداق بولغان ئىدى: شىڭشىسەي دۇبەن بولۇپ ئاساسەن شىمالى شىنجاڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، خوجانىيازھاجى جەنۇبى شىنجاڭ باۋۋىي زۇڭ سىلىڭ بولۇپ پۈتۈن جەنۇبى شىنجاڭنى باشقۇرۇش، مەھمۇت موھىتى بولسا لۇيجاڭلىقتىن سىجاڭلىققا ئۆستۈرۈلۈپ ئاتلىق 6 - دىۋىزىيىنىڭ سىجاڭى بولۇپ خوجانىيازھاجى بىلەن جەنۇبى شىنجاڭدا

تۇرۇش، يەنە شىڭشىسەي خوجانىيازھاجىغا 10 مىڭ تال مىلتىق، ئوق-دورا، 10 مىڭ دانە ئات ئىگەر بېرىش، مۇشۇ بىتىمگە ئاساسەن 1933-يىل 6-ئاينىڭ بېشىدا خوجانىيازھاجى، مەھمۇت سىجاڭلار ئەسكەرلىرىنى باشلاپ گۇچۇڭ داۋىنى ئارقىلىق جەنۇبى شىنجاڭغا ئۆتۈپ، ئارغى بۇلاق ئېغىزىنى ئالدىنقى سەپ قىلىپ بېكىتىپ بىر قىسىم ئەسكەرلىرىنى قالدۇرۇپ، ئۆزلىرى قارا شەھەرگە بېرىپ ئورۇنلاشتى. ماجۇڭيىڭ بولسا زىمېچۇەنزىدە شىڭشىسەي بىلەن بولغان ئۇرۇشتا يېڭىلىپ گۇچۇڭ، مۇرىلارنى تاشلاپ قېچىپ تۇرپانغا چۈشۈپ كەتتى. مەن خوجانىياز ھاجىنىڭ ماجۇڭيىڭدىن ئايرىلىشى تەسادىپى يۈز بەرگەن ھادىسە بولماستىن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇزۇندىن داۋام قىلىپ كەلگەن زىددىيەتلەرنىڭ ئۆتكۈرلىشىشى ۋە ئىچكى-تاشقى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى ئارقىسىدا بولغان ئىكەنلىكىنى شۇ ۋاقىتتا چۈشەندىم.

## 4-جەنۇبى شىنجاڭدا بولغان بەزى ۋەقەلەر

### — 1 —

خوجانىياز ھاجى، مەھمۇت سىجاڭلار جەنۇبى شىنجاڭغا ئۆتكەندىن كېيىن ناھايىتى نۇرغۇن ۋەقەلەر يۈز بەردى. بىزنىڭ بۇ رايونغا ئۆتۈشىمىز بىلەن بۇ رايوننىڭ بىر قەدەر تېچ ھالىتى بۇزۇلۇپ پۈتۈنلەي دىگىدەك ئۇرۇش رايونىغا ئۆزگەردى. خوجانىيازھاجى ئارغى بۇلاق-

تىمىن ئۆتۈپ قارا شەھەرگە كېتىۋاتقاندا ماشىنىنىڭ، ھاجى-نىڭ ئالدىغا كېلىپ قارشى ئېلىشىنىڭ ئورنىغا قارا شە-ھەرگە كىرگۈزمەسلىك ئۈچۈن ھەممە ئەسكەرلىرىنى يەنى مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەرلىرىنى ئۆششاق تالغا يوتكەپ كې-لىپ، ئاكۆپلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ تـوساپ ئـۇرۇش قىلدى. بىر نەچچە سائەتلىك ئۇرۇشتا بىزدىن يېڭىلگەن ماشىنىڭ قارا شەھەرگىمۇ كىرمەستىن باغراش كولى ئەتراپى بىلەن قېچىپ تۇرپانغا ئوتۇپ ئۆز خوجايىنى ماجۇڭيىڭغا قوشۇل-دى. خوجانىياز ھاجىنىڭ جەنۇبى شىنجاڭغا ئـوتـكىنىـگـە ماجۇڭيىڭنىڭ بەكمۇ ئاچچىغى كـەلدى. ئۇنىڭ مـەقسىدى ئەگەر ئۇ شىمالى شـىنجاڭدا شـىڭشىسەيدىن يـېـڭىلىپ قالغىدەك بولسا، جەنۇبى شىنجاڭغا ئوتۇپ ئۇرۇش قىلماق-چى ئىدى. شۇڭا خـوجانىياز ھاجىنىڭ جەنۇبى شـىنجاڭـغـا ئوتكىنىگە ئاچچىغى كېلىپ ئۆزىنىڭ بىر قىسىم ئەسكەر-لىرىنى جەنۇبى شىنجاڭغا ئەۋەتىپ رەسمى ئۇرۇش قىلدى. بۇ ئۇرۇش ئارقى بۇلاقتىن تاكى يەكەننىڭچە بىر يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلدى. قارا شەھەر، كورلا، بۈگۈر ۋە كۇ-چار، ئاقسۇ رايونلىرىدا قاتتىق ئۇرۇشلار بولدى.

**— 2 —**

ئۇرۇشنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلۇشى بىلەن بىزنىڭ قورال، ئوق-دورا يېتىشمەسلىك ئەھۋالىمىز كۈندىن-كۈنگە ئېغىر-لىشىشقا باشلىدى. خوجانىياز ھاجى، مـەھـمۇت سىجـاڭـلار جەنۇبى شىنجاڭغا ئوتكەن ۋاقىتتا ھىچقانچە زاپاس قورال، ئوق-دورىلار يوق ئىدى. ھەر بىر ئەسكەردە بىر تـالدىن

مىلتىق، ئون نەچچە تالدىنلا ئوق بار ئىدى. بۇ مەسىلى-
نى ھەل قىلىش ئۈچۈن خوجا نىيازھاجى، مەھمۇت سىجاڭلار
مۇزاكىرىلىشىپ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قورال ئالماقچى بول-
دى. موسول موھىتى، ھەمدۇل ۋاجىدىلارنى ئاقسۇدىن قەش-
قەرغە ئەۋەتىپ سوۋېت كونسۇلخانىسى بىلەن دوگۇۋور-
لاشتى. تۈزگەن دوگۇۋورغا ئاساسەن 1933-يىلى 12-ئايدا
سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئۈچتۇرپان چېگرىسى ئارقىلىق مىڭ
تال مىلتىق، 12 دانە پىلىموت، بىر قانچە يۈز ساندۇق ئوق،
گرانات، تاپانچا، دۇربۇن قاتارلىق قوراللار يېتىپ كەلدى
ۋە بۇ قوراللارنى ئوتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتى-
پاقىدىن كونا بولشىۋىك ئابلىراخۇن دىگەن كىشى كەل-
گەن ئىدى. بۇ ياردەمنى كورگەن پۈتۈن جەڭچىلەر ناھا-
يىتى خوشال بولۇشتى. بۇ قوراللار تاپشۇرۇپ ئېلىنغاندىن
كېيىن دەرھال ئالدى بىلەن قوراللىرى بىر قەدەر ئاجىز
بولغان جەنۇبى شىنجاڭ قىسىملىرىغا تارقىتىپ بېرىلدى.
شۇنىڭ بىلەن ئەمدى بىزنىڭ قوشۇنىمىز قوراللىرى خىل،
غەيرىتى ئۈستۈن كۈچلۈك قوشۇنغا ئايلاندى.

## — 3 —

بىزنىڭ قوشۇنىمىز مۇشۇنداق كۈچلۈك قوشۇنغا ئاي-
لانغان بىر ۋاقىتتا مافۇيۇەن باشچىلىغىدىكى ماجۇڭيىڭ
قىسىملىرى بىلەن ئاقسۇ قارايۇلغۇندا بىر مەيدان ئۇ-
رۇش قىلدۇق. بۇ ئۇرۇشتا ئاقسۇلۇق باي سىجاڭغا ئوق
تېگىپ قۇربان بولدى. ئۇنىڭ جەسىدىنى دەپنە قىلىش

ئۈچۈن ئاقسۇغا ئېلىپ مېڭىش بىلەن پۈتۈن ئەسكەر
ئۇرۇشتىن توختاپ قالدى. بۇ ئۇرۇش مۇۋەپپەقىيەتسىزلىك-
كە ئۇچرىدى، شۇ كۈنلەردە قەشقەر كونا شەھەردە ساۋۇت
داموللا ئۆز ئالدىغا شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرى-
يىتى ناملىق ھۆكۈمەت قۇرۇپ بۇ ھۆكۈمەتنى خوجانىياز-
ھاجىنىڭ ئېتىراپ قىلىشى ۋە رەئىس جۇمھۇر بولۇپ بې-
رىشىنى تەلەپ قىلىپ، ئۈستى-ئۈستىگە ۋەكىل ئەۋەتىش-
كە باشلىدى. خوجانىيازھاجى قاتتىق رەت قىلىپ ۋەكىل-
لەرنى قايتۇرغان بولسىمۇ، بۇ ئەھۋالغا دىققەت قىلماي
بولمايتتى، بۇ توغرىدا خوجانىيازھاجى، مەھمۇت سىجاڭلار
مۇزاكىرىلىشىپ قەشقەر، يەكەن رايونلىرىنى ئۆز قوللىرى-
دا تۇتۇپ تۇرۇشنى قارار قىلىپ شۇ يىلى (33-يىلى)
12-ئايدا پۈتۈن زاپاس قوراللارنى نەچچە ئونلىغان تو-
گىلەرگە ئارتىپ ئۈچتۇرپان قاخشال يولى ئارقىلىق قەش-
قەرگە قاراپ ماڭدى. بىز ناھايىتى تېز يۈرۈپ بىر كې-
چە قونۇپلا ئەتىسى ئاتۇشقا يېتىپ باردۇق. بىزنىڭ بۇ
يەرگە كېلىشىمىز بىلەن يەنە قەشقەردىن ساۋۇت دامول-
لىنىڭ ۋەكىللىرى كېلىپ بۇرۇنقى تەلىۋىنى قايتا-قايتا
ئوتتۇرىغا قويدى ۋە بۇنى خوجانىيازھاجىنىڭ قەشقەرگە كىرى-
شىنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلىشتى، بۇنىڭ بىلەن ئەھۋال
جىددىيلەشتى. يەنى خوجانىيازھاجى ئۇلارنىڭ تەلىۋىنى
قوبۇل قىلىپ قەشقەرگە كىرىش ياكى قوبۇل قىلماستىن
قەشقەرگە كىرمەسلىك مەسىلىسى كېلىپ چىقتى. بۇ مەسى-
لە ئۈستىدە مۇزاكىرە قىلىمىز دەپ ئاتۇشتا 3~4 كۈن
تۇرۇپ قالدۇق، ھاجى يەنىلا ئۆز پىكرىدە قاتتىق تۇرۇپ،

ئۇلارنىڭ تەلىۋىنى قەتئىي رەت قىلدى. شۇنداق بولسىمۇ ساۋۇت داموللا قەشقەرگە تەكلىپ قىلغانلىقتىن قەشقەرگە كىردۇق.

— 4 —

قەشقەر خەلقى خوجانىيازھاجى بىلەن مەھمۇت سىجاڭلارنى ئىنتايىن قىزغىن قارشى ئالدى. ھەممە ئادەم كوچىلارغا چىقىپ ئامىن دىسە، ئامىن دەپ قوللىرىنى ئىگىز كوتۇرۇشۇپ ھەتتا كوزلىرىگە خوشاللىق ياشلىرىنى ئېلىپ كۈتىۋالدى. شۇ كۈنى روزى ھېيت كۈنى ئىدى. بىز شەھەرگە كىرىپ بىر نەچچە سائەتتىن كېيىنلا شۇ ئاخشىمى قەشقەردىكى سوۋېت كونسۇلىمۇ تەبرىكلەپ كەلدى.

خوجانىيازھاجى، مەھمۇت سىجاڭلار قەشقەرگە كىرگەندىن كېيىن بىر كۈنىمۇ شەھەردە تۇرمىدى. بىر كېچە قونۇپ ئەتىسى ھېيت نامىزىدىن كېيىنلا پۈتۈن ئەسكەرلىرىنى باشلاپ يېڭى شەھەرگە ئۇرۇشقا چىقىپ كەتتى. بۇ ئۇرۇش (بارىن ئۇرۇشى) 17 كۈن داۋام قىلدى. بۇ ئۇرۇشقا ساۋۇت داموللىنىڭ نەچچە مىڭ ئەسكىرىدىن بىرەر قىسمىمۇ قاتناشمىدى. ئەكسىنچە ئۇنىڭ بارلىق ھەربى، مۇلكى ئەمەلدارلىرى ھەم ئۆزى شەھەرنى تاشلاپ ھەر تەرەپكە پېتىراپ كېتىشتى. خوجانىازھاجى بىلەن موھىتىلارنىڭ ئۇلار بىلەن كارى بولماستىن بۇ ئۇرۇشنى پەقەت ئۆزلىرىنىڭ كۈچى بىلەنلا ئېلىپ باردى. بارىن ئۇرۇشى تازا جىددى كېتىپ بارغان كۈنلەردە ئاقسۇ تەرەپتىكى مافۇيۈەن قىسىملىرى پەيزىۋاتقا كېلىپ

قالغان ئىدى. خوجانىيازھاجى باردىن ئۇرۇشىدىكى بىر قىسىم ئەسكەرلىرىنى باشلاپ پەيزىۋاتقا بېرىپ ئۇلار بىلەن قاتتىق ئۇرۇشتى. ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرىنى يوقۇتۇپ، قاتتىق پەشۋا بەردى. ئەمما ئەھۋال يەنىلا ئېغىر بولغانلىقتىن خوجانىيازھاجىنىڭ بۇيرۇغى بىلەن مەھمۇت سىجاڭ باردىكى ئۇرۇشنى توختۇتۇپ، يېڭىسار ناھىيىسىگە كەتتى. خوجانىيازھاجى بولسا ئۆزى ئازغىنە ئەسكەرلەر بىلەن ئاتۇش ئارقىلىق ئەركەشتامغا كەتتى. ئۇ 9 كۈندىن كېيىن يېتىپ كېلىپ مەھمۇت سىجاڭغا مۇنداق سۆزلەرنى قىلدى: «مەن بارغاندىن كېيىن سوۋېت ئادەملىرى ناھايىتى ياخشى قارشى ئالدى. ياردەم توغرىسىدا بولسا «بىز سىلەرگە ھەر قانداق ياردەمنى بېرىشكە تەييار. ئەمما ھازىر بېرىشكە بولمايدۇ، چۈنكى ھازىر قەشقەردە ساۋۇت داموللا ھۆكۈمىتى بار. بىز، ئۇ ھۆكۈمەتنى تونۇمايمىز. ئۇ ھۆكۈمەت ئەنگلىيە جاھانگىرلىگىنىڭ يولەپ تۇرغۇزغان قورچاق ھۆكۈمىتى، سىز قەشقەردە ئۇنىڭغا قارىتا ئوچۇق بايانات ئېلان قىلىشىڭىز لازىم ئىدى، ئۇنداق قىلمىدىڭىز، شۇڭا ياردەمنى بىر ئاز كېچىكتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ، ئۇنداق قىلمىغاندا بېرىلگەن ياردەمنىڭ چېكى روشەن بولمايدۇ» دەپ ياردەمنى ھازىر بەرمىدى دىگەن سۆزلەرنى قىلىپ ساۋۇت دامولللىدىنمۇ رەنجىگەنلىگىنى ئېيتىپ ئۆتتى. ھەقىقەتەنمۇ ساۋۇت داموللا خوجانىيازھاجىنى نۇرغۇن خاپا قىلدى. ئۇنىڭ ئىشلىرىغا نۇرغۇن توسالغۇلۇقلارنى يەتكۈزگەن ئىدى. يىغىپ ئېيتقاندا ئۇمۇ خۇددى ماجۇڭيىڭغا ئوخشاش خوجانىياز-

ھاجىنى ئالداپ، قورچاق قىلىپ ئوينۇتۇشىنىڭ كويىدا بولدى. ئەمما خوجانىيازھاجى ئۇنىڭ قاپقىنىغا چۈشمىدى.

مولla ساۋۇت داموللا كىم ۋە ئۇنىڭ ھوكۇمىتى قانداق قۇرۇلغان؟ ساۋۇت داموللا ئەسلى قەشقەر ئاتۇشلۇق بولۇپ ئۇ، 1920-يىللىرى ھىندىستانغا بېرىپ دىنىي تەلىم ئالغان، 1930-يىللاردىكى شىنجاڭ دىخانلىرىنىڭ جىن شورېن فېودال ئىستىبدات ھاكىمىيىتىگە قارشى كوتۇرۇلگەن قوزغىلاڭدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ سىياسى ھەركەتلىرىنى ئېلىپ بېرىش مەقسىتىدە 1932-يىلى خوتەنگە قايتىپ كېلىپ ئۇ يەردە مەمتىمىن ھەزرەتلەر بىلەن بىرلىشىپ «ئىسلام پادىشالىق ھوكۇمىتى» قۇرۇپ ئۇنىڭغا ئۆزىنى «ئەمىر مۇلۇك»، مەمتىمىننى «پادىشا» دەپ ئېلان قىلىپ، ئۇ يەردىكى ھەركەتنى تۈگەتكەندىن كېيىن تېزلىك بىلەن قەشقەرگە كېلىپ، تۆمۈر سىجاڭ ۋەقەسى بىلەن قەشقەر كونا شەھرىنىڭ بوشاپ قالغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، قەشقەردىكى ئەنگلىيە كونسۇلىنىڭ كورسەتمىسى بىلەن 1933-يىل 11-ئايدا «شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» دىگەننى قۇرۇپ ئۇنىڭغا ئۆزىنى «باش مىنىستىر» دەپ ئېلان قىلىدۇ ھەم خوجانىيازھاجىنىڭ ھەربى كۈچى ۋە نام-ئابرۇيىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن خوجا نىيازھاجىنى «رەئىس جۇمھۇر» قىلىپ تەيىنلەيدۇ. ئەمما ئۇ، بۇ ھەركىتىدىن نەتىجە چىقىرالماي 2 ئايدىن ئارتۇق داۋام قىلىپ ئاخىرى ئۆز-ئۆزىدىن توزۇپ يوقاپ كېتىدۇ. بىز بۇ يەردە شۇنى ئوچۇق كوروپ ئالالايمىزكى، خوجانىيازھاجىنىڭ ساۋۇتداموللا ۋە ئۇنىڭ ھوكۇمىتى بىلەن ھىچقانداق

ئالاقىسى بولغان ئەمەس. شۇڭا بۇلارنىڭ 2 سىنى بىر ئورۇنغا قويۇپ بىرلەشتۈرۈپ قاراش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمايدۇ.

## 5-ماجۇڭيىڭ ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى

### - 1 -

ماجۇڭيىڭ 1933-يىلى 6-ئايدا زىمىچۈەن-زىدىكى ئۇرۇشتا يېڭىلىپ تۇرپانغا قېچىپ چۈشكەندىن كېيىن بۇ يەردە ئوبدان تەييارلىق قىلىپ شۇ يىلى 10-ئايدا داۋانچىڭ ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم باشلىدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئۈرۈمچىنى 33 كۈن مۇھاسىرە قىلدى. مۇشۇنداق ئېغىر ئەھۋال ئاستىدا، شىڭشىسەي سوۋېت ھۆكۈمىتىدىن ياردەم تەلەپ قىلدى. سوۋېت ھۆكۈمىتى بۇنى قوبۇل قىلىپ «ئالتايىسكى» ، «تارباغاتايىسكى» دېگەن ناملار بىلەن ئالتاي، چۆچەك چېگرىلىرىدىن بىر نەچچە پولك قىزىل ئارمىيىنى كىرگۈزدى. بۇنى ئاڭلىغان ماجۇڭيىڭ بىر قىسىم ئەسكەرلىرىنى ئاجرىتىپ سانجى، قۇتۇبى تەرەپتە قىزىل ئارمىيە بىلەن بىر قانچە كۈن قاتتىق ئۇرۇش قىلدى. ھەر ئىككى تەرەپتىن نۇرغۇن چىقىم تارتتى. ئاخىرى ماجۇڭيىڭ مەغلۇپ بولۇپ قېچىپ داۋانچىڭدا يەنە بىر قېتىم ئۇرۇش قىلدى. بۇ يەردىمۇ يېڭىلگەندىن كېيىن جەنۇبى شىنجاڭ تەرەپكە قاچتى. شىڭشىسەينىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن قىزىل ئارمىيە بىرلىشىپ ماجۇڭيىڭنى مارالۋېشىغىچە قوغلاپ باردى. بۇ ۋاقىت 1934-يىلى 3-ئايلار ئىدى. ئالتايىسكى، تارباغاتا-

يىسكى دەپ ئاتالغان قىزىل ئارمىيە مارالۋېشىدىن نېـ
رىسىغا ئۆتمىدى. ماجۇڭيىڭ قەشقەرگە بېرىپ بازار جايىنى
تاپالماي بىر قىسىم ئادەملىرى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىـ
غا ئۆتۈپ كەتتى. قالغان ئەسكەرلىرى ماخۇسەن باشچىلىـ
غىدا خوتەنگە جەم بولدى. بۇ چاغدا خوجانىيازھاجى
ئاقسۇدا ئىدى.

شىڭشىسەينىڭ تەكلىۋى بىلەن سابىق شىنجاڭ ئولـ
كىلىك ھۆكۈمەتىنىڭ مائاۋىن رەئىسى بولۇپ ئۈرۈمچىگـە
ماڭدى. مەھمۇت سىجاڭ بولسا قەشقەردە تۇرۇپ قالدى.

## — 2 —

يۇقۇرقى ئەھۋاللاردىن ماجۇڭيىڭنىڭ قانداق ئادەم
ئىكەنلىگىنى ئۇچۇق كورۇپ ئالالايمىز. شىنجاڭدىكى مەغـ
لۇبىيەتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا
ئۆتۈپ كەتتى. ئەگەر ئۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارغاندىن
كېيىن ئوبدان تەربىيە كورۇپ، ياخشى ئادەم بولۇپ جۇڭـ
گو ئىنقىلاۋى ئۈچۈن ياخشى ئىشلارنى قىلغان بولسا ئەلـ
ۋەتتە قارشى ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. ئەمما ئۇنىڭ سوۋېت
ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ كەتكەنلىگىگە قاراپلا شىنجاڭدىكى ھەر
مىللەت خەلقىمىز ئۇستىدىن يۈرگۈزگەن قىرغىنچىلىقلىرىـ
نى ۋە بالايى-ئاپەتلىرىنى پۈتۈنلەي يوققا چىقىرىپ ئۇـ
نىڭغا ياخشى ئادەم ئىدى، كوممۇنىست ئىدى، ۋەتەنپەرـ
ۋەر ئىلغار ئادەم ئىدى، دىگەن ھەر خىل تونلارنى كەيـ
گۈزۈش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمايدۇ. تارىخنى بۇرمىلىـ

غانلىق بولىدۇ. ئۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ كېتىش-
شى ھېچۋاقىتتا ئۆز ئىختىيارى بىلەن بولغان ئىش ئەمەس،
شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇپ
قاخشاتقۇچ زەربىلەرنى بېرىشى ئارقىسىدا شۇنىڭدەك سو-
ۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ بەرگەن ئەجەللىك زەربىسى
ئاستىدا شىنجاڭدا باش تىقىپ تۇرغىدەك جاي قالمىغان-
دىن كېيىن ئەڭ ئاخىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا كېتىشكە
مەجبۇر بولدى. ئۇنىڭ ئۇيياققا ئۆتۈپ كېتىشى بەزى
ئادەملەر ئېيتقاندەك سوۋېت سوتسىيالىستىك جەمىيىتىنى
سۆيگەنلىكتىن ياكى كوممۇنىزىمچى بولغانلىغىدىن ئەمەس،
بەلكى ئامالىنىڭ يوقلىغىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ
كەتكەن. ئۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى بولغان ماھى-
يىتىنى تۆۋەندىكى پاكىتلاردىن كۆرگىلى بولىدۇ: (1) مو-
ردا خوجانىيازھاجى بىلەن كۆرۈشكەندە بىرىنچى ئېيت-
قان سۆزى "مەن ئاخىرىدا ئورۇسلار بىلەن ئۇرۇشۇپ ئۇ-
لارنى يوقۇتۇپ چېگرامنى ھەرەمگە تۇتاشتۇرىمەن" دىگەن.
ئۇنى كوممۇنىزىم جەڭچىسى دىسەك، ئۇ، ئۆزىگە-ئۆزى
ئوق ئاتقانلىق بولمامدۇ؟ ئەلۋەتتە ھېچبىرەردە
مۇنداق مەنتىقە بولمىسا كېرەك. (2) بىز
يۇقۇرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ
خەلقىنىڭ ماجۇڭيىڭغا قارشى كۈرەشنى قوللاپ ھەر جە-
ھەتتىن ئۇرغۇن ياردەم قىلغانلىغىنى ھەتتا زورۇر تېپىل-
غاندا ئادەم كۈچلىرىنىمۇ ئايىماستىن بەرگەنلىگىنى كۆ-
رۈپ ئۆتتۇق. ئەگەر ماجۇڭيىڭ سوۋېتپەرەس ياخشى
ئادەم بولىدىغان بولسا، نىمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا ياردەم بەر-

ھەستىن، ئەكسىنچە ئۇنىڭغا قارشى كۈرەش قىلىۋاتقان
خوجانىيازھاجى ۋە شىڭشىسەيلەرگە ياردەم بەردى؟ بۇ،
ئەلۋەتتە ئۆز-ئۆزىدىن چۈشىنىشلىك بولسا كېرەك.

ماجۇڭيىڭ ياپونپەرەست ئىدى. ئۇنىڭ بۇ، خا-
راكتېرىنى خوجانىيازھاجى شىڭشىسەي بىلەن بىرلەشتۈ-
رۈش ۋاقتىدا سوۋېت ۋەكىلىنىڭ قىلغان سوزلىرىدىن
ئوچۇق كورۇۋالغىلى بولىدۇ. سوۋېت ۋەكىلى: ماجۇڭيىڭنى
ياپون جاھانگىرلىگىنىڭ ئادىمى، ئۇنىڭ شىنجاڭغا كىردى-
شىمۇ ياپون جاھانگىرلىگىنىڭ كورسەتمىسى بىلەن بولغان
دەپ ئوچۇق كورسەتكەن ئىدى. بىز ماجۇڭيىڭنىڭ ياپون-
پەرەست ئىكەنلىگىنى يەنە مۇنۇ ئەھۋاللاردىن ئوچۇق
كورۇۋالالايمىز، ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرگەن
ئادەملىرىدىن مەسىلەن، سەنمۇجاڭى مالىك يەنە بىر
سەنمۇسى زاكىر دىگەنلەر ئۆز ۋاقتىدا روسىيىدىن قې-
چىپ ياپونىيىگە ئوتكەن ياپونپەرەستلەر ئىدى. يەنە
بىر يېقىن ئادەمى يولۋاسمۇ خۇددى شېپى ئۆزىدىن بول-
ان ياپون پەرەست ئۇنسۇر ئىدى.

بىز مۇنۇ پاكىتلارغىمۇ دىققەت قىلىشىمىزغا توغرا
كېلىدۇ: ماجۇڭيىڭنىڭ ھەر قېتىم شىنجاڭغا چىققان ۋاق-
تى ۋە ئۇنىڭ ئىستىراتېگىيىلىك پىلانلىرى تامامەن
ياپون جاھانگىرلىگىنىڭ جۇڭگوغا يۈرگۈزگەن تاجاۋۇز پى-
لانىغا ئوخشاپ كېتەتتى. ھەممىمىزگە مەلۇم ياپون جاھان-
گىرلىگى 1931-يىلى 9-ئايدا شەرقى شىمال ئۈچ ئولكى-
مىزگە تاجاۋۇز قىلدى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ماجۇڭيىڭ
شىنجاڭغا كىرىپ قالايمىقانچىلىق چىقاردى. ياپون جاھان-

گەرلىگى 1932 - 1933-يىللىرى ئارقا-ئارقىدىن ۋەتىنىمىـ
مىزگە ئىچكىرىلەپ باستۇرۇپ كىرىپ چاخار، ژېخې ئۆلكىـ
لىرىمىزدە قالايمىقانچىلىق چىقارغان ۋاقىتلىرىدا ماجۇڭيىڭ
يەنە ئالدىراپ - تىنەپ شىنجاڭغا ئىككى قېتىم باستۇرۇپ
كىرىپ كەڭ كولەمدە ئۇرۇش قوزغىدى. دېمەك، ئۇنىڭ
ياپون جاھانگىرلىگى بىلەن بىر مۇقامدا ئۇرۇش پارا-
كەندىچىلىگى تۇغدۇرغان ياپونپەرەست ئۇنسۇر ئىكەنلىـ
گىنى ئوچۇق كورۇپ ئالالايمىز. شۇنداقلا ماجۇڭيىڭ بىر
مىللىيتارىست ئۇنسۇر، ئۇنىڭ بۇ خاراكتىرىمۇ ھەممىگە رۇ-
شەن، شۇنداق ئىكەن ئەلۋەتتە ئۇ ۋەتەننى پارچىلىغۇچى
ئەكسىل ئىنقىلاۋى ئۇنسۇرنىڭ ئوزى بولىدۇ. ئۇنىڭغا
ۋەتەننىڭ بىرلىگىنى ھىمايە قىلغۇچى ۋەتەنپەرۋەر دېگەن
چىرايلىق نامىلارنى بېرىش قاراقچىنى ئەۋلىيا دېگەندىن
باشقا نەرسە ئەمەس، چۈنكى ھەممىگە ئايان: بارلىق مىلـ
لىتارىستلارنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيىتى شايكا توپلاپ توپىـ
لاڭ چىقىرىپ، يەر بولۇپ، مۇستەقىل كىنەزلىك قۇرۇپ،
ئوزى بەگ، ئوزى خان بولىۋېلىپ، خەلقنى بۇلاپ-تالاپ،
ئەيشى-ئىشرەت، كەيپى ساپا بىلەن كۈن ئوتكۈزىدىغان
خەلق دۈشمەنلىرىدىن ئىبارەت. ماجۇڭيىڭمۇ بۇنىڭ سىر-
تىدا ئەمەس. ئۇ، ئوز ۋاقتىدا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت
خەلقىنىڭ دۈشمىنى بولۇپلا قالماستىن، پۈتۈن جۇڭگو خەل-
قىنىڭمۇ دۈشمىنى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ شىنجاڭدا
تارمار بولۇشى يالغۇز شىنجاڭ خەلقىنىڭ بەختى بولۇپلا
قالماستىن، پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭمۇ زور بەختى بولدى.
شۇنى ھەم ئېيتىپ ئوتۇشىمىز لازىمكى: ئەينى ۋاقىتتا، شىنـ

جاڭنىڭ ماجۇڭيىڭ جاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ قالغانلىغى ئۇ-
چۇن كېيىنكى كۈنلەردە شىنجاڭ خەلقىنىڭ جۇڭگو ئىنقى-
لاۋىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ئوينىغان رولى
ناھايىتى چوڭ بولدى. مەيلى 1937-يىلىدىكى ياپون جا-
ھانگىرلىگىگە قارشى 10 يىللىق ۋەتەن قۇتقۇزۇش ئۇرۇش
مەزگىلىدە بولسۇن، مەيلى ئازاتلىق ئۇرۇش ۋاقىتلىرىدا
بولسۇن، بۇ كۈرەشلەرگە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەل-
قىنىڭ قوشقان توھپىلىرى ئاز بولمىدى. مەسىلەن، يا-
پون ئالۋاستىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە شىنجاڭدىكى
ھەر مىللەت خەلقى ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ
بىر قەدەر تۆۋەنلىگىگە قارىماستىن، ئۆزلىگىدىن نۇرغۇن
ئىئانىلارنى توپلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن 10 دانە
كورەشچى ئايروپىلان سېتىپ ئېلىپ ئالدىنقى سەپكە ئەۋە-
تىپ بېرىشتەك شەرەپلىك ۋەزىپىلەرنى ئۆتىيالىدى. يەنە
شۇنىڭدەك شىنجاڭنىڭ ئارقا سەپلىك ئورنىنى مۇستەھكەم
ساقلاپ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئالدىنقى سەپكە بارىدىغان
ياردەملەرنى بىخەتەر يەتكۈزۈپ بېرىشتەك مۇھىم ۋەزىپى-
لەرنى تولۇق ئورۇنداپ تۇرالىدى. ئەگەر ماجۇڭيىڭ شۇ ۋاقىتتا
يوقۇتۇلمىغان بولسا، جۇڭگو ئىنقىلاۋىغا قانچىلىك بالايى-
ئاپەتلەرنى كەلتۈرۈشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن بولمايت-
تى. دېمەك، ماجۇڭيىڭنىڭ شىنجاڭدا مەغلۇپ بولۇشى بىز
جۇڭگو خەلقىنىڭ چوڭ غەلىبىسى بولدى. شۇڭا شىنجاڭدى-
كى ھەر مىللەت خەلقلىرى بۇ غەلىبىلەر بىلەن پەخىرلىنىمىز.

مېنىڭ ماجۇڭيىڭ توغرىسىدا كوز قاراشلىرىم شۇلاردىن

ئىبارەت. تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ مۇھاكىمە قىلىپ كورۇشىنى ئۈمىت قىلىمەن.

شۇنىڭدەك يۇقۇردا يازغان بەزى ئەسلىمىلىرىمنىڭ ۋاقتى بىر ئاز ئۇزۇنراق بولغانلىقتىن ئېسىمدە قالغان-لىرى بويىچە يازغانلىغىم ئۈچۈن بەزى نۇقسانلاردىن خالى بولالماسلىغى تەبىئى. بىلىدىغان يولداشلارنىڭ تۇ-زۇتۇپ تولۇقلاپ كېتىشلىرىنى سورايمەن.

# تۇرپان، پىچان، توخسۇن خەلقىنىڭ 1947 - يىلدىكى قوزغىلىڭىدىن خاتىرە

ئابلىمەت مەخسۇتوۋ

( توۋەندە قىسقارتىپ تۇرپان خەلق قوزغىلىڭى دەپ ئالىمەن )

1947 - يىلى تۇرپان، پىچان، توخسۇن خەلقى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. ئەكسىيەتچىلەر بولسا خەلقنى قانغا بوياپ تاشلىدى. بۇ ئىشقا ھەش - پەش دېگىچە 35 يىل بولۇپ قالدى. مەن تۇرپان خەلق قوزغىلىڭىنىڭ ئۆتمۈشىنى قىسقىچە ئەسلەپ ئۆتمەكچىمەن. تولۇق بولمىغان جايلىرىنى يولداشلارنىڭ تولۇقلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

قەيەردە زۇلۇم، ئېكسپىلاتاتسىيە بولىدىكەن، زۇلۇم، ئېكسپىلاتاتسىيىگە قارشى ئىنقىلاۋي ھەركەتنىڭ بولۇشى مۇقەررەر. 1944 - يىلى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زۇلۇم، ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە قارشى قوزغالغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئارزۇسىغا ۋەكىللىك قىلغان ئىنقىلاپ ئىدى. ئىنقىلابنىڭ ئوتى ئۇلغىيىپ ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي ئۈچ ۋىلايەتتىكى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ،

ئـۈچ ۋىلايەت مىللى ئارمىيىسى ماناس دەرياسىغا يېتىپ كـەلگەندە گـومىنداڭ هـوكۇمىتى نـەنجىڭدىن شىنجاڭغا ۋەكىل ئەۋەتىپ ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن سوهبەتلىشىپ 11 مـاددىلىق بىتىمگە ئۇرۇمچىدە قـول قويۇشۇپ ئۇرۇش توختىدى. بىتىمگە ئاساسەن 1946 - يىلى 7 - ئايدا شىنجاڭ ئولكىلىك هوكۇمەت قايتا تەشكىل قىلىندى. ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ئۈرۈمچىگە كېلىپ بۇ هوكۇمەت تەركىۋىگە قاتناشتى.

ماۋجۇشى: " ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى جۇڭگودېموكىراتىك ئىنقىلاۋىنىڭ بىر قـىسمى " دېگەن ئىدى.

دېمەك ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى جۇڭگو دېموكىراتىك ئىنقىلاۋىنىڭ بىر قىسمى بولغىنى ئۈچۈن شىنجاڭدىكى هەر مىللەت خەلقى قوللاپ - قۇۋۋەتلىگەن، خەيرىخالىق قىلغان ئىدى. ئىلى، ئالتاي، تارباغاتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت ئازات قىلىنغاندىن كېيىن قالغان 7 ۋىلايەتمۇ، ئۈچ ۋىلايەت مىللى ئـارمىيىسىنىڭ تېزراق ئالغا بېسىپ ئوزلىرىنى ئازات قىلىشىنى كۈتەتتى. شـۇ كۈنلەردە تۇرپانلىقلاردىن: " بىز ئىلگىرى ناماز ئوقۇغاندا مەككىگە قاراپ ئوقاتتۇق، ئىلىدا ئىنقىلاپ قوزغالغاندىن كېيىن بـىر ۋاقىلىق نامازنى ئىلىغا قـاراپ ئوقۇيدىغان بولدۇق " دېگەندەك سوزلەرنى ئاڭلىدۇق. شۇنىڭدەك ئىلى ئىنقىلاۋىغا ئاۋاز قوشۇپ:

" تۇرمۇش كوچۇرۇش قىممەتلىك بەك،
موهەببەت ئىشقى ئاندىن يۈكسەك.

ئازاتلىق ئۈچۈن بولسا مەگەر
هەر ئىككىسىدىن كېچىش كېرەك »

دەپ ناخشىلار ئېيتاتتۇق.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى قوزغىلىشتىن ئىلگىرىمۇ بىز شىنجاڭدىكى هەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئىلغار كىشىلىرى، جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى يەنئەندىن شىنجاڭغا ئىۋەتكەن يۈزدىن ئارتۇق مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرى بىلەن بىرلىكتە گومىنداڭ زىندانلىرىدا ياتتۇق. بىرمۇنچىلىرىمىزنىڭ باشلىرى كېسىلگەن بولسىمۇ قالغانلىرىمىز ئىرادىمىزدىن قايتماي ئالغا باستۇق. تۈن قانچە قاراڭغۇ بولسا، يۇلتۇز شۇنچە روشەن كۆرۈنگەندەك زۇلۇم قانچە ئاشقانسېرى ئەركىنلىك، ئازاتلىق ئوتلىرىمىز شۇنچە يالقۇنلىدى. دىمەك ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ئۈرۈمچىگە كېلىشتىن بۇرۇنلا يەتتە ۋىلايەتتىكى خەلقنىڭ ئىنقىلاپ قىلىش روهى ئۈستۈن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئىلى ئىنقىلاۋىنىڭ باشلىنىشى بىلەن يەتتە ۋىلايەت خەلقىنىڭ ئىنقىلاۋىي روهىغا يەنە روه قوشقانلىقىنى مۇقىملاشتۇرۇش لازىم، ئەلۋەتتە. دىمەك ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى دىگەن سوزنى مەن پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئۇسۇۋاتقان ئىنقىلاۋىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن قوزغالغان شىنجاڭدىكى هەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىنقىلاۋى دەپ چۈشىنىمەن. بۇ ئەهۋاللارنى گومىنداڭ دائىرىلىرى ياخشى بىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن شىنجاڭغا ۋەكىل ئىۋەتىپ تىنچلىق بىتىم قىلىپ شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئۇسۇۋاتقان ئىنقىلاۋىي روهىنى بىر مەهەل پەسەيتمەكچى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاغزىدا

كۆلكە - چاقچاق، قوينىدا پالتا - پىچاق دىگەندەك، شىنجاڭغا يېتەرلىك ھەربى كۈچنى توپلىۋالماقچى بولدى.

ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللەر ئومىگىنىڭ باشلىغى ئەخمەتجان قاسىمى، گومىنداڭ ۋەكىلى جاڭ جىجۇڭ بىلەن تىنچلىق بىتىمىگە قول قويۇشۇپ، ئۇرۇش توختىغاندىن كېيىن 11 ماددىلىق بىتىمگە ئاساسەن گومىنداڭ زىندانلىرىدا ياتقان جۇڭگو كومپارتىيە ئەزالىرىنى ئوز ئىچىگە ئالغان سىياسى مەھبۇسلار ئازات قىلىنغان ئىدى. ھەر مىللەت خەلقى بىتىمنى ھىمايە قىلدى. ئۇنىڭ ئىجراسى ئۈچۈن كۈرەش قىلدى.

1946 - يىلى گومىنداڭ دائىرىلىرى بىتىمنى ئىجرا قىلىمىز دەپ قۇشنى يەم بىلەن، كىشىنى گەپ بىلەن ئالدايدۇ دىگەندەك تۈلكىلىك قىلىپ خەلقنى ئالداپ كەلگەن بولسىمۇ كېيىنرەك ئاۋالقى ئەلپازى يوقاپ، گەپلىرى قاتتىقلاپ، ئىلىلىقلار ئالدىرىماي تۇرسۇن يەنئەننى ئېلىپ بولساق، بۇلار قانچىلىك نىمىلەر دەپ ھوكىرەشكە باشلىدى. دىمەك بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدىكى گومىنداڭ يەنئەنگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن بىر قانچە يۈز مىڭ ئەسكەر توپلىۋالغىچە ئۈچ ۋىلايەتنى بەزلەپ بىزگە بىتىمنى ئىجرا قىلىمىز دەپ يالغاندىن كۈن ئوتكۈزگەن ئىكەن. بولۇپمۇ 1947 - يىلى ئەتىيازدا گومىنداڭ يەنئەننى ۋاقىتلىق بېسىۋالغاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا بىتىمنى ئىجرا قىلىمىز دىگەن ئىلغار كىشىلەرنى قاماققا ئېلىش باشلاندى، ھەتتا تۇتۇپ ئولتۇرۇشكە باشلىدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى جۇڭگو كومپارتىيىسىنى يوقاتتۇق دەپ پو ئېتىپ،

ئۈچ ۋىلايەتنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئىنقىلاۋىي ھەركىتىنى باستۇرماق بولدى. جەبرى - زۇلۇمغا، پۈتمەس - تۈگىمەس ئاداۋىتى بار خەلقىمىز شىنجاڭ بويىچە قاماش، ئولتۇرۇشكە قارشى دولقۇن كوتەردى. گومىنداڭ دائىرىلىرى دەسلەپ ئالدامچىلىق بىلەن ۋاقىت ئوتكۈزسە، ئەمدى بىرسىنىڭ ئەدىۋىنى بېرىپ يۈزىنى قورقۇتۇش كېرەك دەپ تۈرپانغا كۈزى چۈشتى. ئىشەنگەن تاغدا كىيىك ياتماپتۇ دىگەندەك بىتىمدىن كۈتكەن ئازياز ئۈمىت، ئارزۇلار بىكارغا چىقتى.

مەن 1947 - يىلى 2 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىدىن خەلققە كىنو كورسۈتۈش ئۈچۈن ئۈرۈمچىدىن تۈرپانغا چۈشتۈم. ئۇ ۋاقىتتا تۈرپان ۋەزىيىتى ناھايىتى جىددى ئىكەن. گومىنداڭ ئىشپىيونلىرى كۈندە يېڭى - يېڭى سوزلەرنى تارقىتىپ يۈرۈپتۇ. مەن گومىنداڭ ھەربى شتاۋىنى كىنوغا تەكلىپ قىلسام بىر كىشىمۇ كەلمىدى، ئەسكەرلىرىگە بىكارغا كىنو قويۇپ بېرىشنى ئېيتسام كىنو كورۈشنى رەت قىلدى. مەن ھاكىم ئابدۇراھمان مۇھىتى ۋە تۈرپان ناھىيىلىك ساقچى باشلىغى ئەبەيدۇللا روبەيدۇللايوۋ ۋە باشقىلار بىلەن تۈرپان ۋەزىيەتى ھەققىدە سوزلەشتىم. ئابدۇراھمان مۇھىتى ماڭا: " تۈرپان خەلقىنىڭ بىتىمنى ئىجرا قىلىش تەلىۋى ئۈستۈن، روھى كوتۈرەڭگۈ، خەلق بىزنىڭ ئاغزىمىزغا قارايدۇ، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىگە ھورمەت قىلىدۇ. ئوتكەندە ئەخمەتجان قاسىمى تۈرپانغا چۈشكەن ئىدى، خەلق ئۇنى پىكاپ بىلەن كوتۈرۈپ قارشى ئالدى، ھازىر تۈرپان ۋەزىيىتى

كۈندىن - كۈنگە جىددىيلىشىپ كېتىۋاتىدۇ، ئۈرۈمچىدىن تۇرپانغا ئىككى كىشى چۈشۈپ، بىتىمنى ئىجرا قىلىمىز دەپ خەلققە خالىغانچە سوز قىلدى، بىز ئۇلارنى كىمنىڭ رۇخسىتى بىلەن كەلگەنلىكىنى سورۇشتە قىلساق، ئەخمەتجان قاسىمى ئۇلارنى بىلمەيدىكەن. كېيىن تەكشۈرۈشىمىزچە بۇ ئادەملەرگە گومىنداڭنىڭ جەمىيەتكە خىزمەت قىلىش ئىدارىسى رۇخسەت قىلغان ئىكەن. بىز ئۇلارنى ئۈرۈمچىگە قايتۇرۇۋاتتۇق. كېيىن يەنە ئۈرۈمچىدىن ئون نەچچە كىشى تۇرپانغا چۈشۈپ قوزغىلاڭ قىلىمىز دەپ چىچانغا چىقىۋاپتۇ. ئۈرۈمچىگە ئادەم چىقىرىپ ئەخمەتجان قاسىمىدىن سورىساق ئۇلارنىمۇ بىلمەيمىز؛ تۇرپاندىن قوغلاپ چىقىرىۋاتسۇن دەپتۇ. ئۈرۈمچىدىن چۈشكەن بۇ ئادەملەرنىڭ گېپى چىرايلىق بولۇپ، گومىنداڭغا قارشى قوزغىلاڭ قىلىمىز دەيدۇ، لېكىن بۇلارنى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلمەيدۇ. ئەمدى گومىنداڭ ئاتايىن چاتاق چىقىرىۋاتامىدۇ قانداق؟ ئەھۋال مۇرەككەپ، مۇشۇ يېقىندا تۇرپاندىكى گومىنداڭ ھەربىي شتابى مەن بىلەن ئەبەيدۇللا روبەيدۇللايوۋنى چاقىرتىپ: يېقىندا بىر مۇنچە كىشىلەر چىچانغا توپلىنىپ قوزغىلاڭ كۆتەرمەكچى بولۇشۇپتۇ، بىز ئەسكەر ئەۋەتىپ بۇلارنى باستۇرىمىز، — دىدى، بۇلار مۇشۇ بانا بىلەن خەلق ئۈستىدىن قىرغىنچىلىق يۈرگۈزمەكچى، مەن ئۇلارغا بىز ئۆزىمىز ساقچىلارنى ئەۋەتىپ بىر تەرەپ قىلىمىز دەپ ئۇلارنىڭ ئەسكەر چىقىرىشىغا ئۇنىمىدۇم. كېيىن ساقچىلارنى چىچانغا ئەۋەتكەندە، ئادەم ئۆلتۈرۈش بولمىسۇن، ئۈرۈمچىدىن چۈشكەن ئون نەچچە كىشىنى تىرىك

ھەيدەپ كېلىڭلار. بۇنىڭغا قارشىلىق بىلدۈرسە، ھەيۋە
قىلىپ، ئۈرۈمچى تەرەپكە قوغلاپ داۋانچىڭدىن ئوتكۈزۋې-
تىڭلار دەپ تاپشۇرۇق بەردۇق. لېكىن ساقچىلار بىلەن
مىلتىغى بار پۇقرالاردىن ئىككى كىشى بىللە چىقىپ ھى-
لىقى قوزغىلاڭ قىلىمىز دىگەنلەردىن ئىككى كىشىنى ئې-
تىپ قويۇدۇ ( غەنى ھەم مۇسا قاقباشنى ). ساقچىلار بۇ-
لارنىڭ جەسىدىنى ناھىيە بازىرىغا ئېلىپ كەلگەندە گومىن-
داڭ ئىشپىيونلىرى ھەركەتكە كېلىپ مۇشۇ پۇرسەتتىن
پايدىلىنىپ: ”ماناكىم گومىنداڭچى؟ ساقچى باشلىقى ئەبەي-
دۇللا روبەيدۇللايوۋ گومىنداڭچى، گومىنداڭغا قارشى قوز-
غىلاڭ قىلغان ئىنقىلاپچىلارنى ئولتەرگۈزدى - دەپ بازاردا
تەشۋىق يۈرگۈزۈپ ئۆلگۈچى غەنى ( تۇرپانلىق ئىدى ) نىڭ
ئويىگە بېرىپ، يالغاندىن ۋاقىراپ، ئىنقىلاۋدي قۇربانلار
دەپ يىغلاپ بىر تۈركۈم كىشىلەرنى ئارقىغا سېلىۋالدى.
ئۈرۈمچى ۋالىي مەھكىمىسى ئىلگىرى ئەبەيدۇللا روبەي-
دۇللايوۋنى خىزمىتىدىن قالدۇرۇپ ئۇنىڭ ئورنىغا باش-
قا ساقچى باشلىقى چۈشۈرگەندە تۇرپان خەلقى ئەبەيدۇل-
لانى ھىمايە قىلىپ يېڭى چۈشكەن ساقچى باشلىقىنى ئۈ-
رۈمچىگە ھايدىۋاتقان بولسا، ئەمدى مۇشۇ ۋاقىئە مۇناسىۋى-
تى بىلەن ئەبەيدۇللانى ئامىمىغا يامان كورسىتىپ يال-
غاندىن گومىنداڭچى دەپ تۇرپاندىن ئۈرۈمچىگە چىقىپ
كېتىشكە مەجبۇر قىلدى„ دىگەنلەرنى ئېيتىپ بەردى.

ئۇ ۋاقىتلاردا شىنجاڭ 7 ۋىلايىتىنىڭ ھەممە يېرىدە
گومىنداڭ ئىشپىيونلىرى ساقچى ۋە ھەربى ئورۇنلارنىڭ
رۇخسىتى بىلەن ئوچۇقتىن - ئوچۇق گومىنداڭنى تىللاپ

ئىنقىلاۋىي ئامما ئارىسىغا كىرىۋېلىپ كەچقۇرۇن كۈندۈ-
لۈك ئىشلىرىدىن ساقچى ۋە ھەربى ئورۇنلارغا دوكلات
قىلاتتى. تۇرپاندىمۇ خۇددى شۇنداق قىلدى، تۇرپاندىكى
ئاق سارايىنىڭ ئىگىسى غوپۇرقارى، ئۇنىڭ ئىنىسى ئاب-
لىمىت دىگەنلەر مۇشۇ رولنى ئوينىدى.

ئابدۇراخمان مۇھىتى قوزغىلاڭ قىلىمىز دىگەن ئون
نەچچە كىشىنى ئۆرۈمچىگە قايتۇرۇپ ۋەزىيەتنى تۇراقلاش-
تۇرغان ئىدى. گومىنداڭ ھەربىلىرى ئىشنى چوڭايتىپ
قوراللىرىنى ئىشقا سالماقچى بولغان بولسىمۇ، بۇ پىلانى
ئەمەلگە ئاشمىغاندىن كېيىن، بۇلار ئىلگىرىدىن ئوزلىرى
نىشان قىلىپ كەلگەن تۇرپان ئاستانە يېزىسىدىكى تورت
سوقما دىگەن يەرگە ھەربىلەرنى ئىۋەتىپ ماجرا تۇغدۇ-
رۇشقا كىرىشتى.

بۇ ئەسلىدە مۇنداق ئىش ئىدى. شىڭشىسەي ۋاق-
تىدا ( 1933 - 1944 - يىلغىچە ) قولغا ئېلىنغان كىشى-
لەرنى خائىن دەپ مال - مۈلكىنى، يەر - زىمىنلىرىنى
ھوكۇمەت مۇسادىرە قىلىپ شەخسلەرگە سېتىۋەتكەن ئىدى.
بىتىمدىن كېيىن مۇسادىرە قىلىنغان مۈلۈكلەرنى ئوز ئى-
گىلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىشنى ھوكۇمەت ئېتىراپ قىلغان
ئىدى. ئەمما بۇ ئىشقا ھەربىلەر قورال كۈچى بىلەن
ئارىلىشىپ، يەرلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىشكە توس-
قۇنلۇق قىلدى. ئاستانىلىق ئىسمائىل مىراپ دىگەن كىشى
مۇسادىرە قىلىنغان يەرلىرىنى قولىغا ئالالماي، دادىنى
ھېچ يەرگە يەتكۈزەلمەي 1947 - يىلى 1 - ئاينىڭ 4 - كۈ-
نى بالىلىرى بىلەن تورت سوقمىدىكى يەرلىرىگە بېرىپ

يەرگە ئىشلەپ بۇغداي تېرىيدۇ، ئەمما بۇغداي پىشىپ ئورۇش ئالدىدا يەنى 1947 - يىلى 6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى تۇرپاندىكى ھەربىيلەر قوراللىق بىر لىيەن ئەسكەر ئەۋەتىپ يەرنىڭ كېيىنكى ئىگىلىرى بىلەن بىرلىشىپ ھوسۇلنى يىغىۋالدى، يەرنىڭ ئەسلى ئىگىلىرىنى ئېتىز بېشىغا كەلتۈرمەيدۇ. بۇ ئىش كۆپچىلىك دېھقانلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغايدۇ.

تۇرپان ھەربىي شتاب ئەزەلدىن بىرمۇ ئەسكەر تۇرمايدىغان سىڭگىم ئېغىزى دېگەن يەرگە بىر يىڭ قوراللىق ئەسكەر يۆتكەپ كېلىپ خەلقنى قورقۇتماقچى بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ساختىپەز نادانىنى تاپىدۇ، بىلىمىكتىن قاچىدۇ دېگەندەك ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەم ھەربىيلەر بىرلىشىپ بىر تۈركۈم لۈكچەكلەرنى توپلاپ ئۈرۈمچىدە ۋەزىيەتنى جىددىيلەشتۈرۈپ، تۈرلۈك ۋاقىئەلەرنى تۇغدۇردى. مىللىتى بىر، لېكىن مەسلىكى باشقا كىشىلەرنى تەييارلاپ خەلق ئىچىدە بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلدى. 1947 - يىلى 5 - ئايدا جاڭ جىجۇڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ پىكرىنى ئالمايلا ئۆزىچە مەسئۇت سابىرنى نەنجىڭگە مەلۇم قىلىپ، 19 - ماي كۈنى ئۇنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى قىلىپ بەلگىلەيدۇ. 28 - ماي مەسئۇت خىزمەت تاپشۇرۇۋالدى، شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە مەسئۇتنىڭ رەئىس بولغانلىقىغا نارازى بولۇشتى. ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ ئۇيغۇر مەدىنى ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ مەدەنىيەت كۇلۇبىدا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدىنى ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى بىرلىشىپ مەسئۇتنىڭ

رەئىس بولۇشىغا نارازى بولۇپ چوڭ يىغىن ئاچتى. يى-
غىندا شىنجاڭنىڭ ھەر يېرىدىن كەلگەن زىيالىلار، خەلق-
چىل زاتلار، دىنىي ئۆلىمالار، سودىگەرلەر، مائارىپچىلار،
ياشلار بولۇپ ھەر ساھەنىڭ ۋەكىللىرى سۆزگە چىقىپ ئا-
خىرى غەربىي شىمال مەھكىمىسىنىڭ مۇدىرى جاڭ
جىجۇڭ ھەم نەنجىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە مەسئۇتنى
رەئىسلىكتىن قالدۇرۇش ھەققىدە تەلەپنامە يېزىپ ئەۋەتتى.
لېكىن گومىنداڭ دائىرىلىرى خەلقنىڭ ئاۋازىغا قىلچە پەر-
ۋا قىلمىدى، كىم بىتىمنى ئىجرا قىلايلى دېسە شۇنى
قاماشقا باشلىدى. ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش
ئۇيۇشمىسىغا قوراللىق ھۇجۇم قىلىپ خىزمەت-
چىلەرنى ئۇرۇپ-دۇمبالاپ، قاماپ ئۇيۇشمىنى تار-مار
قىلدى. خەلق ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك كىشىلەرنىڭ ھا-
ياتىغا خەۋپ يەتكەنلىكتىن ئۈرۈمچى ھەم ۋىلايەتلەردە
يوشۇرۇنۇپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولدى، بىر مۇنچىلىرى ئۈچ ۋى-
لايەتكە قېچىپ بېرىپ پانا تاپتى. گومىنداڭ ھەربىي ساق-
چى ئورۇنلىرى ئادەم قاماپ، ئۆلتۈرۈپ شىنجاڭنى باشقى-
دىن زىندانغا ئايلاندۇردى. مەسىلەن: ئەنۋەر يۈسۈپ ما-
ئارىپ نازارىتىنىڭ خىزمىتى بىلەن يەركەنگە بارسا يەر-
كەن ۋالىسى جۇفاڭگاڭ مەخپىي قولغا ئېلىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى.
بۇ ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ بويىچە زىيالىلار ئارا چوڭ نا-
رازىلىق دولقۇنى قوزغىغان ئىش ئىدى. 1947-يىلى ئۈ-
رۈمچىدە 25-فېۋرال ۋەقەسىنى پەيدا قىلىپ ئۈچ ۋىلا-
يەت ۋەكىللىرىنى پۇقراچە كىيىنگەن ھەربىيلەر ئۆلكىلىك
ھۆكۈمەتكە قامىۋېلىپ ئۇلارنىڭ ھاياتىغا خەۋپ سالدى.

مۇنۇپ ئاخۇننى ئۆلتۈرۈۋەتتى. مىرزا يۇسۇپ تۇققان كور-
گىلى بۇگۇرگە بارسا بۇنى بىكارغا كەلمىدى دەپ كورلا
باش ئەگىمدە ھەربىلەر قولغا ئېلىپ ھىچقانداق ئاساس
يوقلا مەخپى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئابدۇ قادىر ھەسەننى (ھازىر
سېپەن داشۇيدە) ئوز ۋاقتىدا خوتەن خەلقى بىتىمگە ئا-
ساسەن سايلام ئوتكۇزۇپ خوتەن ناھىيىسىنىڭ شەنجاڭ-
لىغىغا سايلىغان ئىدى. سايلام ھەيئەتلىرى ئۈرۈمچىگە
قايتىش بىلەن ھەربىلەر ئابدۇ قادىر ھەسەننى ئوغۇرلۇق-
چە قاماپ ئىچكىرىگە ئېلىپ قاچقاندا ئۈرۈمچىدىكى ئاھ-
ما بىلىپ قېلىپ ئۈرۈمچىگە كەلگەندە بۇنى قۇتۇلدۇرۇپ
قالدى. مۇنداق ئىشلار شىنجاڭنىڭ ھەممىلا يېرىدە كوپ-
لەپ كورۇلگەن بولۇپ مىساللار سانسىز. يالغۇز تۇرپاننى
ئالساق كېچىلىرى كىشىلەر يوقاپ كېتىدىغان، كىشىلەر
ئويىدە خاتىرجەم ياتالمايدىغان بولۇپ قالدى. 1947-
يىلى 6-ئايدىلا پىچان ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ
دۇساسى يۇسۇپ باقىنى، ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ
شۇەنگۈەنى زىيەرنى. ئوقۇتقۇچى ياسىن رېقىپنى، سودى-
گەر يۇسۇپ تۇردىنى، پىچان ناھىيە خاندۇ يېزىسىنىڭ
ساقچى سوجىڭى مەمەت قاسىمنى، پىچان ناھىيە لەمجىن
يېزىسىنىڭ ساقچى سوجىڭى ئابلىمىت يۇسۇپنى ھەم خو-
جا ئابدۇللانى قولغا ئالدى. پىچان ناھىيىلىك ساقچى ئى-
دارىسىنىڭ باشلىغى ئابلىمىت ئۈشۈرنى قولغا ئالماقچى
بولغاندا بىلىپ قېلىپ پىچاننى تاشلاپ قېچىپ كەتتى.
پىچان ناھىيە لۇكچۇن رايونىنىڭ ئۈيغۇر مەدىنى ئاقار-
تىش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ئەخمەت نىياز داۋۇت (ھا-

زىر رايونلۇق كۆتۈپخانىدا) پىچاندا قولغا ئېلىشنى ئال-
دىن بىلىپ قېلىپ ئۈركۈچۈنگە قېچىپ كېلىۋالغان.

1947 - يىلى 6 - ئايدا تۇرپان يېڭى شەھەر غەربىي دەرۋازا تېشىدىكى ئۇيغۇر ناۋايىنىڭ بالىسىدىن گومىنداڭنىڭ 4 ئەسكىرى كېلىپ بىر نەچچە ناننى ئېلىپ پۇلىنى بەرمەي ماڭغاندا بالا پۇلنى بەرمەمسەن دەپ بۇلارنىڭ ئالدىنى توسسا بالىنى مىلتىق بىلەن ئېتىپ قويۇپ قارىماي كېتىدۇ، بالىنىڭ پۇتى ئېغىر يارىلىنىدۇ. بازاردىكى ساقچىلار بېرىپ ئەسكەرلەرگە بالىنى نىمىشكە ئاتتىڭلار دېسە 4 ئەسكەر ساقچىلارغىمۇ بوي بەرمەي كازارمىسىغا كىرىپ كېتىدۇ. ساقچىلار بۇنى ئېنىقلايمىز دېسە ئىشىك ساقلاپ تۇرغان ئەسكەرلەر مىلتىق تەڭلەپ ساقچىلارنى كازارمىغا كىرگۈزمەيدۇ. ئەھۋالنى كۆرگەن ئامما ئىچىدە نارازىلىق پەيدا بولۇپ كىشىلەر توپلىشىپ غۇلغۇلىغا چۈشىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ھەربىي شتاپتىن ئابدۇراخمان مۇھىتى بىلەن ئەبەيدۇللا روبەيدۇللايېۋنى چاقىرتىپ: كىشىلەر جىدەل چىقارغىلىۋاتىدۇ. بىز ھازىر شەھەردە ھەربىي ھالەت ئېلان قىلىمىز دەيدۇ. ئابدۇراخمان ئۇلارنىڭ ھەربىي ھالەت ئېلان قىلىشىغا قوشۇلمايدۇ ۋە ئامما ئالدىغا كېلىپ ئىشنى كېيىن ئېنىقلايمىز، غۇلغۇلا قىلماسڭلار دەپ نەسىھەت قىلىپ ئاممىنى تارقىتىدۇ، بۇ ئىشتىن ھىچقانداق نەتىجە چىقماي خەلقنىڭ دەردى ئىچىدە قالىدۇ. دېمەك ھەممە يەردە زوراۋانلارنىڭ زورلۇق-زومبۇلۇقلىرى چېكىدىن ئاشقان ئىدى. تۇرپان يېڭى شەھەردىكى تومۇرچى ئىمىن ئاخۇننى ئىلىدا چىقىدىغان گې-

زىتىنى ئۇقۇدۇڭ دەپ يىڭبۇغا قاماپ ئولتۇرۇۋاتىدۇ.
ۋەزىيەت ئەنە شۇنچىلىك جىددى ھەم قورقۇنۇشلۇق بولسىمۇ ئابدۇراخمان موھىتى بىتتىمگە قەتئى ئەمەل قىلىدۇ. شۇ كۈنلەردە، يەنى 1947 - يىلى 7 - ئاينىڭ 11 - كۈنى گومىنداڭنىڭ تۇرپاندىكى ھەربى شىتاۋىدا مەخپى مەجلىس ئېچىپ ئەتىسى ھەربى ھەم ئىشپىيونلىرىنى ئىش- قا سېلىپ ئابدۇراخمان مۇھىتىگە قارشى نامايىش قوزغى- ماقچى ۋە بۇ نامايىشتا ئابدۇراخماننى ئۇرۇپ ئولتۇرۇپ- ۋاندىن بىز بىلمەيمىز، خەلقنىڭ ئىشى دىمەكچى بولى- دۇ. لېكىن بۇ يىغىنغا قاتناشقان بىر خۇيزۇ كىشى يى- غىندىن چىقىپ ئابدۇراخمان مۇھىتىنىڭ ئۆيىگە مەخپى كېلىپ: " مەن سېنىڭ داداڭنىڭ تۇزىنى كوپ يىگەن، سېنىڭ بېشىڭغا ئۆلۈم كېلىۋاتىدۇ„ دەپ ئېچىلغان مەج- لىسنىڭ سۇيىقەست پىلانلىرىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. ئابدۇ- راخمان بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ تۇرۇش ئۈچۈن شۇ كۈنى شەھەر سىرتىغا چىقىپ كېتى- ۋاتسا شەھەر دەرۋازىسىدا تۇرغان ئەسكەرلەر توسۇپ قو- يىدۇ، ئابدۇراخمان ئۆيىگە قايتىپ تۈندە شەھەر سېپى- لىدىن ئاغامچا بىلەن سېرىلىپ چۈشۈپ يەمشى يېزىسىغا كېتىدۇ. ئابدۇراخماننى شەھەر دەرۋازىسىدىن چىقارماي توسۇپ قويغىنىنى كورگەن كىشىلەر، شۇ كۈنلا ناھىيى- نىڭ يېزىلىرىدا ھاكىمنى ئەسكەرلەر شەھەر ئىچىگە سو- لىۋالدى. تاشقىرىدا چىقارمايۋاتىدۇ دىگەن خەۋەرنى يەت- كۈزدى. بۇنى ئاڭلىغان خەلق ئىچىدە كىرنا ئاداۋەتلەر- گە يېڭى غەزەپ - نەپرەتلەر قوشۇلۇپ ئەمدى، يىچاق سو-

گەككە يەتتى دەپ تۇرپان، پىچان، توقسۇن خەلقى قوز-
غالىمساق بولمىدى، هايات ياشاش ئۈچۈن ئىنقىلاپ قى-
لىش كېرەك دەپ، جەبرى - زۇلۇم دەستىدىن سەبىر قاچى-
سى تولۇپ، پارتلاپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان خەلق قىس-
قا ۋاقىت ئىچىدە سىتىخىيىلىك هالدا قوزغىلاڭ تەييار-
لىقىغا كىرىشىدۇ.

ئۈكچۈندە ئەخمەتنىيازداۋۇت باشچىلىقىدا بىر تۈر-
كۈم خەلق ساقچىغا بېسىپ كىرىپ ساقچىلارنىڭ قورالى-
رىنى تارتىۋالىدۇ ۋە خەلق قولىدىكى قوراللارنى جەملەپ
60 تال مىلتىق بىلەن 210 كىشىنى ئاتلاندۇرىدۇ. ياڭ-
خى يېزىسىدىن ئىمىن ئاخۇن خەلقنى قوزغاپ تورت سوق-
ما كارىزدىكى گومىنداڭچىلارغا هۇجۇم قىلىپ 11 تال مىل-
تىقنى قولغا چۈشۈرىدۇ. ئاستانە ساقچى سوجىڭى رەجەپ
توختى (هازىر ئاپتونوم رايونلۇق رادىيوئىستانسىسىدە) قوز-
غىلىپ ئاستانە، قاراخوجا خەلقىغە باشچىلىق قىلىپ ئۈك-
چۈندىكى ئەخمەتنىياز داۋۇت هەم ئىمىن ئاخۇنلارغا خە-
ۋەر قىلىپ 1947 - يىلى 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئەتىن-
گەن سائەت 5 دە يېتىپ ئۈلگىچە، ئېتىپ ئۆل دەپ (ئاب-
دۇراخمان مۇھىتى ئاستانە يېزىسىغا يېتىپ كېلىشتىن
ئىلگىرى) سىڭگىم ئېغىزىدىكى زامانىۋى قوراللار بىلەن
قوراللانغان گومىنداڭنىڭ بىر يىلىڭ مۇنتىزىم ئەسكىرىگە
هۇجۇم قىلىدۇ. بۇ قېتىم هۇجۇم قــىـلــىـشقا قاتناشقان
خەلقنىڭ سانى مىڭدىن ئارتۇق. ئۇرۇشقا رەسمى قاتناش-
قان ئەرلەردىن باشقا، ئوزۇق - تۈلۈك توشۇۋاتقان ئاياللار-
مۇ بار ئىدى. گومىنداڭ ئەسكەرلىرى سىڭگىم ئېغىزد-

دىن كىلىۋاتقان سۇنىڭ باش تەرىپىدە بولغانلىقتىن سۇ-
نى توسۇپ قۇملۇققا قويۇۋىتىپ، ئاستانە، قاراخوجا خەل-
قى بولۇپمۇ ئوستەڭ بويلاپ ئۇرۇش قىلىۋاتقان خەلق
ئۇسسۇزلۇقتىن ئالدىراپ قالغاندا يۇرت ئىچىدىكى قۇ-
دۇقلاردىن قاپاقلاردا ئالدىنقى سەپكە سۇ توشۇۋاتقان ئا-
ياللار، ئوغۇل-قىز كىچىك باللارنى قوشقاندا بىر نەچ-
چە مىڭ ئادەم بار ئىدى. خەلقنىڭ قولىدىكى قوراللار-
نى بەزەن ماتىرىياللاردا 5 - 6 يۈز تال مىلتىق، 20 دىن
ئارتۇق ئىغىر-يىنىك پىلىموت بار دەپ كورسىتىدۇ، ئە-
مەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس، 106 تال مىلتىق، بىر دا-
نە يىنىك پىلىموت، 5 ئاپتومات بار ئىدى. ئومۇمەن مىل-
تىق، پىلىموت، ئاپتوماتلارنىڭ ئوقى ناھايىتى ئاز ئىدى،
گىراناتمۇ يوق ئىدى. بۇ قوراللار نەدىن كەلگەن؟ ئۇ-
رۇمچىدىن كەلتۈرۈلگەن ئەمەس، بىر تال دىكتار پىلى-
موتنى ياڭخىلىق ئىمىن ئاخۇن گومىنداڭ ئەسكەرلىرىدىن
سىتىۋالغان، شۇ ۋاقىتلاردا گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ھەم-
رالىرىدىكى قوراللىرىنى ئوغرىلاپ چىقىپ ساتاتتى. 5 تال
ئاپتوماتنىڭ ئىككىسىنى ئاستانىلىق مەخمۇت ئۇستا يا-
سىغان، 2 تالنى يەنە خەلق گومىنداڭ ھەربىلىرىدىن سى-
تىۋالغان، مىلتىقلار بولسا تۇرپان، پىچان، توخسۇنلاردى-
كى قوزغىلاڭ كوتەرگەن ساقچىلار كوتۈرۈپ كەلگەن ۋە
دۈشمەندىن تارتىۋالغان مىلتىقلاردىن ئىبارەت. خەلق ئوز
قولىدىكى ئازغىنە ناچار قوراللار ھەم ئوقلىرى كەمچىل
بولۇشقا قارىماي كۈچلۈك دۈشمەنگە ئوز ئىختىيارى بىلەن
پىدائى بولۇپ ئالدىدىن ئىتىلىۋاتقان پىلىموت، ئاپتو-

ـمات هەم ئۈستىدىن چۈشۈۋاتقان مىنامىيوت ئوقلىرى، گىـ
رانا تلارنىڭ پارتلاپ تۇرۇشىغا قارىماي هۇجۇم قىـلىپ،
بىرسى يىقىلسا يەنە بىرسى ئىز بېسىپ گومىنداڭ ئەسـ
كەرلىرىنىڭ پوتەيلىرىنى ئۇرۇپ - چېقىپ ئۇرۇش قىلدى.
مەسىلەن: گۈلى دۈشمەننىڭ پوتەيىگە هۇجۇم قىـ
لىپ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقاندا دۈشمەننىڭ ئوقى تېگىپ يىـ
قىلسا، هەسەن تومۇر ئىز بېسىپ يۈگرەيدۇ. ئۇنىڭغا ئوق
تېگىپ يىقىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىزىدىن ئابدۇرازاق
هوجۇمغا ئۆتىدۇ. دېمەك بىرسى ئۆلسە يەنە بىرسى جان
پىدا قىلىپ ئارقىمۇ - ئارقا قۇربان بېرىپ دۈشمەننىڭ
پوتەيلىرىنى تالقان قىلىدۇ. بىر پوتەيگە هۇجۇم قىلىپ
ئونبىر كىشىنى قۇربان بېرىپ ئاخىرى پوتەينى ئالىدۇ.
بۇ هەقتە خەلقتە مۇنداق ناخشا چىققان: ”ئېغىزلاردا جەڭ
قىلغان، هاكىم بىلەن ئىمىنجان، قوللىرىمىزدا تاياق - توقـ
ماق، شىهىت بولغان ئون بىر جان„. يەنە كىشىگە چوڭقۇر
تەسىر قالدۇرغىنى گۈلى يارىدار بولۇپ يېتىپ قالـ
غاندا، مەن بولالمىدىم، قورالىمنى ئېلىۋېلىڭلار، دۈشمەنـ
نىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتمىسۇن دېگەن. دېمەك ئۆزىنىڭ
ئاخىرقى بىر نەچچە مىنۇتلۇق ئۆمرى قالغاندىمۇ، قورال
دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتمىسۇن دەپ غەم قىلغان.
بۇ ئەلۋەتتە قوزغىلاڭ كۆتەرگەن خەلقنىڭ قانچىلىك قەهـ
رىمان، قەيسەر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپلا قالماستىن، بەلـ
كى خەلقنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قانچىلىك غەـ
زەپ - نەپرەتلىرىنىڭ بارلىقىنى، گومىنداڭ هۆكۈمىتىدىن
خەلقنىڭ قانچىلىك زېرىكىپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەينى ۋاقىتتا قوزغىلاڭغا قاتناشقان قوراللار ماڭا مەلۇم بولسىمۇ، مۇشۇ ماقالىنى يېزىشتا قوزغىلاڭغا قات-ناشقان يولداشلاردىن سوراپ قايتا ئېنىقلاپ كوردۇم. شۇ-نىڭ ئۈچۈن مېنىڭ دېگىنىم ئېنىق ھەم توغرا.

يۈز نەچچە تال مىلتىق بىلەن قوراللانغان خەلققە شۇ ۋاقىتتىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى 7 يىڭ 2 تۈمەن ئەسكەرنى ئىشقا سېلىپ قىرغىنچىلىق يۈرگۈزدى. ئىش-نىڭ ئەسلى قانداق بولسا شۇنداق قويۇش، تارىختىن خۇ-لاسە چىقىرىشتا كوز بويىماسلىق كېرەك.

بەزەن ماتېرىياللاردا سىنگگىم ئېغىزىدىكى قوزغىلاڭ-نى باستۇرغاندا 450 - 500 كىشى ئولتۇرۇلگەنلىگىنى، 100 دىن ئارتۇق ئادەمنى ئەسىرگە ئالغانلىقىنى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە قەشقەردىن 50 كىشى، باشقا يەرلەردىن 30 كىشى بولۇپ جەمئى 80 كىشىنى قولغا ئالغانلىقى كور-سىتىلىدۇ، بۇ سان توغرا ئەمەس. بۇ سان پەقەت ئۇرۇش ئۈستىدە ئولگەنلەرنى كورسەتسە كېرەك. ئەمما قوزغىلاڭ-نى باستۇرغاندىن كېيىن خېلى كوپ ۋاقىتقىچە يۇرت ئىچىدە تەكشۈرۈش قىلىپ كېچىلىرى ئوغۇرلۇقچە ئەپ كې-تىپ ئولتۇرۇلگەن كىشىلەر ئاز ئەمەس. مەسىلەن: ئابلىز مۇھەمتى، ئابدۇللا موھەمتى ھەم سابىت قارىغا ئوخشاش مەخپى ئولتۇرۇلگەنلەر ئاز ئەمەس. سىنگگىم ئېغىزىدىكى قوزغىلاڭنى باستۇرغاندىن كېيىن گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئاستانە، قاراخوجا يېزىسىدىن باشلاپ قىرغىنچىلىق يۈر-گۈزدى. خەلق ئوي ماكانىنى - تاشلاپ بالا - چاقىلىرى بىلەن جاڭگاللىغا قاچتى. كوپچۈلۈك سۈيى بار ۋە سۈيى توختىغان

كارىزلارنىڭ قۇدۇقلىرىغا كىرىپ موكۇندى، گومىنداڭ ئەس-
كەرلىرى خەلقنىڭ ئۆيلىرىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى ھەت-
تا توخۇلارنىمۇ تۇتۇۋېلىپ كەتتى. ئۇچرىغان كىشىلەر-
نى تۇتۇپ خەنجەر بىلەن بوغۇزلاپ بېشىنى كېسىپ، تې-
نىنى قۇدۇققا تاشلىدى. مۇنداق ئىزسىز يوقالغانلارنى يۇرت-
نىڭ مۇناسىۋەتلىك كىشىلىرى ئارقىلىق گومىنداڭ ھەر-
بىلىرىدىن سوراتسا، ھەربىلەر ماقۇل، كېلىپ تونۇۋالسۇن
دەپ يىگىنۇ ئالدىدا ئادەم باشلىرىنى سىمغا قاتارلاپ ئې-
سىپ قويىاتتى . كىشىلەر مۇشۇ يەردىن ئۆزىنىڭ ئاتىسى
ياكى بالىسىنىڭ بېشىنى تونۇپ قايتۇرۇپ كەلگەندىن كې-
يىن نامىزىنى چۈشۈرۈپ تېنى يوق باشنى دەپنە قىلغان.
مۇنداق ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئاز ئەمەس.

تۇرپان دىخانلار قوزغىلىڭى ئاساسى جەھەتتىن تۈ-
گەپ، ئابدۇراخمان موھىتى باشچىلىغىدا پارتىزانلار ئۈچ
ۋىلايەت تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇرۇمچى گې-
نېرال شىتاۋدىن لى خۇگيۇن باشچىلىغىدىكى تېرورلۇق
گورۇپپىسىنى تۇرپانغا ئىۋەتىپ نۇرغۇن ئادەملەرنى قولغا
ئالدى ۋە ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى. شىڭ شىسەي ھوكۇمرانلىق
قىلغان دەۋردە تۇرمە ئىچىدە سوراقچىلىق قىلىپ كىشى-
لەرنى قىيناپ ئۆلتۈرۈپ قولى قان بىلەن بويالغان لى-
خۇگيۇننىڭ تۇرپاندا قىلغان ئەسكىلىكلىرى ھازىرغىچە
كىشىلەرنىڭ يادىدىن كوتۈرۈلگىنى يوق.

ئومۇمەن ئېيتقاندا تۇرپان، پىچان، توخسۇندىكى دى-
خانلار قوزغىلىڭى، 1946 - يىلى 7 - ئايدا ئىزالانغان 11
ماددىلىق بىتىمنى ھىمايە قىلىش ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىش

مۇددىئاسىدا قوزغالغان ئىنقىلاۋى ھەركەت بولۇپ خەلق-
نىڭ تەلىۋى ھەققانى ئىدى.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ۋە ئەكسىيەتچى ھەر-
بىلەر بولسا بىتىمنى ئىجرا قىلىشقا ھەر جەھەتتىن توس-
قۇنلۇق قىلىپ خەلق ئىشلىرىغا ئارىلاشتى. خەلق 11 ماد-
دىلىق بىتىم بويىچە ئىش قىلىمىز دىسە، گومىنداڭ ئەك-
سىيەتچىلىرى خەلقنى باستى. خەلققە زورلۇق قىلىپ قا-
مىدى، ئۆلتۈردى. ئۇلارنىڭ زوراۋانلىقلىرىغا قاراپ خەلق
بارغانسېرى ئۆز ھاياتىدىن ئۈمىت يوقلىغىنى ھېس
قىلدى. خەلق ئۆز غېمىنى ئۆزى يېمىسە ناھەقلىق ئاس-
تىدا ئىزىلىپ ئۆلىدىغانلىغىنى چۈشۈنۈپ، ئۆزىنىڭ چى-
قىش يولىنى ئىزدەپ ئاخىرى بۇ ھەققانى كۈرەشكە ئاتلاندى.

قوزغىلاڭ كوتۇرۇلگەندىن كېيىن ئەكسىيەتچىلەر بۇ
قوزغىلاڭنى باستۇرۇش، خەلقنى قىرغىن قىلىش ئۈچۈن
ئەپچىل باھانىلەرنى ئويدۇرۇپ چىقاردى: قانداقتۇر ۋە-
تەننىڭ بىرلىگىنى پارچىلايدىغان، خەنزۇلارغا قارشى تۇ-
رىدىغان قوزغىلاڭ دەپ تۇرپان خەلق قوزغىلىڭىغا قارا
چاپلاپ، كەڭ كولەمدە ھەربى كۈچلىرىنى سەپەرۋەر قى-
لىپ بۇ ئۈچ ناھىيە خەلقى ئۈستىدىن قىرغىنچىلىق يۈر-
گۈزدى. ئۇلارنىڭ مەقسىدى تۇرپان خەلق قوزغىلىڭىنى
باستۇرۇش ئارقىلىق خەلقنىڭ يۈرىگىنى مۇجۇپ تاشلاش.
شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى تە-
رەپكە ئۆز كۈچىنى كورسۇتۇپ قويۇشتىن ئىبارەت ئىدى.
شۇڭا ئۇلار تۇرپان خەلق قوزغىلىڭى كوتۇرۇلۇش بىلەن
تيەن زىمىنىڭ 4 يىلىك (ئاتالىيون) ئەسكىرىنى، ئاتلىق

5 - كىرپېستىن يېڭى چاڭشۇنىڭ ئاتلىق پولكىنى، قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق 178 - دىۋىزىيىنىڭ 2 باتالىيون ئەسكىرىنى، قارا شەھەردە تۇرۇشلۇق 128 - دىۋىزىيىنىڭ بىر پولك ئەسكىرىنى، ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق 46 - دىۋىزىيىنىڭ بىرىباتالىيون ئەسكىرىنى ئىشقا سېلىپ، جەمئى 106 تال قورال بىلەن قوزغالغان تۇرپان خەلقلىرىگە قارشى ئاق تېرورلۇق يۈرگۈزدى. نەتىجىدە 500 دىن ئارتۇق دېھقانلارنى، ياشلارنى، زىيالىلارنى قىرىپ تاشلىدى. 11 ماددىلىق بىتىمنى ھىمايە قىلىش ۋە ئىجرا قىلىش ئۈچۈن قوزغالغان خەلق ئۈستىدىن ئاق تېرورلۇق يۈرگۈزۈپ، نۇرغۇنلىغان بىگۇنا خەلقلەرنى ئۆلتۈرۈپ قانغا بوياپ تاشلىغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئاقنى قارا قىلىپ، بىگۇنا قىرىلغان تۇرپان خەلقىگە قانداقتۇر "ۋەتەننى پارچىلىماقچى بولغان، خەنزۇ خەلقىگە قارشى تۇرغان" دەپ بوھتان قىلسا، بۇنىڭغا قانداقمۇ تاقەت قىلىپ تۇرغىلى بولسۇن؟

تۇرپان قوزغىلىڭى كوتۇرۇلۇش بىلەن تەڭ ئۆزىگە، مەيلى شەھەر، مەيلى يېزىدا، مەيلى قايسى مىللەتتىن بولسۇن قورال تۇتقان گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ئەسكەرلىرىگىلا قارشى ئۇرۇش قىلىشنى ئاساسى پىرىنسىپ قىلدى. ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق بولدى. مەسىلەن: لۈكچۈندە ئەخمەت نىياز داۋۇت قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ساقچى ئورنىغا بېسىپ كىرگەندە بىرمۇ كىشىنى ئۆلتۈرگىنى يوق. خەلقنى قوزغاپ سىڭگىم ئېغىزىغا ماڭغاندا قوزغىلاڭچى خەلقنى يىغىپ مەيلى ساقچى، مەيلى پۇقرا خەنزۇلارغا دەخ-

ـلى قىلىنمىسۇن، كىمدە - كىم دەخلى قىلسا چارە كۆرۈ-
لىدۇ دەپ ئۇقتۇرۇش قىلىنغان. شۇڭا تۇرپان قوزغىلىڭىدا
ھېچكىم بىرەر خەنزۇغا دەخلى قىلغىنى يوق. پەقەت ئەك-
سىيەتچىلەرگىلا قارشى تۇرغان. پاكىت ئەشۇنداق ئېنىق
تۇرغان يەردە، پاكىتنى بۇرمىلاپ تۇرپان قوزغىلىڭى خەن-
زۇلارغا قارشى تۇراتتى دېيىش، شۇ ۋاقىتتىكى ئەكسىيەت-
چى جاللاتلارنىڭ جىنايى مەسئۇلىيەتتىن باش تارتىدى-
غان تۆھمەت سۆزىدىنلا ئىبارەت. ئۇلار ئەشۇنداق تۆھ-
مەتنى چاپلاپ يۈزلىگەن ئىنقىلاۋىي ياشلارنى، دېخانلارنى
قىرىپ تاشلىدى. بىز شۇ ۋاقىتتا گومىنداڭ ئەكسىيەتچى-
لىرى باستۇرۇپ تاشلىغان قېرىنداشلىرىمىزنى ئەسلىگەندە ئې-
چىنىمىز ۋە قايغۇرۇمىز. ئۇلار ئۆز جانلىرىنى پىدا قى-
لىپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەش قىلغان
ئىدى.

سۆزۈمنىڭ ئاخىرىدا تارىخ تەتقىق قىلغۇچى يولداش-
لارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن يەنە بىر نەچچە جۈملە سۆز
قىلىشقا توغرا كەلدى.

1 - 1947 - يىلىدىكى تۇرپان خەلق قوزغىلىڭى خەن-
زۇ خەلقىگە قارشى تۇرغان قوزغىلاڭ ئەمەس. قوزغىلاڭ
قىلغان خەلق ۋە قوزغىلاڭغا رەھبەرلىك قىلغان كىشىلەر
خەنزۇ خەلقى بىلەن ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنى پەرق قى-
لالمايدىغان نادانلاردىن ئەمەس. قوزغىلاڭغا رەھبەرلىك
قىلغان ئىلغار زىيالىيلار 1937 - يىلىدىن باشلاپ يەنئەن-
دىن كەلگەن كوممۇنىستلاردىن تەربىيە ئېلىپ، بىللە ئىش-
لەپ، ئۇلارنىڭ تەسىرىنى ئۆزىگە چوڭقۇر سىڭدۈرۈپ ئىنى-

قىلىپ قىلىشىنىڭ يولىنى تاپقان ۋە كېيىنكى كۈندە شۇ كوممۇنىستلار بىلەن بىرلىكتە گومىنداڭ زىندانلىرىدا ئازاپ چەككەن كىشىلەر ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن خەنزۇ خەلقىنىڭ تەقدىرى بىر ئىكەنلىكىنى چۈشۈنەتتۇق. كومپارتىيىگە يېقىندىن ئەگىشىپ سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ ئۇلۇغۋار غايىلىرىغا ئىگە بولغان ئىدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن 1946 - يىلى ئۈرۈمچىدىكى غەربىي زالدا ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى، جاڭ جىجوڭ ۋە گومىنداڭ تەپتىش پالاتاسىنىڭ باشلىقى يۈي يۇرېن قاتارلىق گومىنداڭ ئەربابلىرى قاتناشقان ھالدا ئېچىلغان ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قايتا تەشكىل قىلىنغانلىقىنى تەبرىكلەش چوڭ يىغىنىدا 7 ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى ۋە باشقىلار بولۇپ 17 ئاممىۋى تەشكىلات نامىدىن سۆزگە چىقىپ مۇنداق ئۈچ مەزمۇندا سۆز قىلغان ئىدىم: ①بەزىلەر ئۈچ ۋىلايەت كىشىلىرىنى ئوغرىلار دەپ ئاتايدىكەن بۇنداق ئاتاش خاتا. چۈنكى بۇ كىشىلەرنىڭ ئىنقىلاۋىي ھەركىتى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تىلەك - ئارزۇلىرىنى ئىپادىلەيدۇ.

② بەزىلەر ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنى مەلۇم بىر تەرەپنىڭ قۇتقۇرتىشى بىلەن بولغان دەيدىكەن. مۇنداق دېيىش توغرا ئەمەس. چۈنكى ئىنقىلاپنى ئېكسپورت قىلىغىلى بولمايدۇ. مەركەزنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تەلەپ - ئارزۇلىرىنى چۈشۈنۈشىنى سورايمىز، بۇ تەلەپ-ئارزۇ ئەلۋەتتە ھەممە مىللەت ھوقۇقتا باراۋەر بولۇشتىن ئىبارەت.

③ بەزىلەر 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنى خەنزۇلارغا قارشى قوزغالغان «قوزغىلاڭ» دەيدىكەن. ئۇنداق قاراش خاتا. بىز شۇنداق قارايمىزكى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى خەنزۇ خەلقىگە ئەسلا قارشى ئەمەس، پەقەت ھەممە مىللەت باراۋەر ھوقۇققا ئىگە بولۇشى كېرەك:

مەملىكىتىمىزدە ۋە ئۆلكىمىز شىنجاڭدا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن كۆرەش قىلىۋاتقان كوممۇنىستلارنىڭ ھەممىسى خەنزۇلاردىن ئىبارەت، ئۇلار خەلقنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلغاچقا گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ زىندانلىرىدا دەھشەتلىك ئازاپ چەكمەكتە، شۇنداقلا بۇ گومىنداڭ ھاكىمىيىتىدىكىلەرمۇ خەنزۇلاردۇر. بىز شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئەنە شۇ كوممۇنىستلارنى خەنزۇ خەلقىنىڭ ئەڭ ياخشى پەرزەنتلىرى دەپ تونۇپ كەلدۇق ۋە ئۇلارغا يېقىندىن ئەگەشتۇق، شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ تۈرمىلارغا قامالماسلىقىنى، تۈرمىلاردىن بوشۇتۇلۇشىنى باشتىن ئاخىر تەلەپ قىلىپ كەلمەكتىمىز. ھالبۇكى: بىزنىڭ تەلىۋىمىز شۇنداق تۇرسا يەنە بىز قانداق قىلىپ خەنزۇ خەلقىگە قارشى تۇرغان بولۇپ قالىمىز، دىدىم.

2 – بەزىلەر تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ بايراقلىرىنى قولغا چۈشۈرۈپ ئالغانلىقىنى ئېيتىشىدۇ ۋە ئۆزلىرىنى شەرقى تۈركىستان پارتىزانلىرى دەپ ئاتىدى، دەيدۇ. بۇ پۈتۈنلەي يالغان سۆز. چۈنكى قوزغىلاڭ كۆتەرگەن خەلقنىڭ قولىدا ھېچقانداق بايراقمۇ بولمىغان، ھەممىنىڭ ئارزۇسى 11 ماددىلىق بىتىمنى ئىجرا قىلىش، ئەر-

كىنىلىكنى تەلەپ قىلىش بولۇپ قوزغىلاڭ ۋاقتىدا ئۆز-
لىرىگە ھېچقانداق ئاتمۇ قويمىغان ئىدى. لېكىن قوزغى-
لاڭ كۆتەرگەن خەلقنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى دەھ-
شەتلىك باستۇرغاندىن كېيىن ھايات قالغان كىشىلەر چى-
چانغا توپلىنىپ ئاندىن ئېزىلىرىگە تۇرپان پارتىزانلىرى
دەپ نام بەردى ۋە ئىلى تەرەپكە يۈرۈش قىلدى.

3 - بەزىلەر تۇرپان قوزغىلىڭىنى ئەخمەتجان قاسى-
مى ئۇرۇمچى نەنخۇا يۈەندە پىلانلىغان، تۇرپان ئاستانى-
نى بازا قىلدى، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ناھانجاننى تۇرپاندا
قوزغىلاڭ قىلىشقا ئىۋەتتى دېدى. بۇ سۆزلەرمۇ پۈتۈنلەي
يالغان. مەسىلەن: 47 - يىلى 6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا
توخسۇندىن ئاقۇپ ھەم ھىسامىدىن دېگەن كىشىلەر ئۈ-
رۈمچىگە چىقىپ، گومىنداڭ كىشىلەرنى كېچىلەردە ئو-
غۇرلاپ كېتىۋاتىدۇ. يۈرۈش - تۇرۇش ئەركىنلىكىمىز قال-
مىدى، ھاياتىمىز خەۋپ ئىچىدە قالدى، شۇڭا ئالغۇي
تاغلىرىغا قېچىپ چىقىۋالدۇق؛ قوزغالمىساق جېنىمىز ساق
قالمايدىغان ئوخشايدۇ، لېكىن بىزدە بىر تال قورالمۇ
يوق، ئىلى تەرەپ ياردەم قىلارمىكىن دېدى. مەن ئىلى
ۋەكىللىرىدىن سورىۋىدىم، ئۇلار مۇنداق قىلىش بىتىمگە
خىلاپ بولىدۇ دەپ جاۋاپ بەردى. ئۇنىڭ كەينىدىنلا
ئوشۇر كېرىم (ھازىر ئىلى ناھىيىسىدە) چىقىپ، ئادەم قا-
ماش، مەخپى ئولتۇرۇشلەر ئەۋج ئېلىپ كەتتى، قوزغى-
لاڭ قىلمىساق باشقا ئامال قالمىدى دەپ كەلدى. مەن
ئۇنىڭغا ئىلى تەرەپ قوزغىلاڭ قىلىش بىتىمگە خىلاپ بو-
لىدۇدەۋاتىدۇ، دېدىم.

بىر يىغلىماقنىڭ كۆلىمىگىمۇ بار. 1949 - يىلى خەلق
ئازاتلىق ئارمىيىسى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھ-
بەرلىگىدە شىنجاڭنى تېچلىق بىلەن ئازات قىلدى. ئۇلۇغ
كومپارتىيە بىز ھەر مىللەت خەلقىنى جاپا-مۇشەققەت،
بالايى-ئاپەتتىن قۇتقۇلدۇرۇپ چەكسىز خوشال قىلدى. گو-
مىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى قىرىپ تۈگۈتەلمىگەن تۇرپان
قوزغىلاڭچىلىرى شەرەپلىك ھالدا خەلق ئازاتلىق
ئارمىيىسىگە قوشۇلدى. ئەھۋال ئەنە شۇنداق تۇرۇقلۇق
ھازىر 35 يىل ئۆتكەندىن كېيىن بەزىلەر تۇرپان دىخان-
لىرىنىڭ ئىنقىلاۋىي قوزغىلىڭىنى ۋەتەن بىرلىكىنى بۇ-
زۇش، خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش دەپ يەنە بىزنى ھاقا-
رەتلەپ توھمەت چاپلىسا بۇ ئەلۋەتتە ناھايىتى چوڭ نا-
ھەقلىق بولار. ھەقىقى ئەھۋالنى ئۆز بېشىمىزدىن كوچۇر-
گۈچىلەر قۇلۇغىمىزنى يوپۇرۇپ ئېلىپ ئەھۋالنىڭ ئەي-
نىنى خەلق ئاممىسىغا ئىنكاس قىلمىساق، ئىنقىلاپ يو-
لىدا قۇربان بولغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قەبرى ئالدى-
دا قانداقمۇ باش كوتۇرۇپ تۇرالايمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن
ھەقىقى پاكىت — ھېچقانداق بۇرمىلانماستىن، تۇرپان
خەلقىنىڭ 1947 - يىلدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە
قارشى كوتەرگەن قوزغىلىڭى ئىنقىلاۋىي ھەركەت دەپ تا-
رىخ سەھىپىسىدىن ئورۇن ئېلىشى كېرەك. تارىخ بۇنىڭدىن
ھۆكۈم چىقارسۇن.

# 1933 - 34 - يىللاردا قەشقەردىكى خەلق قوزغىلاڭلىرى ۋە قىرغىزلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ھوسۇيىن ھاجى

## 1

ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بول-
غان شىنجاڭدا ئۆتمۈشتىكى قۇللۇق ۋە پېئودالىزمىنىڭ
ھوكۇمرانلىق قىلغان جاھالەت دەۋرىدە زۇلۇمغا چىدىماي
ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتكە قارشى خەلق قوزغىلاڭلىرى دا-
ۋاملىق بولۇپ تۇرغانلىقى تارىخىمىزدا ناھايىتى ئېنىق.

ماركسىزملىق نۇقتىئىنەزەردىن قارىغاندا قەيەردە
زۇلۇم - ئىزىلىش ۋە بېسىم كوپ بولىدىكەن، شۇ يەردە
قوزغىلاڭ ۋە ئىنقىلاپ پارتلايدۇ، دىگەن داۋلىغا ئاسا-
لانغاندا يېقىنقى زامان تارىخىمىزدا جەنۇبى شىنجاڭ ۋە
قەشقەر رايونىدا كونا ئىستىبدات چىرىك ھاكىمىيەتكە
قارشى كوتۈرۈلگەن قوزغىلاڭلار ھەرگىز تەسادىپى ئەمەس.
ئۇ دەۋردە خەلققە بولۇۋاتقان زۇلۇم ھەقىقەتەن ئېغىر
ئىدى.

مەسىلەن: قەشقەردە ھوكۇمرانلىق قىلغان ماتىتەي،

چېكىدىن ئاشقان ۋەھشى زالىم ئىدى. ئۇ خەلقلەرگە زۇ-
لۇم سېلىپ دېخانلارنى مەجبۇرى ھايداپ كېلىپ بوز يەر
ئاچتۇرغان ئىدى. بۇ جەريانىدا ئۇرۇپ - چېپىپ ئۆلتۈ-
رۇلگەن ئادەملەر ناھايىتى كۆپ. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ-
لۇغچاتتىكى ماي كانىنى ئاچتۇرۇپ، مۇم شام ياسىتىپ،
قىرغىز خەلقىنى قىيناپ بىكارغا ئىشلىتىپ جېنىدىن جاق
تويغۇزدۇ. ئۇ يەنە تۇرمۇشتا چىرىكلەشكەن شەھۋەتپەرەس
ئىدى. قۇۋۋەت دورىسى ياسىتىمەن دەپ خەلققە مىڭدانە
ئاق قۇشقاچنىڭ تىلى ۋە مېڭىسىنى ئالۋاڭ سالىدۇ. نە-
تىجىدە بىر كەمبەغەلگە 100 دانە قۇچقاچ ئالۋاڭ چۈشكەندە ئۇ
كەمبەغەل قۇچقاچنى تۇتالمايدۇ. تۇتسىمۇ سانىنى توشقۇزالماي-
دۇ. بەگ "قېنى قۇچقاچ" دەپ سوراپ كەلگەندە، كەمبەغەل تۇ-
تالمىدىم دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. زالىم بەگ ئۇنى كايىپ - تىللاپ
ماتىمەيگە مەلۇم قىلىدۇ. ماتىمەي ئۇ كەمبەغەلنى تۇتتۇ-
رۇپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ پېيىنى كېسىپ تاشلايدۇ. مۇشۇنىڭ-
غا ئوخشاش زۇلۇم تۈپەيلىدىن خەلقنىڭ قارشىلىقى كۈ-
چەيدۇ. ئۇرۇمچىدىكى يالڭجاڭجۇنغا ئەرزە ۋە ئىنكاسلار
كۆپلەپ بارغاندا، يالڭزىڭشىن خۇيزۇلارنىڭ مەزھەپچىلىك
زىددىيىتىدىن پايدىلىنىپ ئاقسۇ ئۇچتۇرپاندا تۇرغان ما-
شياۋۋۇغا بۇيرۇق بېرىپ 1926 - يىللىرى ماتىمەينى يوقى-
تىدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا ماشياۋۋۇ قەشقەر ۋالىسى بولىدۇ.
شۇ تەقلىتتە ئورۇن ئالماشقان بىلەن تۈزۈم ئالماشمىغان-
لىقتىن يەنە ئوخشاشلا ئىزىلىش داۋام قىلىۋې-
رىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئوخشىغان ئېغىر ئەھۋاللار خەلق قوز-
غىلىڭىنىڭ پارتلىشىغا سەۋەپ بولغان.

ئىككىنچىدىن 1927 - يىللاردىن باشلاپ سوۋېت ئىتتى-
تىپاقىنىڭ پەرغانە رايونى ۋە باشقا جايلاردىن سوۋېت-
ئىتتىپاقىنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋىغا قارشى تۇرغان
بىر مۇنچە كىشىلەر قېچىپ كېلىپ سوۋېت-جۇڭگو چېگرى-
سىدا تۇرۇۋېلىپ، بۇلاڭ - تالاڭ يۈرگۈزدى. بۇلار جانى-
بەك قازى، خال خوجا، هادى، هەيت مۇبارەك ۋە باش-
قىلار ئىدى. بۇلار سوۋېت ئارمىيىسى بىلەن سوقۇشۇپ
كۆچى يەتمىگەندە جۇڭگو چېگرىسىغا قېچىپ كېلىپ باش
قاچۇرۇپ يۈرۈشىدۇ. مۇشۇ ۋاقىتلاردا 1927 - 28 - يىل-
لىرى جۇڭگو چېگرىسىدا تۇرغان ئىسخاقبەك، ماتى، شابى-
دان دىگەن ياشلارنى سوۋېت ئىتتىپاقى چاقىرتىپ ئېلىپ
كېتىپ ئىككى يىل تەربىيىلەپ قايتۇردى.

1929 - 30 - يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقى قەشقەر
هوكۇمىتىگە «سوۋېتتىن قېچىپ كېلىپ چېگرىدا تۇرۇۋال-
غان باسمىچىلارنى تۇتۇپ بىرىش، ياكى هوكۇمەت ئۆزى
بىر تەرەپ قىلىۋېتىش» توغرىسىدا ئۆتۈنۈش قىلىپ قىس-
تايدۇ. قەشقەر ۋالىسى ماشياۋۇ باسمىچىلارغا ئەلچى ئى-
ۋەتىپ: «سىلەرنى پۇقرا قىلىپ ئالىمەن» دەپ چاقىرتىپ
كېلىپ ئۇلارنىڭ باشلىقى جانىبەك قازىنى خوتەنگە پا-
لايدۇ. بۇلارنى ئەگىشىپ كەلگەن ياكى ئۆزى كەلگەن نۇر-
غۇنلىغان سودىگەر ياكى دىخان - چارۋىچى ئۆزبېك،
قىرغىزلار قەشقەر رايونىدىكى يېزا - شەھەر ۋە تاغ
خەلقلىرى ئارىسىغا سىڭىپ كىرىۋېلىپ يۈرىۋېردى. هوكۇ-
مەت تەرىپىدىنمۇ بۇلارنى سۈرۈشتە قىلىپ چىقىپ، يۇر-
تۇڭلارغا قايتىپ كېتىڭلار، دەپ هايداشقا باشلايدۇ. شۇنى-

داق قىلىپ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا قىسىلىپ قالغان بۇنداق ئادەملەرمۇ بىرەر قوزغىلاڭنىڭ بولۇشىنى ئۈمىت قىلاتتى.

## 2

1931 – 32 – يىللاردا پارتلىغان قۇمۇل دېخانلار قوزغىلىڭى بارغانسېرى ئۇلغىيىپ، تۇرپان، پىچان، توخسۇنلارغا كېڭىيىدۇ. 1932 – يىلىنىڭ ئاخىرى ۋە 1933 – يىلىنىڭ باشلىرىدا ئەسلى توخسۇنلۇق كۇچاردا تىرانسپورت كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تۆمۈر ئېلى ۋە كۇچارلىق ھەمدەم بەگ ھاجى قاتارلىقلارنىڭ باشچىلىقىدا دېخانلار قوزغىلىڭى پارتلايدۇ. ئۇلار كۇچار ۋە ئاقسۇلارنى ئىشغال قىلىپ قەشقەر تەرەپكە يول ئالىدۇ. بۇ چاغدا قەشقەردىن ياڭ تۇەنجاڭ (ياڭ چىڭمىن) ئەسكەر تارتىپ تۆمۈر ئېلىنىڭ ئالدىنى توسۇش ئۈچۈن ئاقسۇغا بارىدۇ. ئىككى تەرەپ بىرىنچى قېتىمدا ياقېرىقتا سوقۇشىدۇ. ئىككىنچى قېتىمدا مارالۋېشىنىڭ تۇمشۇق دېگەن يېرىدە سوقۇشىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا يەنە قەشقەر ۋالىسى ماشياۋۇ ئۇلۇغچات چېگرىسىغا مەسئۇل بولۇپ، تۇيۇندا تۇرىدىغان چىڭ تۇگلىڭنى ياڭ تۇەنجاڭغا ياردەمگە ئەۋەتمەكچى بولىدۇ. چىڭ تۇگلىڭ قىرغىزلاردىن 100 نەپەر ئەسكەر ئېلىپ ماڭماقچى بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇزۇندىن چىڭ تۇگلىڭنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ كەلگەن ئوسمان ئېلىمۇ بار ئىدى. شۇنىڭدەك سوۋېت يېرى-

ده باسمىچى بولۇپ سوقۇشلاردا چېنىققان قوشمەت، ھاـ
دى دىگەنلەرمۇ بار ئىدى. بۇلار تاغ يولى بىلەن قـارا
جۇل ئارقىلىق پىچان دىگەن جايغا كېلىپ توختى بەگ
دىگەن كىشىنى كەلپىن تەرەپكە تىڭ ـ تىڭـلاشقا ئىۋەـ
تىدۇ. توختى بەگ ئەھۋال ئىگەللەپ: «كېلىۋاتقانلار مۇـ
سۇلمان ئىكەن، بىز مۇسۇلمان تۇرۇپ ئۇلارغا قارشى ئوق
ئاتساق چوڭ گۇنا بولىدۇ. خەلقلەر ئۇلارنى قوللايدىكەن،
كونا ھوكۇمەت يېڭىلىدۇ، دىگەن پاراڭلار كـوپ ئىكەن»
دەپ كېلىدۇ. بىزنى ئاڭلىغان باشلىقلار بىر چەتكەچىقىپ
مەسلىھەتلىشىپ نەيزىنىڭ ئۇچىنى ئارقىغاياندۇرۇپ چىڭ
تۇڭلىكنى ئولتۇرۇپ قوراللىرىنى ئېلىپ قەشقەرغە قـاراپ
يۇرۇش قىلايلى دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەتىسى چىكنى ئولـ
تۇردۇ ۋە ئوسمان ئېلىنى باشلىق قىلىپ سايلىشىدۇ. بۇ
ئىش 1933 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا بولغان ئىدى. ئۇـ
لار ئەمدى قاراجۇل، تىگورمىتى، تېرەك، تـۇيۇن، قىزىل
ئوي قاتارلىق جايلارغا ئادەم ئىۋەتىپ چاقىرىق قىلىپ
ئۇ يەرلەردىن بىر مۇنچە ئادەم توپلاپ، ئـاتۇشقا كېلىپ
يەنە ئادەم توپلاپ، كالتەك ـ چوماق، نـەيزە ـ قىلىچلار
بىلەن داغدۇغۇلۇق ھالدا قەشقەر شەھرىگە ھوجۇم قىلىـ
دۇ. قەشقەر كونا شەھەرنىڭ سىپىللىرىنى بۇزۇپ يول سېـ
لىپ ئاتلىق چىقىپ سىپىل ئۈستىنى ئىگىلەپ سوقـۇش
قىلىش ئارقىلىق شەھەرنى ئىشغال قىلىدۇ ۋە يېڭى
شەھەرنىمۇ ئىشغال قىلىۋالىدۇ.

ئوسمان ئېلى سىجاڭلىق ئۇنۋان بىلەن سىبۇغا ئوـ
رۇنلۇشىدۇ. بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن تـۇمشۇقـ

تىكى ئۇرۇش ئاياقلىشىپ ياڭ تۇەنجاڭ تەسلىم بولۇپ
تومۇر سىجاڭ ۋە مازىخۇي دېگەنلەر (ماجەنساڭ) قەشقەر-
غە كېلىپ، تومۇر سىجاڭ ۋالى مەھكىمىسىگە، مازىخۇي
يېڭى شەھەرگە ئورۇنلۇشىدۇ.

3

قەشقەر ئاتۇشلۇق ساۋۇت داموللا ئابدىباقى ئوغلى
دېگەن كىشى دىنىي ئوقۇشنى ئەلاچىپۇتتۇرگەندىن كېيىن،
چەت دولەتلەرگە چىقىپ سوۋېت ئىتتىپاقى، تۈركىيە، ئە-
رەبىستان، مىسىرلارنى ئايلىنىپ يۈرگەن ۋاقىتتا قۇمۇل
دېخانلار قوزغىلىڭى كوتۇردىلىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان ساۋۇت
داموللا قايتىپ كېلىپ خوتەندە كورۇنۇشتە مەدرىسىدە
دەرس ئېيتىپ، ئەمەلىيەتتە قوزغىلاڭغا جىددى تەييارلىق
قىلىدۇ. ئوسمان ئېلى باشلىق قىرغىزلار قەشقەرغە بې-
سىپ كىرگەنلىگىنى ئاڭلاپلا، ساۋۇت داموللا. مۇھەممەت
ئىمىن بوغرا، ئۇنىڭ ئۇكىلىرى ئەمىر ساھىپ (نۇر مۇ-
ھەممەت)، شاھ مەنسۇر (ئابدۇللا مەخدۇم)، مۇھەممەتنىياز
ئەلەم، توخسۇنلۇق ئابدۇلخەبىرھاجى قاتارلىق كاتتا دى-
نىي ئولىمالار باش بولۇپ، قوزغىلاڭ كوتۇرۇپ
تېز ۋاقىت ئىچىدىلا خوتەن ۋىلايىتى بويىچە ھەم-
مە جايلارنى ئىشغال قىلىپ كونا ھوكۇمەتنى ئاغدۇرۇپ
تاشلايدۇ. ئاردىن ئۇزۇن ئوتمەيلا ساۋۇت داموللا، ئىل-
گىرى خوتەنگە پالانغان قىرغىز جانىبەك قازى، شامەن-
سۇرلار قەشقەرغە كېلىدۇ. ئۇلار مويىدىنخانباينىڭ بېغىدا
مېھمان سۈپىتىدە چۇشۇدۇ. شۇ ئاردا شا مەنسۇر (ئاب-

دۇللا مەخدۇم) بىر ئۇلتۇرۇشتا «بۇ ھارۋىكەش چوڭ ئىش-
لارنى باشقۇرالمايدۇ، ئۇزى بىكارغىلا ئاۋارە بولۇپ يۈ-
رۈيدۇ،» دىگەن سوزنى قىلىدۇ. بۇ گەپ تۆمۈر ئېلىگە
ئاڭلىنىدۇدە، تۆمۈر ئېلىنىڭ ئاچچىغى كېلىپ خوتەن-
لىكلەرنى قۇراللىنىزلاندۇرۇپ، باشلىقلىرىنى نەزەربەنت قى-
لىپ قويىدۇ. مانا شۇ پەيتلەردە يەكەن شەھرى تېخى
قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىغا ئۆتمىگەن، كونا ھوكۇمەت
ئەسكەرلىرى تۆپىلىنىۋاتقان ھالەتتە ئىدى. يەكەننى ئې-
لىش ئۈچۈن ئوسمان ئېلى ئوراز تۆەنجاڭنى، تۆمۈر ئېلى
بولسا ھاپىز لۆيجاڭنى ئەۋەتىدۇ. ئۇلار يەكەنگە يېقىن
بارغاندا يەكەن شەھرىدىكى ئاخۇنلار ۋە يۇرت باشلىق-
لىرى ۋەكىل بولۇپ چىقىپ «بىز تەسلىم بولۇمىز، مۇسۇل-
مان بول دىسىڭىز قوبۇل قىلىمىز، بىزگە ئامانلىق بەرسە
ئوز يۇرتلىرىڭىزغا قايتىپ كەتسەك ياكى قەشقەرگە بار-
ساق» دەيدۇ، بۇ تەرەپمۇ ماقۇل بولۇپ ۋەدىلىشىپ سو-
قۇش قىلمايدىغان بولىدۇ. ئاندىن يەكەندىكى كونا ھو-
كۇمەت ئەسكەرلىرى ۋە ئەمەلدارلىرى كوچۈپ چىقىپ قەش-
قەرگە ماڭغاندا ئوراز بىلەن ھاپىزنىڭ ئەسكەرلىرى باش-
باشتاقلىق قىلىپ ئولجىغا قىزىقىپ ھەممىتىنىڭ
سېپى دىگەن سايلىقتا ئۇلارنى بۇلاپ - تالايدۇ.
ئىككى تەرەپ ئۇرۇشۇپ نۇرغۇن قان توكۇلىدۇ. بۇ-
لارنىڭ بىر قىسمى قەشقەر يېڭى شەھەرگە قېچىپ كېلىپ
مازىخۇيدىن پانا تىلەيدۇ. يانا بىر تەرەپتىن ئۇرۇمچى
تەرەپتە خوجا نىياز ھاجى بىلەن ماجۇڭيىڭلارنىڭ ئا-
رىسىدا زىددىيەت پەيدا بولغانلىقىنى ئاڭلاپ قەشقەردىكى

مازىخۇي بىلەن تومۇر ئېلى ئوتتۇرىسىدىمۇ زىددىيەت پەيـ
دا بولدۇ. شۇنىڭ بىلەن تومۇر ئېلى مازىخۇينى قىسـ
تاپ باش قوماندانلىق تامغىسىنى تاپشۇرۇپ ئالدۇ. ئوسـ
مان ئېلى بولسا قەشقەرنى مەن پەتھى قىلغان، شۇڭا مېـ
نىڭ باش قوماندان بولۇشۇم كېرەك دەپ، تومۇر ئېلىنىڭ
باش قوماندان بولۇشىغا نارازى بولدۇ. شۇ پەيتتە ئوسـ
مان ئېلى بىلەن مازىخۇي ئاستىرتتىن سوزلۇشۇپ ئىددىيە
جەھەتتە مەخپى كېلىشىم قىلىپ باش قوماندانلىقنى
ئوسمانغا ئوتۇنمەكچى بولۇدۇ. شۇنداق قىلىپ ئوسمان
ئېلى بۇزۇلۇپ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ تاققا چىقىپ كېتىـ
دۇ. تومۇر بۇنى ئاڭلاپ مازىخۇيغا ئوسماننى قوغلاشقا بۇيـ
رۇق قىلىدۇ ۋە ئوزى ئەسكەر ئالمايلا كىچىك ماشىنىغا
ئولتۇرۇپ ئوسماننىڭ كەينىدىن قوغلاپ كەتكەن ئەسكەر
لەرنىڭ ئەھۋالىنى كورۇپ كېلىشكە ماڭىدۇ. ئۇ، ئۇيەر
گە بېرىپ قايتىپ كېلىۋاتقاندا يول ئۇستىدە مازىخۇيـ
نىڭ ئەسكەرلىرى ئۇچرايدۇ، ئۇ ماشىنىنى توختۇتۇپ مازىـ
خۇينىڭ ئەسكەر باشلىقلىرىنى ۋاقتىدا كەلمىدىڭلا دەپ
تەنقىت قىلىدۇ. تۇنگان ئەسكەرلىرى شۇ يەردە ئوق چىـ
قىرىپ تومۇر ئېلىنى ئولتۇردۇ.

قەشقەر شەھرىدىكى يۇرت چوڭلىرى ئوسمان ئېلىـ
نىڭ دوستلىرىغا كىشى ئەۋەتىپ خەت يېزىپ ئۇنىڭ قايـ
تىپ كېلىپ قەشقەر شەھرىدىكى پۇتۇن خەلقنى مازىخۇيـ
نىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىشنى موراجەت قىلىدۇ. ئوسـ
مان بۇنى ئاڭلاپ دەرھال قەشقەرغە قايتىپ كېلىپ مازىـ
خۇينىڭ ئەسكەرلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ شەھەرنى تىنجىتىدۇ.



يۇقۇرىدىكى رەسىمنىڭ چۈشەندۈرۈشى

1933 - يىلى 6 - ئايداغالىبىيەتنى تەبرىكلەپ قەشقەر تۇمەن بويىدا ئۇيغۇر، قىرغىز ئەسكەرۋە ئەمەلدارلار بىرلىكتە چۈشكەن رەسىم: سولدىن: 1-كىشى تومۇر سىجاڭ، 2-كىشى هامۇتخان لۇيجاڭ (تومۇرسىجاڭنىڭ ئوڭ يېنىدا ئوسمان سىجاڭ بار ئىدى. 50 يىلغا يېقىن ساقلاش جەريانىدا چاشقان قىرقىپ قويغان)

2 - رەتتە: قالپاق كەيگەن كىشى زاكىر (قازاق) دوپپىچان كىشى شاكىر (قازاق) ۋە باشقا قىرغىزئەسكەرلەر.

ھـانـا شۇنىڭدىن كېيىنلا قـەشقەرنى ئىككى قېتىم پـەتـھى قىلغان (ئاچقان) غازى ئوسمان پاشا دېگەن ئۇنۋانـغا ئىگە بولىدۇ. قالغان ئوزبېك، ئۇيغۇر ھەربى باشلىقـلارمۇ ئوسماننىڭ باش قوماندان بولۇشىنى ئېتىراپ قىـلىدۇ.

4

تومۇر ئېلى ئولگەندىن كېيىن نەزەربەنتتە تۇرغان ساۋۇت داموللا، شاھ مەنسۇر، جانىبەك قازىلار ئازات بوـلىدۇ. شاھ مەنسۇر خوتەنگە قايتىدۇ. جانىبەك قازى ئوسـماننىڭ يېنىدا قالىدۇ. ساۋۇت داموللا بولسا دىنىي ئىـلىم جەھەتتە ئىناۋىتى ئۈستۈن بولغاچقا يەرلىك خـەلقـلەر بولۇپمۇ سودىگەر بايلار بۇ كىشىنى ھورمەتلەپ يـۇـقۇرى كوتۇرىدۇ. يانا بىر تەرەپتىن، شۇ چـاغـدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوتسىيالىستىك ئوزگەرتىشىدىن قېچىپ كەلـ

گەن ئۆزبېك سودىگەرلەر، قول ھونەرۋەنلەر، زىيالىلار،
پېودال - پومېشچىكلەر ۋە ئاخۇن - موللىلار ساۋۇت دا-
مۇللىنىڭ پان ئىسلامىزىم تۇسىنى ئالغان مىللەتچىلىك
تەشۋىقاتىغا يېقىندىن ئەگىشىدۇ. ساۋۇت داموللا ئۆزىدە
ھەربى كۈچ بولمىغانلىقى ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن
قېچىپ كېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ھەرىكەت قى-
لىۋاتقان ئۆزبېك، قىرغىزلارنىڭ ھەربى كۈچلىرىنى ئۆزى-
گە تارتىدۇ. يۇسۇپجان قۇر بېشى، سېتىۋالدىجان دىگەن-
لەر ئۆزىنىڭ ھەربى كۈچى بىلەن ساۋۇت داموللىنى قول-
لايدۇ. سۇلتان جان، قاسىم جان، زېرىپ قارى ھاجى قا-
تارلىق ئۆزبېكلەرمۇ قوللايدۇ. ئوسمان ئېلىنى باش قو-
ماندان دەپ ماختاپ ئۆزىگە تارتىدۇ. سودىگەر ۋە دىنىي
ساھەدىكى ئاتۇشلۇقلارمۇ قوللايدۇ. شۇنداق قىلىپ ساۋۇت
داموللا «شەرقى تۈركىستان ئىسلام ھوكۇمىتى» قۇرۇش ئى-
شىگە جىددى كىرىشىدۇ.

بۇ چاغدا مەيلى ئوسماننىڭ، مەيلى ساۋۇت دامول-
لىنىڭ قول ئاستىدىكى كۈچلاردا ئىككى خىل كۈچ يەنى
سوۋېتكە قارشى كۈچ بىلەن سوۋېت پەرەس كۈچ مەۋجۇت
بولۇپ بىر - بىرسى بىلەن قارىمۇ - قارشى تۇراتتى. مە-
سىلەن: ئوسماننىڭ قارىمىغىدا جۇمە باي دىگەن بىر
ئوپىتسىر بولۇپ، ئۇ سوۋېتپەرەس ئىدى. بۇنى ئوس-
مان جازالىماقچى بولغاندا قالغانلار تىلەپ ئالغان ئىكەن.
مەرھوم ئىسخاقبەكمۇ شۇ چاغلاردا پەيجاڭ بولۇپ، بۇمۇ
سوۋېتپەرەس ئىدى. يەنە ئوسماننىڭ ئەڭ يېقىن ئا-
دىمى ھادى دىگەن ئادەم جانىبەك قازىنى سوۋېتكە تۇ-

تۇپ بېرىپ ئۇنىۋان ۋە مۇكاپات ئالماقچى بولىدىكەن. ئوسماندىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندىكى ئوراز تۈەنجاڭ دىگەنىنىڭ بالدۇردىن تارتىپ ئوسمان بىلەن زىددىيىتى بولغان ئىكەن. ئورازنىڭ ئوسمان ئېلىغا قارىغاندا ئىنىناۋىتى ۋە نوپۇزى يۇقۇرى بولغاچقا ئوپىتسىرلەر، ئەسكەرلەر، پۇقرالار ئۇنى ھىمايە قىلىدىكەن. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئوراز، جانىبەك قازى، جۇمە باي، ئابدۇخالىق، ئابدۇللا قاتارلىق باشلىقلار ئىددىيە جەھەتتە بىرلىشىپ، ئوسماننى يېتىم قالدۇرۇپ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇدۇ. ئامالسىز قالغان ئوسمان ئۆز يۇرتىغا قېچىپ تاققا چىقىپ كېتىدۇ. بۇلار ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى تۇتۇپ كېلىدۇ. نەتىجىدە ھادى، ئوسمان ئېلىلارنى ئىسلام شەرىئىتى چەكلىگەن ئىشلارنى قىلدى، كوپ خوتۇن ئالدى، پاھىشە ئويىنىدى، ھاراق ئىچتى، ئەپيۇن چەكتى، ناماز ئوقۇمىدى، ۋاھاكازا دىگەن جىنايەتلەرنى توقۇپ، ھادىغا ئولۇم جازاسى بېرىپ ئوسمان بىلەن قوشمەتنى يەكەنگە سۈرگۈن قىلىدۇ. ئورازنىڭ قارىمىغىدا پەيجاڭ بولۇپ تۇرغان ئىسخاقبەك چېگرا ساقلاش ۋەزىپىسىنى ئوتىسەم دەپ ئەسكەرلىرى بىلەن سىمخانىدا چېگرا ساقلايدۇ. ئوسمان ئېلىنىڭ ئورنىغا ئوراز باش قوماندان بولىدۇ.

ئەمدى ساۋۇت داموللا بولسا قەشقەرنىڭ باي - پېودالىلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ھوكۇمەت تەشكىل قىلىشقا ئالدىرايدۇ. يانا بىر تەرەپتىن يېڭى شەھەردىكى مازىخۇي بىلەن داۋاملىق سوقۇشۇپ تۇرۇدۇ. بۇ ئۇرۇشقا

يۈسۈپجان قۇر بېشىنى قوماندان قىلىدۇ. ساۋۇت داموللا بىر نەچچە قېتىم يىغىن ئېچىپ بىر لايىھەئىشلەپ «شەر-قىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ھۆكۈمىتىنى قۇرۇپ خوجا-نىياز ھاجىنى جۇمھۇر رەئىس، ئۆزىنى باشۋەكىل(زۇڭلى) دەپ بىر نەچچە مىنىستىرلىكلەرنى تەيىنلەيدۇ. شۇ چاغدا ئاقسۇدا تۇرغان خوجانىياز ھاجىغا ئەلچىلەر ئەۋەتىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلغاندا، خوجانىياز ھاجى: «مەن شىڭ شىسەي بىلەن مۇئاھىدە تۈزگەن، بۇنىڭغا قوشۇلمايمەن» دەپ جاۋاپ قايتۇردۇ، ئەلچىلەر بۇ جاۋاپنى ئېلىپ قايتىپ كەلگەندە ساۋۇت داموللا ئۇنىماي «ھىچ بولمىغاندا بىر ئاساس بولۇپ قالار» دەپ ئالدىراپ 1933 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ھۆكۈمەت تەشكىل قىلغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ، جۇمھۇر رەئىسلىكنى خوجانىيازھاجىغاقالدۇرۇپ ساۋۇت داموللا زۇڭلى، چىپاق قازى دىگەن قىر-غىز فۇزۇڭلى، يۈنۈسبەك ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى، قو-شۇمچە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ۋالىسى، ئوراز دولەت مۇدا-پىئە مىنىستىرى قوشۇمچە قەشقەر شەھرىنىڭ شەنجاڭى. ئېلى ئاخۇن (ئېلى ۋاڭان) سودا مىنىستىرى، سۇلتانجان دىگەن ئۆزبېك باش كاتىپ(ئۇ كىشى ھازىر تۈركىيىدە بار-مىش)، كۇچارلىق موھەممەت نىياز ئەلەم ھاجى بىر مى-نىستىر، ئابدۇللا دىگەن قىرغىز كىشى بىر مىنىستىر قا-تارلىقلارنى تەيىنلەيدۇ، ساۋۇت داموللا ئۆزىنىڭ ئىش-خانىسىنى شەھەرنىڭ سىرتىدا راق بىر يەرگە قۇرۇدۇ، ساۋۇت داموللا ئۆز قولى بىلەن پارىس تىلىدا خەت يېزىپ ئافغانىستاندىن ياردەم سورايدۇ.① يەنە بىر

تەرەپتىن ئافغانىستاندا تۈرۈشلۈق تۈركىيە كونسۇلىغا خەت يېزىپ ئۈستۈن ئاتۇش ئىكساقلىق قادىر هاجى دىگەن سودىگەرنى ئىۋەتىدۇ، بۇ كىشى بېرىپ ئۇ يەردىن جاۋاپ ئېلىپ قايتىپ كىلىدۇ، تۈركىيە كونسۇلى بىر ئايغا قالماي قورال - ياراق ۋە باشقا نەرسە - كېرەك ياردەم ئىۋەتىمەن، هازىر ۋەزىيەت ساۋۇت داموللا ئۈچۈن قولايسىز، ئۇنى قاغىلىققا ئەكېلىپ قويۇپ زورۇر تېپىلغاندا قاغىلىقنىڭ تاغلىق رايونىدا چارۋىچىلار ئارىسىغا يوشۇرۇپ تۇرساڭلار دەپ تاپشۇرىدۇ هەم بەش ئاتار مىلتىققا دورا ياسايدىغان ئىككى تېخنىك قوشۇپ ئىۋەتىدۇ، بۇ هوكۇمەت ئاق قەغەز ۋە ئاق لاتىدا پۇل بېسىپ چىقىرىپ تارقاتتى، «ئەركىن تۈركىستان» نامىلىق گېزىت نەشىر قىلىپ قۇتلۇق شەۋقى باش مۇهەررىرلىك قىلىدۇ، قوياشبەك تەخەللۇسلۇق بىر ئۇيغۇر كىشى شۇ چاغدا بېرلىندە چىقىدىغان «ياش تۈركىستان» نامىلىق ژورنالغا بۇ قوزغىلاڭنىڭ ئەهۋالىنى خوجانىياز هاجى بىلەن ساۋۇت داموللا ئوتتۇرىسىدىكى ئەهۋاللارنى يېزىپ تەپسىلى خەۋەر بېرەتتى؛ ئەسكەرلەرگە هەربى تەلىم - تەربىيە بېرىدىغان ئەهمەت تەۋپىق دىگەن بىر تۈرك ئېنىستىروكتورمۇ بولغان.

---

① پارىس ئىلىدا يېزىلغان بۇ خەتنىڭ كۆپىيەسىنى 1958-يىلى ئىبراهىم تۇردىنىڭ قولىدا كورگەن ئىدىم.

# 5

ئۇرۇمچى ئەتراپىدا خوجانىياز ھاجى بىلەن ماجۇڭيىڭنىڭ ئوتتۇرىسى بۇزۇلۇپ، خوجانىياز ھاجى شىڭشىسەي بىلەن كېلىشىم تۈزگەندە ماجۇڭيىڭ بۇنىڭغا قاتتىق غەزەپلىنىپ: خوجانىياز ھاجى، مېنى ئاتايىن تەكلىپ قىلىپ ئەكىلىپ مۇشۇنداق ئەسكى ئىش قىلامدۇ دەپ شىڭ شىسەي بىلەن قىلىشقان ئۇرۇشنى توختۇتۇپ خوجانىياز ھاجىنى قوغلاپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا قاراپ ماڭىدۇ. خوجانىياز ھاجى قاراشەھەر ئەتراپىدا، بىرنەچچە قېتىم ئېلىشىپ، داۋاملىق يېڭىلىدۇ ۋە قېچىپ كورلا، كۇچارلارغا كېلىدۇ، ۋە ئاقسۇدىكى باي سىجاڭدىن ياردەم سورايدۇ. ماجۇڭيىڭ بولسا، قاراشەھەرنى ئىگەللەپ، بىر مەزگىل دەم ئېلىپ تۇرۇدۇ، باي سىجاڭنىڭ قول ئاستىدا ئاقچى ناھىيىسىدىن بارغان 100 دىن ئارتۇق ئەسكىرى بار يۇسۇپ ئىسمەلىك بىر يىڭجاڭ بولغان، باي سىجاڭ بۇ كىشىگە بىر نەچچە لەن ئۇيغۇر ئەسكەرنى قوشۇپ، ياردەمگە ئەۋەتىدۇ. خوجانىياز ھاجى بولسا، قىرغىزلار تاققا ماسلىشىدۇ دەپ، يۇسۇپنى ھەم مۇيدۇن يىڭجاڭنى باشلىق قىلىپ، باش ئەگمىنىڭ بوغىزى (تارقاپچىغاي) نى توستۇرۇپ، ئىستىھكام قۇرۇدۇ، بۇلارمۇ چىڭ توسۇپ ماجۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرىنى ئۆتكۈزمەيدۇ. 1933 - يىل 8 - ئايدا خوجانىياز ھاجى كۇچاردىن ئاقسۇغا كېلىدۇ. بۇ چاغدا ئۇچتۇرپاندا

سوۋېت ئىتتىپاقىغا مال ئوتكۈزۈپ سوددىگەرچىلىك قىلى-
دىغان، بۇرۇن تومۇر ئېلىنىڭ قارمىغىدا بولۇپ كېيىن
ئۈچتۇرپاندا تۇەنجاڭ بولۇپ تۇرغان قىرغىز قۇلبەكنىڭ
مەسلىھەتچىسى ھاشىم ئاقساقال (ئابدىكېرىم ئابباسنىڭ
ئاتىسى) ۋە ئۇنىڭ ئۇكىسى مامۇت بايدىگەنلەرنى قارا-
قول ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئىۋەتىپ قورال سې-
تىۋالماقچى بولىدۇ. باي سىجاڭ ھەر بىر ناھىيە ۋەچار-
ۋا رايونلارغا ئاخۇنلارنى ئىۋەتىپ في سەبى لىللا (خۇدا
يولىدا غازات ئۈچۈن) ياردەم دەپ قوي ئىئانە توپلايدۇ.
ھاشىم ئاقساقال سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سوزلۇشۇپ 80 مىڭ
قوي ئوتكۈزۈپ، ياراق ئالماقچى بولۇپ يولنى قار بېسىپ
قالغانلىقتىن مالنى ئوتكۈزەلمەي كېينكى يىلى ئەتىيازدا
ئوتكۈزمەكچى بولۇپ ۋەدىلىشىپ قورالنى ئېلىپ كېلىدۇ.

خوجانىياز ھاجى بولسا، ئاقسۇدا ئەسكەرلىردىنى بىر
قاتار رەتكە سېلىپ، يېڭى قورال بىلەن قوراللاندۇرۇپ،
ماجۇڭيىڭ ئىۋەتكەن مافۇيۇەن قىسىملىرى بىلەن قارايۇل-
غۇندا بىر قېتىم سوقۇش قىلىدۇ. نەتىجىدە يەنىلا مەغ-
لۇپ بولۇپ قېچىپ قاخشال يولى بىلەن قەشقەرگە قاراپ
ماڭىدۇ، باي سىجاڭغا ئوق تىگىپ ئولۇدۇ. ئەسكەرلىرى
چېچىلىپ كېتىدۇ، خوجانىياز ھاجى قاخشال يولىدا پىي-
چان دىگەن جايغا يەتكەندە، قۇلبەگ خوجانىيازھاجىنىڭ
بىر ئىككى توگىدىكى ئوق-دورىسىنى تارتىۋالىدۇ. خو-
جانىياز ھاجى 1933 - يىلى 12 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى مې-
ڭىپ 1934 - يىل 1 - ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا قەشقەرشەھە-
رىگە يېتىپ بارىدۇ.

# 6

خوجانىياز ھاجى ئاتۇشقا يېتىپ بارغاندا، ساۋۇت داموللا ئەلچى ئەۋەتىپ «بىزنىڭ پىكرىمىزگە قوشۇلامدۇ، يوق، ئەگەر قوشۇلمىسا، قەشقەرغە كىرمىسۇن» دەيدۇ، خوجانىياز ھاجى مۇنداق قىيىن شارائىتتا، مەن قوشۇلاي دەپ ۋەدە بېرىدۇ. ئەلچى قايتىپ بارغاندىن كېيىن ساۋۇت داموللا دەرھال ھەربى-مەمۇرى باشلىقلارنى يىغىپ مەجلىس ئېچىپ (ئۆزى ھاكاۋۇر، جازىسى بار ئادەم ئىكەنمىش) «سىزلەرگە خۇش خەۋەر، خوجانىياز ھاجى بىزنىڭ پىكرىمىزگە قوشۇلۇپتۇ، ئۇ ئۆزىنى تۈزۈتۈپ كەپتۇ، ئەگەر ئۇنداق قىلمىغان بولسا، بىزنىڭ قەھرىمان ئۆزبېك قوشۇنلىرىمىز ئۇلارنىڭ ئەدۋىنى بەرگەن بولاتتى، ئەگەر ئىتتىپاقلىشىدىغانلا بولساق، تۇنگانلارنىمۇ يېڭىشىمىز مۇمكىن» دەپ سۆزلىگەن. خوجانىياز ھاجى قەشقەرغە كىرگەندىن كېيىن، ساۋۇت داموللا بىلەن يەنىلا ئىتتىپاقلاشالمىغان، ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىنىڭ قەشقەرغە كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ 10 كۈندەك تۇرۇپلا مەھمۇت سىجاڭ باشلىق ئاساسلىق ھەربى كۈچنى، نەرسە - كېرەكلەرنى قاغىلىق تەرەپكە چېكىندۈرۈپ، ئۆزى 100 دەك ئادەمى بىلەن ئاتۇش ئارقىلىق ئاغو، تىكورمىتى تەرەپكە كېتىدۇ.

ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىنىڭ قەشقەرغە كېلىۋاتقان ھەيۋىسىنى ئاڭلىغان ساۋۇت داموللا، يۈسۈپجان، ئورازلارشە-

ھەرنى تاشلاپ قېچىپ كېتىدۇ، ئوراز تاقىغا كېتىدۇ. ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى قەشقەرگە يېقىن كېلىپ، ئەھۋال كۆزۈتۈپ تۇرغاندا، شەھەر ئاخۇنلىرى، سودىگەرلىرى ئالدىغا چىقىپ "ئۇلار شەھەرنى تاشلاپ كەتتى، ھازىر شەھەر بىز. سىزلەرنى تەكلىپ قىلىپ كەلدۇق" دەپ ئۇلارنى شەھەرگە باشلاپ كىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇدۇ. بىر-ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، يۈسۈپجان قۇر بېشى ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى جىق زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. ئاندىن ئۇلارنىڭ غەزىۋى ئورلەپ، قەشقەر خەلقى بىزگە سۇيىقەست ئىشلەتتى. كۆڭلى قارا ئىكەن دەپ قەشقەر شەھرىنى ئىككى قېتىم ئاتۇو قىلىدۇ ۋە بۇلاڭ-تالاڭ قىلدۇرىدۇ ھەم يۈسۈپجانلارنى قوغلاپ چىقىپ، تاشتۇرغان چېگرىسىغىچە ئوتكۈزۈپ قايتىپ كېلىدۇ. ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى يەنە خوجا نىياز ھاجى يوشۇرنۇپ تۇرغان ئاغۇنىڭ بىر كەنتىنى ئاتۇو قىلىپ، ئارقىسىدىن قوغلاپ تەك ۋە تار دىگەن جايدا ئىككى قېتىم قاتتىق سوقۇشۇدۇ. خوجانىياز ھاجى 77 نەپەر كىشى بىلەن قېچىپ ئۇلۇغچاتقا بارىدۇ. ئوراز تۇنگانلارنى ئۇلۇغچات تەرەپكە ئوتكۈزمەيدۇ، خوجانىياز ھاجى ئۇلۇغچاتقا بارغاندا، چىپاق قازى، ئىسخاق بەگلەر ھورمەتلەپ ياخشى كۈتۈۋالىدۇ، خوجانىياز ھاجى بولسا، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ياردەم سورايمەن، بۇرۇنقى قورالدىن قالغانلىرىنى ئالىمەن دەپ. سوۋېت چېگرىسىدىكى سىمخانىغا بېرىپ، مەرھۇم ئىسخاق بەگكە ھۇراجىئەت قىلىدۇ، ئىسخاق بەك ۋاستە بولۇپ سوزلۇشىدۇ. ئۇ يەردە نىمە

سوز بولغانلىغى ئېنىق ئەمەس. بەزىلەر ئازراق قورال بەردى دەيدۇ. خوجانىياز ھاجى شۇ يەرلەردە تۇرغان چاغدا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئىسخاق بەك، ئاتىش بەگلەر ئارقىلىق، خوجانىياز ھاجىنى تۇتۇشنى پىلانلىغان ئىكەن. ئىسخاقبەك، ئاتىشلار مەسلىھەتلىشىپ، خوجانىياز ھاجىنى چىپاق قازىنىڭ ئۆيىگە مېھمانغا چاقىرىپ شۇ يەردە تۇتماق دىگەندە، چىپاق قازى «خەلق ئۈچۈن، دىن ئۈچۈن، جاپا چېكىپ ئىنقىلاب قىلىۋاتقان كىشىنى ھەرگىزمۇ تۇتۇپ بېرىشكە قوشۇلالمايمەن» دەپ ئۇنىمىغانلىقتىن ئەمەلگە ئاشمىغان.

خوجانىياز ھاجى ئۈلۈغچاتتىكى ۋاقتىدا قەشقەردىكى سوۋېت كونسولى بىر تاتار كىشىنى ئەۋەتىپ، ساۋۇت داموللا، زېرىپ قارى ھاجى، جانىبەك قازى، سۇلتانجان باشلىق 13 نەپەر كىشىنى قولغا ئېلىشنى بۇيرۇپ، شىڭ شىسەينىڭ بۇيرىغى دەپ تاپشۇردۇ. خوجانىياز ھاجى قايتماقچى بولغاندا، ئىسخاقبەك، چىپاق قازىلار ئادەم قوشۇپ تاغ يولى — بوستان تىرەك، ئوپال ئارقىلىق يېڭىسارغا يەتكۈزۈپ قويىدۇ. خوجانىياز ھاجى يېڭىسارغا يېقىن بىر كەنتتە تۇرۇپ، يەكەنگە ساۋۇت داموللىنى توتوشقا ئادەم ئەۋەتىدۇ ۋە ئەمىر ساھىپقا ئوسمان ئېلىنى قويۇپ بېرىشكە خەت يازىدۇ. خوجانىياز ھاجى بۇيەردە تۇرغان ۋاقىتتا، ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى بىلەن شاھ مەنسۇر ۋە ئەمىر ساھىپلار قاتتىق ئۇرۇشىدۇ. شاھ مەنسۇر بىلەن ئەمىر ساھىپ ئىككىسى ئۆلىدۇ. ئەسكەرلىرىمۇ قىرىلىپ كېتىدۇ. خوتەندە باش قوماندانلىق قىلىپ

تۇرغان مەمتىمىن بوغرا ئەككى ئۇكىسى ئۆلۈپ مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئافغانىستانغا قېچىپ كېتىدۇ. يەكەن-دىن ساۋۇت داموللىلارنى تۇتۇپ كېلىدۇ. شۇنداق قىلىپ كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا قۇرۇلغان يالغان «شەرقىي تۈركىستان» ھۆكۈمىتى 60 كۈندەك ئۆمۈر سۈرۈپ، كۈزگى ماكاپىنىڭ بېشىدەك توزۇپ كېتىدۇ. ئوسمان ئېلى يەكەندىن خوجانىياز ھاجىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، قولىغا خەت بېرىپ، قەشقەرگە قايتۇرىدۇ. خوجانىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت سىجاڭلار يەكەن دەرياسىنى بويلاپ ئاقسۇ تە-رەپكە قاراپ ماڭىدۇ. بۇ خەۋەرنى قەشقەردىكى ماجۇڭ-يىڭ قىسىملىرى ئاڭلاپ پەيدائى ئەترەت تەشكىللەپ قوغ-لايدۇ. خوجانىياز ھاجى شاقۇر دېگەن جايدا كېچىسى يې-خوت ئۇخلاۋاتقان چاغدا، ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى يېتىپ بېرىپ، ھۇجۇم قىلىدۇ. خوجانىياز ھاجىلار نەرسە - كې-رەك، ئوق - ياراقلىرىنى تاشلاپ ئورمان ئارىسىغا قېچىپ كىرىپ كېتىدۇ. خوجانىياز ھاجى ئەتىسى ئۇ يەر، بۇ يەر-دىن ئەسكەرلىرىنى يىغىپ، ئاقسۇغا قاراپ ماڭىدۇ. 1934-يىلى 4 - ئايدا ئاقسۇغا كېلىپ، ماجۇڭيىڭنى قوغلاپ ما-رالبېشىغا بارغاندا قەشقەردىكى ئەنگلىيە كونسۇلى سوۋېت كونسۇلىغا نارازىلىق خەت تاپشۇرۇپ نىمىشقا ئارىلىشى-سىلەر، خەلقارا قائىدىنى بۇزدۇڭلار، روس ئەسكەرلىرى مارالبېشىغا نېمە دەپ كەلدى دەپ پاكىت قويغاندا، ما-رالبېشىدىن ئاقسۇغا قايتقان روس ئەسكەرلىرىگە قو-شۇلغان خوجانىياز ھاجى ئىلگىرى ئالغان قورالىنىڭ قويلىرىنى سوۋېتكە ئۆتكۈزۈپ ئاندىن ئۈرۈمچىگە كېتىدۇ.

## 7

قەشقەردە تۇرغان مەزگىللەردە ماجۇڭيىڭنىڭ ماخۇسەن، ماشىمىڭلەر ئۆز ئارا زىددىيەتلىشىپ، بىر - بىرى بىلەن كېلىشەلمەيدۇ. ماجۇڭيىڭ بولسا، ماخۇسەننى پۈتۈن ئەسكەرلەرگە باشلىق قىلىپ، خوتەنگە يولغا سېلىپ، ئۆزى ئارقىدىن بارىمەن دەپ قەشقەردە قالىدۇ. ئاندىن قەشقەردىكى سوۋېت كونسۇلى بىلەن سۆزلۈشۈپ سوۋېتكە كەتمەكچى بولۇپ رەسمىيەت ئۆتەيدۇ ۋە 200 گە يېقىن كىشى بىلەن ئۆلۈغچات ئارقىلىق سوۋېتكە چىقىپ كېتىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ئولجا ئالغان 28 توگە ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى ئېلىپ بېرىپ قورال سېتىۋېلىپ كېلىمەن دەپ ماڭغان.

مەرھۇم گېنېرال ئىسخاقبەك ماجۇڭيىڭنىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئېلىپ، بىرنەچچە كۈن ياخشى كۈتۈپ، چېگرادىن ساق ئۆتكۈزۈپ قويىدۇ. 1934 - يىلى 5 - ئايدا ماجۇڭيىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ، موسكۋادا بىر نەچچە ۋاقىت تەربىيىلەنگەن ھەم ئويلىنىپ ئىككى باللىلىق بولغانىمىش. بۆرۈنقى ياپونپەرەس مەيدانىدىن ۋاز كەچكەنىمىش. يەنە ماجۇڭيىڭنى ئەگىشىپ كەتكەن باشلىقلاردىن 10 نەپەر كىشى قايتىپ كېلىپ، ماخۇسەنگە قوشۇلۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچۈن خىزمەت ئىشلىگەن دېيىشىدۇ.

ئوسمان ئېلى بولسا، 1934 - يىلى 3 - ئايدا پەيزىۋاتتا خوجانىياز ھاجىنىڭ قېشىغا بېرىپ كۆرۈشىدۇ. خوجانىياز ھاجى ئۇنى ماختاپ، قەشقەرنى ئىككى قېتىم پەتھى قىلدىڭىز، سىزنىڭ ئەسلى خىزمىتىڭىز سىجاڭلىقنى ئۆتەيسىز، بېرىپ ئەسكەرلىرىڭىزنى يىغىۋېلىپ قەشقەردە تۇرۇپ، مەھمۇت سىجاڭغا ياردەملىشىسىز، ماجۇڭيىڭ. ماخۇسەنلەرگە قارشى ھەرىكەتلىنىسىز، دەپ قولىغا ئالاقە يېزىپ بەرگەندە، ئۇ قايتىپ كېلىپ، بۇرۇنقى ئەسكەرلىرىنى ئۇ يەر - بۇ يەردىن يىغىۋېلىپ بۇرۇنقى ئوراز، ئىمساي دېگەنلەرنىمۇ ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ، بىر مەھەل قەشقەر شەھىرىدە تۇرىدۇ. كېيىن تاقىقا چىقىدۇ. بۇ چاغلاردا سوۋېت ئىتتىپاقى ھىمسامىددىن دېگەن بىر خىزمەتچىنى ئەۋەتىپ، ئوسمانغا "سىز بىز ئۈچۈن خىزمەت قىلسىڭىز سىزگە قانداق ياردەم بولسا بېرىمىز، ئورنىڭىزنى مۇقىملاشتۇرىمىز" دەپ ئىككى دانە تاپانچا سوۋغات قىلىدۇ. سوۋېتكە قارشى كىشىلەرنى تۇتۇپ بىزگە ئەۋەتىسىز دەپ ئۆتۈنۈش قىلىدۇ. ئوسمان ئېلى شۇ چاغدا، سوۋېتتىن قېچىپ كېلىپ يۈرگەن قوراللىق ئابدۇللانى قوغلاپ چېگرادىن ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. يەنە بىر قانچە كىشىلەرنىمۇ ئەۋەتىپ بېرىدۇ.

ئوسمان ئوۋغا چىقىۋاتقان چاغدا تاپانچىسىنىڭ ئوقى تۇيۇقسىز ھىمسامىددىنغا تېگىپ كېتىپ ئۆلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلۇغچات چېگرادا تۇرغان ئىسخاقبەك، جۇمە بايلارنى تۇتۇشقا ئادەم ئەۋەتمەكچى بولغاندا بۇ ھەركىتى مەغلۇپ بولىدۇ. نەتىجىدە ئىسخاقبەك سوۋېت

ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى ئاستىدا، ئايرىم پولك تەشكىل قىلىپ ئوسمان ئېلىغا قارشى ئاتلاندى. ئوسمان بىلەن بىر نەچچە قېتىم تۇگۇرمەنتى، قاراجۇللاردا سوقۇش قىلىدۇ. ئوسمان ئاخىرى قېچىپ ئوپانغا بارىدۇ. ئۇنىڭ يېنىدىكى بىر قانچە ئوزبېك، قىرغىز باشلىقلار ئوسماننى ئافغانىستانغا ئېلىپ كېتەيلى دېگەندە ئۇ «مەن ئولسەممۇ ئوز ۋەتىنىمە-دىن ئايرىلمايمەن» دەپ ئۇنىمايدۇ. جانىبەك باشلىق بىر قانچە كىشىلەر ئافغانىستانغا كېتىدۇ. ئوسمان قوغداپ قالالمىغىن دېگەن ئۇممەت بىلەن قەشقەردىكى مەھمۇت سىجاڭنىڭ ئالدىغا كېلىپ، قورالنى تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. مەھ-مۇت سىجاڭ ئۇلارنى قورالسىزلاندۇرۇپ، ئوسمان ئېلى، توختىبەك، مۇھەممەت سالى قازى قاتارلىق 5 كىشىنى شىڭ شىسەيگە ئەۋەتىپ بېرىدۇ. 1940 - يىللارغىچە ئوس-مان ئېلى، ساۋۇت داموللا قاتارلىقلار تۈرمىدە بار ئىدى.

## 8

مەرھۇم گېنېرال ئىسخاقبەك ئۇلۇغچات ناھىيىسى-نىڭ سوۋېت چېگرىسىغا يېقىن سىمخانا دېگەن جايدىن بولۇپ، ئۇ 1933 - يىلىدىكى ئوسمان ئېلى باشلىق خەلق قوزغىلىڭىغا قاتنىشىپ، پەيجاڭ بولغان، 1934-يىلى، 35 - يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ۋە شىڭ شىسەيگە گۇمانلىق تۇيۇلغان فېودال كۈچلەرنى تازىلايدۇ. 1936-يىلى ئۇلۇغچاتقا ھاكىم بولىدۇ. 1937 - يىلى ماخۇسەن-نىڭ ئەسكەرلىرى جەنۇبى شىنجاڭنى پاراكەندە قىلغاندا،

ئىسخاقبەك يەنە پولك تەشكىل قىلىپ، سوۋېتنىڭ يار-
دىمىنى قوبۇل قىلىپ، ئاتۇشتىن تارتىپ مارالۋېشى، يەر-
كەن، خوتەنگىچە يۇرۇش قىلىپ، توپىلاڭچىلارنى بېسىقتۇ-
رۇپ خەلقنى تىنجىتىدۇ-دە، قايتىپ قەشقەرگە كېلىپ بىر
لۈي (ئاتلىق بىرىگادا) قۇرۇپ سىبۇدا تۇرۇدۇ. پۈتۈن
جەنۇبى شىنجاڭدىكى چېگرا مۇھاپىزەت ئەترىتىنىڭ باش-
لىقلىقىنى قوشۇمچە ئۆتەيدۇ.

مەرھۇم ئىسخاقبەكنىڭ كوزگە كورۈنەرلىك ياخشى
ئىش ئىزلىرىدىن بىرى، قىرغىز رايونلىرىدا ئۇزۇن يىل-
لىق قوزغىلاڭ ۋە ئۇرۇشلارنىڭ تۈپەيلىدىن پۈتۈن خەلق
ئىگىلىگى ۋەيران بولۇپ، قىرغىز خەلقى ناھايىتى كەم-
بەغەللەشكەنلىگىنى نەزەردە تۇتۇپ، شۇ ۋاقىتتىكى ھوكۇ-
مەتكە ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ ئىلتىماس يېزىپ ھوكۇمەتتىن
نۇرغۇن پۇل ياردەم ئېلىپ، بۇ پۇلغا 4 مىڭ دانە قوي،
200 قوش ھوكۇز ۋە دىخانچىلىق سايمانلارنى سېتىۋېلىپ،
قوينى كەمبەغەللەرگە ھەقسىز تارقىتىپ بېرىدۇ. ھېچ نەر-
سىسى يوق 70 ئائىلىنى قىزىلئويگە ئەكىلىپ، يەر، قوش
كالا، چارۋا بېرىپ ماكانلاشتۇرىدۇ.

1939 - يىلى شىڭشىسەي ئىسخاقبەكتىن گۇمانلىنىپ،
ئۇرۇمچىگە ئېلىپ بېرىپ، نەزەربەنت قىلىدۇ. 40 - يىلى
ئىلى قازاق ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىغا رەئىس قىلىپ ئەۋەت-
كەندە، بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەيدۇ.

1942 - يىلى 4 - ئايدا ئىسخاقبەكنى شىڭ شىسەي
تۇتۇپ قولغا ئالماقچى بولغاندا، بىلىپ قېلىپ، باش پانا
ئىزدەپ، سوۋېتكە قېچىپ كېتىدۇ. 1943 - يىلى سىخا-

ئىمدىكى توققانلىرىنى، ئاتىسىنى يوشۇرۇن رەۋىشتە چېگرادىن ئېلىپ كېتىدۇ. ئىسخاقبەك سوۋېت يېرىدە، شىنجاڭدىن قېچىپ ئۆتكەن قىرغىزلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ. شىنجاڭغا كېلىپ شىڭ شىسەيگە قارشى تۆرۈشنى پىلانلايدۇ. بۇ چاغدا قاناتباي دېگەن بىرسى سوۋېت يېرىدىن قەشقەرغە قېچىپ كېلىپ، گومىنداڭغا ئۆتۈپ قويىدۇ. گومىنداڭ ھوكۇمىتى دەرھال ھەركەتلىنىپ، بۇرۇن ئىسخاقبەككە ئەسكەر بولۇپ شۇ كۈنلەردە ئۆز ئائىلىسىدە تۇرۇۋاتقان 180 ياكى 250 نەچچە كىشىنى يىغىپ قاراشەھەرگە سۈرگۈن قىلىپ 3 يىل رېجىمدا ئىشلىتىدۇ. تا 1946 - يىلى 7 - ئايدا 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋى غەلىبە قازىنىپ، 11 ماددىلىق بىتىم ئىمزالانغاندا ئاندىن ئۇلار ئۆز يۇرتىغا قايتۇرۇلىدۇ. بۇلاردىن 70 دەك كىشى ئۆلۈپ كەتكەن.

1944 - يىلى 11 - ئايدا نىلقا ناھىيىسىدە دېھقانلارنىڭ خەلق دېموكراتىك ئىنقىلاۋى پارتلىدى. بۇنى ئاڭلىغان ئىسخاقبەك دەرھال سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خالىسانە ياردىمىنى ئېلىپ كېلىپ بۇ ئىنقىلاپقا قوشۇلۇپ، پۈتۈن ھەربى ئىشلارنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. 1945 - يىلى 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى ھوكۇمىتى ئىسخاقبەككە گېنېرال لېيتېنانتلىق ئۇنۋان بېرىپ، مىللى ئارمىيىنىڭ ئالى قوماندانى قىلىپ بەلگىلەيدۇ.

3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ بىر قىسمى بولغان تاشقورغان ئىنقىلاۋى 1945 - يىلى پارتلاپ بارغانسېرى كې-

گىيىپ، قارغىلىق، پوسكام، يېڭىسار قاتارلىقلارنى ئازات قىلىدۇ، بۇنىڭغا قىرغىز ياشلىرىنىڭ كوپ قىسمى قاتنى- شىدۇ. ئىسخاقبەك 1946 - يىلى 3 - ئايدا بۇ ئىنقىلاپقى- مۇ قوماندانلىق قىلىدۇ.

## 9

دولىتىمىزدىكى هەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقلىرى، ياڭ - جىن دەۋرىدە زالىم - ئەمەلدارلارنىڭ هوكۇمرانلىغى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشى ئارقىسىدا، ئېچىنىشلىق ئېغىر كۇنلەرنى بېشىدىن كوچۇرگەن ئىدى. مىللىتارىستلارنىڭ زۇلمى، يەرلىك فېودال زالىم - بەگلەرنىڭ تالاڭ-تاراج قىلىشى، ئىقتىسادى جەهەتتە ۋەيران قىلىپ، سىياسى جەهەتتە دېموكراتىيىنى بوغۇشى ئارقىسىدا تارىختا نۇرغۇن قېتىم خەلق قوزغىلاڭلىرى بولغان ئىدى. جۇملىدىن 1931 - 1934 - يىللىرىغىچە بولغان قۇمۇل خەلق قوزغىلىڭى ۋە جەنۇبى شىنجاڭ خەلق قوزغىلاڭلىرىنى ئېلىپ ئېيتساق گەرچە زۇلۇمغا قارشى كوتۇرۇلگەن بولسىمۇ بۇ ئىنقىلاپنى توغرى يولغا يېتەكلەيدىغان پارتىيە بولمىغانلىقتىن هەمى- مىسى مەغلۇپ بولدى. بۇ قوزغىلاڭلارغا فېودال كۇچلەر، ۋە دىنىي تەسىرلەر، شۇنداقلا چەتئەل كۇچلىرى ئارىلىشى- ۋالغان ئىدى. 3 ۋىلايەت خەلق دېموكراتىك ئىنقىلاۋىلا يونۇلۇشنى توغرى ئېلىپ بېرىپ ئوز ئېقىمىنى جۇڭگو كوڭچەنداڭى رەهبەرلىك قىلغان خەلق ئازاتلىق ئىنقىلا- ۋىغا بىرلەشتۇرالىدى.

پرولېتارىيات ئىنقىلاۋىنىڭ داھىسى ۋ. ئى. لېنىن
«دۆلەت ۋە ئىنقىلاپ» دېگەن شانلىق ئەسىرىدە ... "زور-
لۇق كۈچ ئىجتىمائىي ھەركەت ئۆزى ئۈچۈن يول ئاچىدى-
دىغان ۋە ئۆلۈك قېتىپ قالغان سىياسىي شەكىللەرنى
ۋەيران قىلىپ تاشلايدىغان قورال» دەپ ئېيتقان ئىدى.
يولداش ماۋزېدۇڭ «جۇڭگو ئىنقىلاۋى ۋە جۇڭگو گۇڭچەن-
داڭى» دېگەن شانلىق ئەسىرىدە "جۇڭگونىڭ فېئوداللىق
جەمئىيىتىدە دېھقانلارنىڭ ئەنە شۇنداق سىنىپي كۈرەشلىرى،
ئەنە شۇنداق قوزغىلاڭلىرى ۋە ئەنە شۇنداق ئۇرۇشلىرىلا،
تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ھەقىقىي ھەركەتلەندۈرگۈچى كۈچى
بولغان ئىدى. چۈنكى ھەرقېتىمقى چوڭراق دېھقانلار قوز-
غىلاڭلىرى ۋە دېھقانلار ئۇرۇشلىرىنىڭ نەتىجىسىدە شۇ-
چاغدىكى فېئودال ھۆكۈمرانلىقىغا زەربە بېرىلگەن ئىدى.
شۇنىڭ بىلەن ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە
يېڭى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى بولمىغانلىقى. يېڭى
سىنىپي كۈچلەر بولمىغانلىقى، ئىلغار پارتىيىلەر بولمى-
غانلىقى ئۈچۈنلا مۇنداق دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى ۋە دېھقان-
لار ئۇرۇشلىرى ھازىرقى پرولېتارىيات ۋە گۇڭچەنداڭنىڭ
توغرى رەھبەرلىكىدە ئېرىشەلمىگەن ئىدى» دەيدۇ. ماۋجۇ-
شى يېقىنقى زامان تارىخىدا جۇڭگونىڭ ھەرقايسى جاي-
لىرىدا بولۇپ ئۆتكەن خەلق قوزغىلاڭلىرى ۋە ئىنقىلاپ-
لىرىنىڭ ئەھۋالى ۋە خاراكتېرىنى تەتقىق قىلىپ، چىقار-
غان بۇ خۇلاسە يۇقۇرىدا مەن ئېيتقان شىنجاڭدىكى خەلق
قوزغىلاڭلىرىغا قارىتا ئېيتقاندىمۇ توغرى خۇلاسە بولۇپ
ھېساپلىنىدۇ. ھېچقاچان بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس. مەسىلەن:

شۇ ۋاقىتتىكى قۇمۇل ۋە قەشقەردىكى خەلق قوزغىلاڭلىرى ئاياقلاشقاندىن كېيىن، جەمئىيەتنىڭ ئىدىئولوگىيە ۋە ئۈستى قۇرۇلمىسىدا زور ئۆزگىرىشلەر ۋە ئىلگىرلەشلەر بولغان ئىدى. مەدەنىي - مائارىپ، دىخانچىلىق - چارۋىچىلىق جەھەتلەردە مەلۇم ئىلگىرلەشلەر بولدى. جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تۈرتكىلىك رول ئويناپ 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىغا يول ھازىرلىدى. بۇنداق بولۇشى ئۇلۇغ داھىمىز ماۋجۇشىنىڭ دانا ھۆكۈمىنىڭ توغرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

## مۇھىم تۈزىتىش

119 - بەت يۇقۇرىدىن 4 - قۇردا « سىرلىدىن » سىزى ئۆگىدىن » دەپ تۈزىتىمىز؛

255 - بەت سۈرەت ئاستىغا « ھېيتكار جامەسى » پ قوشۇپ ئوقۇلسۇن.

تەھرىر بۆلۈمى

# 25 - فېۋرال ۋەقەسىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى زادى قانداق

زاكىر نىيازى

« 25 - فېۋرال ۋەقەسى » 1947 - يىلى ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن ئېچىنىشلىق قانلىق ۋەقە بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن تېخى چىقىپ كەتكىنى يوق.

ئۇ چاغدا ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئەمدىلا ئاخىرلاشقان، ئامېرىكا جاھانگىرلىكى ھەر قايسى ئەللەر ئەكسىيەتچىلىرىنى جىددىي قوراللاندۇرۇۋاتقان بىر ۋاقىت ئىدى.

ئۇ چاغدا جاڭ جيېشى باشچىلىقىدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى چەتئەل جاھانگىرلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ياردىمىنى زور مىقداردا قوبۇل قىلىپ، ئۆز كۈچىنى تەڭداشسىز زور ھېساپلاپ، جۇڭگو گۆڭچەنداڭى رەھبەرلىك قىلىۋاتقان خەلق ئازاتلىق كۈچلىرىنى "بىرلا ھۇجۇم بىلەن ئۇجۇقتۇرۇپ" تاشلايمىز دەيدىغان خام خىياللارغا بېرىلىپ كورەڭلەۋاتقان، زور كولەمدە ئىچكى ئۇرۇش قوزغاپ قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈشكە قېلىچىنى بىلەۋاتقان ئىدى.

شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىمۇ نەنجىڭ-

دىكى ئۆز خوجايىنلىرىنىڭ مۇددىئاسىغا ماسلىشىپ، جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ بىر قىسمى بولغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى كۈچلىرى بىلەن تۈزگەن 11 ماددىلىق تىنچلىق كېلىشىمىنى يىرتىپ تاشلاشتىن ئىبارەت سۇيىقەستكە جىددى كىرىشكەن ئىدى.

«25 - فېۋرال ۋەقەسى» — 11 ماددىلىق تىنچلىق كېلىشىمىنى يىرتىپ تاشلاشنىڭ ئالدىنقى سىگنالى سۈپىتىدە پىلانلىق ئىشلەنگەن قانلىق ۋەقەلەردىن بىرسى بولۇپ، سۇڭشىلىيەن، داڭ بىڭالڭ قاتارلىق ئەكسىيەتچىلەر تەرىپىدىن پىلانلىق ئۇيۇشتۇرۇلغان سۇيىقەست ئىدى.

ئالدىن تۈزۈلگەن پىلان بويىچە جىددى تەييارلىقلار ئىشلەندى. نامايىشقا قاتناشتۇرۇلىدىغان ئەسكەر-ئوفىتسېرلارنىڭ سانى بەلگىلەندى. «نامايىش» نىڭ تەشۋىقى، قوللانما، شۇئارلىرى گېنېرال شىتاۋدا تۈزۈلۈپ بېسىلغان تەرجىمان شېداۋجى ئارقىلىق ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، شېپوگراپتا بېسىپ تەق قىلىنغان ئىدى.

نامايىشتىن بىر كۈن بۇرۇن (24 - فېۋرال كۈنى) شەھەر دەرۋازىلىرىغا سىم توساقلارنى تارتىپ، لىيۇياۋچى باشقۇرۇۋاتقان ئۈرۈمچى شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىدىكى پۈتۈن خەنزۇ ساقچىلارنى نامايىشقا قاتناشتۇرۇش، مەھەممەت قاتارلىق ئىككى نەپەر ئۇيغۇر ساقچىنى تەرجىمانلىققا پايدىلىنىش ئۈچۈن ئەپقالغاندىن باشقا، قالغان ئۇيغۇر ساقچىلارنى قورالسىزلاندۇرۇپ، شەھەر سىرتىدىكى شۆبە ساقچىلارغا چىقىرىۋەتكەن ئىدى.

25 - فېۋرال كۈنى ئەتىگەندە، بېشىدا لۆڭگە ئورۇ-

غان، ئۈچىسىغا كونا ھەتتا جىل - جىل بولۇپ كەتكەن پۈقراچە كىيىملەرنى كىيگەن ھەربىلەر ئۆلكىلىك فىرقىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا تۈپلۈنۈپ، خەنزۇ ئۇيۇشمىدا تەشكىللىنىپ، كوچىغا چىقماقچى بولىۋاتقان نامايىشچىلار بىلەن قوشۇلۇشقا تەييار تۇرماقتا ئىدى.

ئەكسىيەتچى گېنېرال سۇڭ، داڭ، ليۇلار چېنىپ قالىدىغان ھەر قانداق توشۇكلەرنى پېتىتا ئەتكەن بولسىمۇ، بىراق قاپاقتا نىمە بولسا، تېشىغا شۇ تېپەر دىگەندەك، نامايىشقا قاتناشقان ھەربىلەر گەرچە بېشىغا ھەر خىل لۈڭگە تېڭىپ چىققان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئەسكەر ياكى ئوفىتسېر ئىكەنلىكى، مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. ئەسكى چاپان كەيگەنلەرنىڭ ئىچىدىكى ھەربى چاپانلارنىڭ پەشلىرى چىقىپ، يان قۇراللىرى پومپىيىپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىناسىغا كىرگەندە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى تەرەپ ۋەكىللىرىگە قۇراللىرىنى كۆز - كۆز قىلىپ ھەتتا ئابدىكېرىم ئابباسوۋقا قورشاپ ھۇجۇم قىلغاندا، تاپانچىلىرىنى ئۆزىنىڭ بىقىنى ۋە يامپاشلىرىغا تۇرتۇپ، مانى كۆرۈپ قوي، دىگەندەك قىلغانلىرى نامايىشچىلارنىڭ تەركىۋىدە قورچاق ھەربى ساقچىلارنىڭ كۆپلىگى ئاشكارىلىنىپ تۇراتتى. تۆۋەندىكى ئەمەلى ئىشلاردا ئۇلارنىڭ ئەپتى-بەشىرىسى تېخىمۇ پاش بولغان ئىدى.

25 - فېۋرالدىكى قانلىق ۋەقەدە 10 دىن ئارتۇق كىشى ئۆلتۈرۈلدى ۋە يارىدار قىلىندى. جەبىرلەنگەن، تۇتۇپ قامالغان ۋە ئىزسىز يوقىتىلغانلارمۇ بار.

1 · مۇنۇپ ئاخۇن (ئۇيغۇر، 41 ياش، شوپۇر)

2 · داۋۇت (ئۇيغۇر، 40 ياش، موزدوز)

3· ئىبراھىم (ئۇيغۇر، 40 ياش، ئىشلەمچى)

4 · ھەسەن (ئۇيغۇر، 37 ياش، ناۋاي) قاتارلىق 4 كىشى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىناسىدا ۋە دەرۋازا ئالدىدا ئۆلتۈرۈلدى؛

1 · ياسىن ئاخۇن (ئۇيغۇر، 25 ياش)، 2 · جاپپار (ئۇيغۇر، 22 ياش)، 3 · سابىت (ئۇيغۇر، 55ياش)، قاتار- 3 كىشى شىمالى دەرۋازا (بېيمىگدا) ئېسىپ ئۆلتۈرۈلدى؛

1 · ئابدۇقادىر (ئۇيغۇر، 30 ياش، ئورۇمچى تومۇر زاۋۇتىنىڭ ئىشچىسى)، 2 · تۇرسۇن سىدىق (ئۇيغۇر، 30 ياش ئىشلەمچى)، قاتارلىق ئىككى كىشى تاپانچا بىلەن ئېتىپ، يارىدار قىلىندى؛

زۇڭسىلىڭبۇ پەۋقۇلئاددە دۇيىنىڭ ئاشپىزى رەھىم مەھمۇت (ئۇيغۇر، 23 ياش)، كەچ سائەت 5 دىن 12 گە قەدەر شىمالى دەرۋازىدا باغلاپ ئېسىپ قويۇلدى. كېيىن قويۇپ بېرىلدى؛

1 · توختاخۇن مەمتىلى (ئۇيغۇر، 20 ياش)، 2 · ئىمىن ئىنايەت (ئۇيغۇر، 30ياش)، 3 · ھەمزە روزى (ئۇيغۇر، 23 ياش)، 4 · تۇرسۇن كېرىم (ئۇيغۇر، 20 ياش)، 5 · رىشىت

كېردىم (ئۇيغۇر، 28 ياش)، 6. مۇسا ئاخۇن (ئۇيغۇر، 35 ياش)، قاتارلىق 6 نەپەر كىشى كوچىدىن تۇتۇۋېلىنىپ زوڭسالىڭبۇدا پۇتىغا كىشەن، قولىغا كويزا سېلىپ قاماپ، 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگە كەلگەندە قويۇپ بېرىلدى؛

رامازان (ئۇيغۇر، شىمالى دەرۋازىدا ئولتۇرۇشلۇق)، تۇردى (ئۇيغۇر، غۇلجىدىن، سودىگەرچىلىك قىلىشقا كەلگەن) قاتارلىق بۇ ئىككى كىشى 25 - فېۋرال كۈنى كوچىدىن تۇتۇپ كېتىلگەنچە ئولۈك-تىرىكلىگى نامەلۇم ھالدا ئىزسىز يوقالدى.

ئۇ چاغدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى غالجىرلاشقان ئىدى. نەنجىڭدە جياڭجيېشى: «كوممۇنىستلارنى 3 ئاي ئىچىدە پاك - پاكىزە يوقىتىپ بولىمىز» دەپ ھوكىردىسە، سۇڭشىلىيەن، داڭبىڭاڭلار شىنجاڭدا ئۇچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى كۈچلىرىنى يوق قىلىۋاتىمىز دەپ ۋاقىردىماقتا ئىدى. ئەكسىيەتچىلەر ئەنە شۇنداق غالجىرلاشقىنى ئۇچۇن 25 - فېۋرال قانلىق ۋەقەسىنى ئويناپ چىقىشتىن قول تارتمىدى. بىز بۇ ۋەقەنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. چۈنكى پاكىت ھەممىدىن ئارتۇق، ھەممىدىن غالىپ، 25 - فېۋرال ۋەقەسىنى پەدەزلەپ كورسەتكەن گېنېرال سۇڭشىلىيەنگە جاۋاپ بولسۇن دىگەن مەق-

ـەتتىمۇ كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرمىدۇق. سۆكشىلىيەن پە-
دەزلىگەن فېۋرال ۋەقەسىنى بىز خۇنۇكلەشتۈرۈپ كۆرسە-
تىدىغان، ھېچقانداق ئىبارە قوشمىدۇق، ئەمىلىي پاكىت
بىلەن كىتاپخانلارنى تەمىنلەشنىلا مەقسەت قىلىمىز......

قولىمىزدا قەدىرلىنىپ ساقلىنىپ كىلىۋاتقان بىر كوچۇرمە تۇرۇپتۇ، بۇ كوچۇرمە جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ بىر قىسمى بولغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ مەشھۇر يول-باشچىلىرىدىن بىرى — مەرھۇم ئابدىكېرىم ئابباسوۋنىڭ فېۋرال ۋەقەسى كۈنى نەق مەيداندا يازغان: «ئۈرۈمچىدە 25 - فېۋرالدىكى قانلىق ۋەقەدىن بىر خاتىرە» دىگەن ئە-سەرىنىڭ كوچۇرمىسى بولۇپ، ئاپتور، گېنېرال سۆكشىلىيەن پەردىنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ، داڭ بىگاڭ پەردىنىڭ ئال-دىغا چىقىپ قوماندانلىق قىلغان 25 - فېۋرال سۇيىقەس-تىنى تار مار قىلىشقا قاتناشقان ۋە بۇ كۈرەشنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سېپى — ئۆلكىلىك ھوكۈمەت بىناسىدا ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن بىللە دۈشمەنگە تاقابىل تۇرغان جەڭچى ئىدى. 25 - فېۋرال ۋەقەسىنىڭ ھەقىقى ئەھۋالىنى بى-لىشتە مەرھۇمنىڭ خاتىرە قىلىپ قالدۇرغان بۇ ئەسىرىنى بىر كۆرۈپ چىقساق يامان بولماس، ئەلۋەتتە!

# ئۈرۈمچىدە 25 ـ فېۋرالدىكى قانلىق ۋەقەدىن بىر خاتىرە

ئا . ئاببasoۋ

1947 ـ يىل 25 ـ فېۋرال ئەتتىگەنلىكى ئۈرۈمچى شەھرى سەل يىراقتىكى ئادەمنى پەرق ئېتىپ بولمايدىغان تۇمان ئاستىدا، نىمىدىندۇر خۇددى چۇشى بۇزۇلغان ئادەملەردەك غەم دېڭىزىغا چۆمگەن ئىدى.

شەھەر جىمجىتلىق، كوچىلاردا ھېچقاچان ئۇنـداق قورااللانغان سېرىق پاچاقلار......بەشلەپ، ئونلاپ، بىرسىنىڭ ئىزىنى بىرسى دەسسەپ يولنىڭ ئىككى چېتىدە شىمالدىن جەنۇپقا يۈرۈش قىلىپ، ئېشىك ئاچقان ھەمسۇغا چىققان كىشىلەرنى شەرەت بىلەن ئۆيلىرىگە ھايدىماقتا، سېرىق پاچاقلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرى، ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى چوڭقۇر ئويغا سالماقتا. سائەت 8 بولدى، كوچىلاردا بىرلەپ ـ ئىككىلەپ ئادەملەر كۆرۈنۈشكە باشلىدى. سېپىلنىڭ تېشىدىكى ئىدارە خىزمەتچىلىرى ئادەتتىكىدەك ئىشقا كېتىپ باردى. يول بويى بۇلارنى سېپىل سىرتىدا ھوكۇم سۈرۈۋاتقان ئەھۋال ئويلىتىدۇ ۋە تاقەتسىزلىك بىلەن سېپىلنىڭ ئىچىدىكى ئەھۋالنى بىلىشكە ئۈمىتلىنىدۇ. بۇ ئارىدا ئون ـ ئون بەش مىنۇت ئۆتۈش

بىلەن سېپىلنىڭ ئىچىگىمۇ كىرىپ باردۇ. سەپ - سېپلىپ قاردىغان ئادەمگە سېپىلنىڭ ئىچى بىلەن سېپىلنىڭ تېشى بىر بىردەك ئوخشىمىغان ئىككى دۇنيا: خەنزۇ سودىگەرلىرى ئادەتتىكىدەك دۇكانلىرىنى ئاچقان. سودا - تىجارەت ئازدۇر - كۆپتۇر كېتىپ باردۇ. ھېچكىم بۇلارنىڭ ھەركىتىگە چەك قويمىغان. لېكىن سودىگەرلەرنىڭ ئاساسى دىققىتى كوچىدا، گويا بولغۇسى بىر ئىشنى كۈتكەندەك. دەرۋەقە كوچىدا ئادەملەرنىڭ ھەركىتى ئادەتتىكىدىن جىددى. بەزىلەر خۇددى زورۇر بىر ئىشقا كىچىككەندەك يۈگۈرۈشۈپ، بەزىلىرى كۈلۈشۈپ، بەزىلىرى بارايمۇ-بارمايمۇ دىگەن گۇمان بىلەن كېتىشىپ باردۇ. بەزىلىرى بولسا، شەرەت قىلىنغان بۇيرۇقنىڭ مەجبۇرىيىتىگە قارشىلىق قىلغان ھالدا، ئارقىسىغا تارتىشىپ چىقىپ كېتىپ باردۇ.

سائەت 9 بولدى. مۇسۇلمان خىزمەتچىلەر ئارىسىدا: جىق ئادەملەر ئۆلكىلىك فىرقىنىڭ ئالدىغا توپلىنىۋاتىدۇ. قوللىرىدا بايراق، سەپتە تۇرۇشلىرى تەرتىپ - ئىنتىزام كۆرگەن ئەسكەرلەرنى ئەسلىتىدۇ. ئارىسىدا ناھايەت ئاز كىشىلەر سەپنىڭ تەرتىۋىنى بۇزۇپ قويۇشى بىلەن ھېلىقى ئىنتىزاملىقلار تەرتىپىدىن ھاقارەتلەنمەكتە. بۇلارمۇ ”ۋابوسى جۇنىردىن، ۋاسى لاۋبەيشىڭ، نى گۇەنۋا گەنسا„؟ (مەن ئەسكەر ئەمەس، مەن پۇقرا، سېنىڭ مەن بىلەن نېمە كارىڭ بار؟) ” دەپ قولىدىن كەلگەن قارشىلىقىنى قىلىۋاتىدۇ. ئۈچ - تۆت ئاكتىپلار فىرقىغا كىرىپ - چىقىپ يۈرۈيدۇ„ دىگەن مەزمۇندا مىش - مىش سوزلەر كېتىپ باردۇ.

ئارىدا ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمەي كوچىلاردا ۋاڭ-چۇڭ تاۋۇشلار كۆتۈرۈلدى. مەن شۇ ۋاقىتتا، سەيپىدىن ئەپەندى بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت كاتىۋات بۆلۈمىدە ئىش ئۈستىدە ئىدىم. مۇسۇلمان خىزمەتچىلەر: «ئاببا سوۋ! خەنزۇلار نامايىش قىلىپ كوچىلاردا يۈرۈيدۇ. ھازىر ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە كەلسە كېرەك» دىگەن خەۋەرلەرنى يەتكۈزۈپ تۇردۇ.

شۇ ئارىدا لى ئىسىملىك بىر خىزمەتچى كاتىۋات بۆلۈمىگە كىرىپ، «نامايىش» توغرۇلۇق خەۋەر بەرگەندە، سەيپىدىن ئەپەندى، ئىككىمىز سۆزلىشىپ ئولتۇراتتۇق، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت كادىرلار بۆلۈم باشلىقى ليۇدۇڭ ئىككى-ئۈچ قېتىم ئىشىكتىن بېشىنى تىقىپ قاراپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. بۇنىڭغا قارىغاندا ليۇدۇڭ بىزنىڭ ئىدارىغا كەلگەن-كەلمىگەنلىگىمىزنى بىلىش ۋەزىپىسى بىلەن ئاۋارە بولسا كېرەك. ليۇدۇڭ ئەڭ قوپال خىزمەتچى ئىدى. ئۇنىڭ كاتىۋات بۆلۈمىنى ماراپ يۈرۈشى بىزنى گۇمانلاندۇردى.

چارەك سائەتتىن كېيىنلا، لى ئەپەندى كىرىپ، نامايىشنىڭ شۇئارلىرى، بىتىمنى ئىجرا قىلىش توغرىسىدا يېزىلغانلىقلىرى ۋە چاقىرىلغان شۇئارلارغا قارىغاندا، نامايىشنىڭ ئانچە يامان ئەمەسلىكى توغرىسىدا خەۋەر يەتكۈزدى. شۇندىن كېيىن، سەيپىدىن ئەپەندى ئىككىمىز كاتىۋات بۆلۈمىدىن چىقىپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالار مەجلىسخانىسىغا قاراپ يۈردۇق. شۇ كۈنى ئەزالار مەجلىس كۈنى ئىدى. سائەت 10 لار چامىسىدا

«ناما يىشچىلار» ئۇلكىلىك هوكۇمەت قوراسىغا تولدى. ما-
گىدىغان يول يوق، سەيپىدىن ئەپەندى ئىككىمىز ناما-
يىشچىلارنى ئارىلاپ، شۇئارلىرىنى ئوقۇپ، ناھايىتى قىس-
تا - قىستاڭدا ئۇلكىلىك هوكۇمەت ئەزالار مەجلىسخانى-
سىغا كىردۇق. بىرمۇ تونۇش - بىلىش ئۇچراتقىنىمىز يوق.
هەممىسى ئۇستىگە يىرتىق جۇل - جۇل چاپان، ئىچىگە
كۇلرەڭ هەربى كىيىم كىيگەن كىشىلەر، بويلىرى ئوخ-
شاش، تىزدىلىشىمۇ ئاددى ئەمەس. شۇ هامان سەيپىدىن
ئەپەندى ئىككىمىز تېخىمۇ گۇمانلاندۇق ۋە كادىرلار بو-
لۇم باشلىقى ليۇدىڭنىڭ ماراپ يۇرگىنىدىن مەنا چىقار-
دۇق - دە "ئىش باشقىچە ئىكەن!" دەپ يۇرۇپ كەتتۇق!
هوكۇمەت ئەزالار مەجلىسخانىسىدا ئەخمەتجان ئە-
پەندىم، رېھىمجان ئەپەندىم، ليۇمىشۇجاڭدىن باشقا هو-
كۇمەت ئەزالىرى بار. مەجلىسخانىدىكىلەر هېچنىمىنى
بىلمىگەندەك ئۇياق - بۇياققا مېڭىشىپ يۇرۇيدۇ. يالغۇز
ۋاڭ تىڭجاڭ (جالالىدىن) بىزگە كوز ئەيىنەكنىڭ ئۇستىدىن
پات - پات ئالىيىپ قاراپ قويىدۇ، ئۇنىڭ كوزىدىن چوڭ
خوشاللىق، شۇنىڭدەك چوڭ قايغۇلۇقمۇ سىزىلىپ تۇرىدۇ.
ۋاڭ تىڭجاڭ ئالامەت "هىكمەتلىك ئادەم" ئۇنىڭ
هېچ بىر يېرى—مەيلى يۇرىگى، مەيلى قىياپىتى، پەقەت
سىر ساقلىمايدۇ. ئۇ ئەنە شۇ قاراشلىرى بىلەنلا بۇگۇنكى
سىرلىق هەركەتنى ئېيتىپ بەردى. بۇنىڭ ئۇچۇن ئۇ،
ئوزىمۇ ماختانغاندەك قىلىپ قويىدۇ.
هويلىدا "ئافۇجۇشى! ۋامىن ياۋ ئافۇجۇشى(بىزگە ئەخ-
مەت ئەپەندى كېرەك!)" دىگەن تاۋۇشلار كوتۇرۇلدى.

شۇ ھامان ۋاڭ تىڭجاڭ: ”ئافۇجۇشى قېنى؟ نامايىشچىلار
ئافۇجۇشىنىڭ ئۆزى بىلەن كۆرۈشۈشنى خالىسا كېرەك،
سىز تېلېفون بېرىپ، ئافۇجۇشىنى چاقىرتسىڭىز،“ دېگەن
تەكلىپنى بەردى. مەن ”ئافۇجۇشى ھازىر كېلىپ قالار،
بىز ھۆكۈمەت ئەزالىرى چىقىپ نامايىشچىلارنىڭ پىك-
رىنى ئاڭلاپ باقايلى!“ دېگەن پىكىرنى تەغدىم قىلىشىم
بىلەن ۋاڭ تىڭجاڭ ئاغزىمدىكى سۆزۈمنى تارتىۋېلىپ:
”بۇلارغا ئافۇجۇشى كېرەك، ئافۇجۇشى بىلەن كۆرۈشىمىز
دەپ ۋاقىرىشىۋاتىدۇ. بىز چىقساق بولمايدۇ،“ دېدى.
باشقا ھۆكۈمەت ئەزالىرى كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ، باش-
لىرىنى لىڭشىتىپ، ۋاڭ تىڭجاڭنىڭ سۆزىنى ياقلىغاندەك
قىلدى. ئاخىرى مەن يالغۇز بولسىمۇ چىقىپ ”نامايىشچى-
لار“ نى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. سەيپىدىن ئە-
پەندى سوۋېت قىياپىتى بىلەن مېنىڭ چىقماسلىقىم كې-
رەكلىكىنى ئىپادىلىدى. ھەقىقەتەن مېنىڭ چىقماسلىقىم
لازىم. لېكىن بىز تەرەپتىن بىر ئادەمنىڭ ”نامايىشچى-
لار“ ئالدىغا قورقۇپ چىقماسلىقى ئەكسىلھەركەتچىلەرنىڭ
«نامايىش» نى تەشكىل قىلىش ۋە ئۇنى ئېلىپ بېرىشى-
دا كوزدە تۇتقان تاكتىكىسىغا كۈچ قوشۇپ بېرىشى مۇم-
كىن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار پەقەت ئەخمەت ئە-
پەندىمنىڭ نامىنى چاقىرماقتا، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەخمەت
ئەپەندىمگە ۋاكالىتەن «نامايىشچىلار» نىڭ ئالدىغا چىق-
تىم. بۇ چاغدا ”نامايىشچىلار“ بىر - بىرىنى ئىتتىرگەن
ھالدا ھۆكۈمەت رەئىسلىرى كابىنېتىنىڭ ئالدىغا توپلانغان.
ئۇلارنىڭ ئالدىغا غۇلجا، تارباغاتاي ۋە ئالتايدىن كو-

چۈپ بارغان كىشىلەر ۋە ياكى ئۇلارنىڭ ئۆرۈمچىدىكى تۇققانلىرى، خەنزۇ پۇقرالار، ئىككى چەتتە بەش - ئون خوتۇن - قىزلار، ئوتتۇرلىردا پۇقراچە كىيىنگەن ھەربىلەر تىزىلغان «ناماييشچىلار» مېنى كۆرۈش بىلەن توپنىڭ ئىچىدىن يول بەردى ۋە قىستاپ ئىتتىرىپ يۈرۈپ دەرھال رەئىسلەر كابىنىتى ئالدىغا ئاپاردى. كابىنىت قۇلۇپلاقلىق ئىكەن. بىردىنى ئاچقۇچقا ئىۋەتتىم. شۇ ۋاقىتتا ماڭا تونۇش بولغان پۇقراچە ياسانغان بىر ھەربى كىشى تەنە قىلغاندەك: "ئافۇجۇشى نا؟ ئافۇجۇشى بولەي، بۇشىلىك! (ئەخمەت ئەپەندى قېنى؟ ئۇ كەلمىسە بولمايدۇ!)»، دەپ مېنى تېخىمۇ قىستاپ ئىتتىرىپ ئىشىك تۈۋىگە ئەپباردى - دە، ئاردىدىن 25 ياشلاردا بىر خەنزۇ بالا توپنىڭ ئىچىدىن ئېتىلغان بويى "سا، سا، سا! (ئولتۇر، ئولتۇر! ئولتۇر!)»، دەپ ۋاقىراپ ماڭا قارىتا مۇش ئاتتى. مۇش مۇرەمگە ئانچە - مۇنچە تەگدى. توپنىڭ ئىچىدىكى قالغانلار، ئارقا ۋە ئالدى بىلەن قەستەن قىستىماقتا. بۇلار بەلكى ئۇزلىرىدە قورال بارلىغىنى ماڭا سەزدۇرمەك ۋە شۇنىڭ بىلەن مېنى قورقۇتماق بولسا كېرەك. ھەر ھالدا چاپان ئىچىدىكى ۋە يانچۇغىدىكى كىچىك قوراللىرىنى ھەممە جايلىرىمغا پاتۇرۇپ، نوقۇپ قويىدۇ.

بۇ يەردە شۇنىسى ئادەمنى تېرىكتۇردىكى، شۇ قىستاڭچىلار ئارىسىدا غەربى شىمال مەمۇرى مەھكىمىسىنىڭ مەخسۇس بىر مۇھاپىزەتچىسى بېشىنى ياقىسىنىڭ ئىچىگە تىقىۋېلىپ كوزى بىلەن ھەممىگە يولىيورۇق كورسەتمەكتە ۋە مەندىن ئوزىنى يوشۇرماقتا.

ئاردا ئانچىلىك ۋاقىت ئۆتمەي، يەنە بىر كىشى-
نى سۆرۈپ - قىستاپ مېنىڭ قاتارىمغا ئەكىلىپ قويدى.
بۇ كىشى مۇئاۋىن رەئىس بۇرھان ئەپەندىم ئىدى. بۇر-
ھان ئەپەندىم توپنىڭ «سا، سا، سا» تاۋۇشى بىلەن قىل-
غان ھۇجۇمىغا قارشى قولىنى كوتەرگەن ھالدا ئوزىنى
مۇداپىئە قىلماقتا. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن بۇرھان ئە-
پەندىمۇ ئوزىنى بىر ئىككى مۇشتىن ساقلالمىدى. ئاغى-
چە ئاچقۇچىنىمۇ ئېلىپ كەلدى. ھوكۇمەت رەئىسلىرى كا-
بىنىتىنىڭ ئىشىگى ئېچىلدى. بۇرھان ئەپەندىم بىلەن ئىككىمىز،
بۇرھان ئەپەندىمنىڭ كابىنىتىغا ئاران كىرىۋېلىپ، بىر ئاز
بولسىمۇ خەۋپتىن قۇتۇلغاندەك بولدۇق.

«نامايىشچىلار» كابىنىت ئىچىگە بېسىپ كىردىشكە باشلىدى ۋە بىزگە ئەخمەت ئەپەندىمنى ئىدارىغا كەلتۈرۈش توغرىسىدا، قاتتىق تەكلىپلەرنى تاشلىدى. ئەھۋال ناھايىتى جىددى بولغانلىقتىن، ئەخمەت ئەپەندىمنى چاقىرىپ بېرىش توغرىسىدا ئۇلارغا ۋەدە قىلدىم ۋە ئەخمەت ئەپەندىمنى تېلېفونغا چاقىردىم: ئەپەندىم! «نامايىشچىلار» نىڭ پەيلى يامان، ئەھۋال جىددى، ئىدارىغا كىلىشتىن ساقلىنىڭ! بىز بولغاندىكىن كۆپايە قىلىدۇ. ئەھۋالنىڭ ئوزگۆرۈشىگە قاراپ، سىزگە خەۋەر قىلىپ تۇرىمەن! دەپ ئېيتتىم. ئەخمەت ئەپەندىم: «ياخشى بولىدۇ. ھەر ھالدا ھوشيار بولۇڭلار، ئوزەڭلەرنى خەۋپتىن ساقلاڭلار! ئەھۋال-دىن ماڭا خەۋەر قىلىپ تۇرۇڭ» دىگەن مەزمۇندا يوليورۇق بېرىشى بىلەنلا تېلېفون ستانسىسىدە مەخسۇس قويۇلغان مىللى ساتقۇنلار، بىزنىڭ تېلېفون ئارقىلىق قىل-

غان سوزدەمزدىن خەۋەر ئالغان بولسا كېرەك، سوز ئاياق-
لاشماي تۇرۇپ تېلېفوننى ئۈزۈپ قويدى. شۇندىن كېيىن-
لا تېلېفون ستانسە ماڭا ئەخمەت ئەپەندىمنى چاقىرىپ
بەرمەيدىغان بولدى.

«ناما يىمشچىلار»: ئافۇجۇشى لەي بۇلەي؟ نى گەنكۇەي
جوتالەي! بۇلەي بۇشىلڭ! (ئەخمەت ئەپەندىم كېلەمدۇ؟سەن
ئۇنى تېز كەل، دە. كەلمىسە بولمايدۇ.) دەپ مېنى خەۋپ
ئاستىغا ئېلىپ تۇرىدۇ.

بۇرهان ئەپەندىمۇ تېلېفون ئالدىدا، لېكىن تېلې-
فون ستانسە بۇرهان ئەپەندىمنى كېرەكلىك جاي بىلەن
بىرلەشتۈرمەي تۇرىدۇ.

«ناما يىمشچىلار» نىڭ بىر قانچە ئاكتىپلىرى ئارقا-
ئارقىدىن بۇرهان ئەپەندىم بىلەن مېنى، ئەخمەت ئەپەن-
دىمنى چاقىرىپ بېرىش توغرىسىدا قىستىماقتا. بىز «چا-
قىرىدۇق، هازىر كېلىدۇ» دەپ «ناما يىمشچىلار» نىڭ غەزەپ-
لىرىنى بىر ئاز بولسىمۇ پەسەيتىشكە تىرىشتۇق. لېكىن
«ناما يىمشچىلار» بۇنىڭغا قىلچە تاقەت قىلماي، ئۆزلىرى
ئەخمەت ئەپەندىمنى تېلېفونغا چاقىردى. ئەخمەت ئەپەن-
دىم بىلەن بىزنى بىرلەشتۈرمەي تۇرغان ستانسە «نا ما-
يىمشچىلار» بىلەن ئەخمەت ئەپەندىمنى بىرلەشتۈردى. «نا-
ما يىمشچىلار»: «ئافۇجۇشى چىڭنى كۆيلەي! نى بۇلەي،
ۋامىن بانى ...(ئەخمەت ئەپەندى تېز كېلىڭ، كەلمىسە-
ڭىز بولمايدۇ، ئەگەر كەلمىسىڭىز ئۆۋاختا بىز سىزنى...)»
دەپ هاقارەتلىك تىللار بىلەن تىللىدى. ئەهۋال شۇ دە-
رىجىگە يەتكەندە، تېچلىقنى ساقلاش قوماندانلىغىنىڭ

ھۆئاۋنى گېنېرال مايور داڭبىگاڭ كىرىپ كەلدى. داڭ-
بىگاڭ: ”يامان بولدى، ئافۇجۇشى كەلمىسە، غۇلغۇلىنى
بېسىش مۇمكىن ئەمەس، تېلېفوندا چاقىرىڭ، ئافۇجۇشى
كەلمەي قالمىسۇن، قورقمىسۇن، كېرەك يوق، بىز ساق-
لايمىز!„ دېگەن تەكلىپنى قىلدى. مەن: ”تېلېفوندا چا-
قىردىم، ھازىر كېلىپ قېلىشى مۇمكىن„ دەپ جاۋاپ بەر-
دىم. داڭبىگاڭ ناھايىتى ھودۇققان ھالدا: ”سىز ئافۇجۇ-
شىغا يەنە ئېيتىڭ، ھېچ خەۋپ يوق، بىز ساقلايمىز. تېز كەلسۇن!„
دېگەن تەكلىپنى قىلىپ ئارقىسىدىنلا، يا مەن ئۆزەم بېرىپ
ئەكېلەيمۇ؟ ئۆزەم باراي! دەپ ئالدىراش چىقىپ كەتتى.
بۇ چاغدا داڭبىگاڭ تېگىشلىك جايدىن ئەخمەت ئەپەندىم-
نى كەلتۈرەلمىگىنى ئۈچۈن قاتتىق تىل يېگەن بولۇشى
كېرەك.

داڭبىگاڭ كەتتى. مەن ”ئەخمەت ئەپەندىم كېلىپ
قالمىغىدى!„ دەپ كۆپ ئەندىشە قىلدىم ۋە ئەخمەت
ئەپەندىمگە يەنە تېلېفون بېرىشكە ئۇرۇندۇم. لېكىن
ستانسە ئەخمەت ئەپەندىمنى تېلېفونغا چاقىرىپ بەرمىدى.

”ناماييشچىلار„— توغرىسىنى ئېيتقاندا قوي تېرىسىگە
ئورالغان بۆرىلەر ئاغزىغا كەلگەننى دەپ قاۋىماقتا، سا-
ئەت 11 دىن ئاشتى. بۇرھان ئەپەندى ئىككىمىز ”ناما-
يىشچىلار„ نىڭ قەتئى تەكلىۋىنى ئاڭلاپ ئولتۇراتتۇق. شۇ
ئارىدا ئەخمەت ئەپەندىم، رەھىمجان ئەپەندىم، داڭبى-
گاڭلار كىرىپ كەلدى.

ئەخمەت ئەپەندىم كېلىش بىلەن يەنە ”دا، سا
(ئىز، ئولتۇر)„ دېگەن تاۋۇشلار كۆككە ياڭرىدى. ”ناما-

يىشچىلار» نىڭ ھەركىتى جىددىيلەشتى. بىز ھەممىمىز بۇر-
ھان ئەپەندىمىنىڭ كابىنىتىدا ئولتۇردىمىز. «نامايىشچىلار»
ئىشىكلەرنى سۇندۇرغان، دېرىزىلەرنى چاققان ھالدا، كا-
بىنىتقا بۇسۇپ كىرمەكتە، بۇ چاغدا بايىقى ئالدىغا تىز-
زىلغان ئىلى، تارباغاتايدىن كەلگەن خەنزۇ پۇقرالار
غايىپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا تونۇسىنى ئۆزگەرتكەن—
گومىنداڭ پىرقىسىنىڭ مەسئۇل خىزمەتچىلىرى، سەنمىن
جۇيى ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى،
غەربىي شىمال مەھكىمىسىنىڭ خىزمەتچىلىرى، قورال ئاسقان
كىشىلەر پەيدا بولۇپ قالدى. بۇلارنىڭ ھەركىتى ھەرھالدا
پۇقرالارنىڭ ھەركىتىدەك ئاددى ئەمەس، ھەرقانداق ئېھ-
تىماللارغا قارشى تەييارلىق بىلەن ھەركەت قىلماقتا.
ھەركەت ناھايىتى پاجىئەلىك، ناھايىتى جاللاتلىق تۇس
بىلەن بارماقتا. شۇ ئارىدا تاشقىرىدا ئوق چىقىشقا باش-
لىدى. قورادا پاجىئە بولغانلىقى توغرۇلۇق خەۋەرلەر
تارقالدى. «نامايىشچىلار» نىڭ ئاكتىپلىرى پىشانىسىدىن
ئازغىنا قان چىققان، لېكىن يالغاندىن ھوشسىزلانغان
ئىككى خەنزۇنى ئەپكىرىپ: «ئېھسى نىمىندى رىن داخۇڭ-
لياۋ، باۋچۇ، يىشۇي خەۋەنشۇي (سىلەرنىڭ ئادەملىرىڭلار
ئۇرۇپ ھوشسىزلاندۇردى، ئىنتىقام، قانغا قان ئالىمىز!)»
دەپ ۋاقىراشتى.

بۇ تاۋۇشتىن خەۋەر تاپقان قورادىكىلەر، «ئۇر» ئۈس-
تىگە «ئۇر»، «ئولتۇر» ئۈستىگە «ئولتۇر!» دېيىشىپ، بىر-
بىرىنىڭ ئۈستىدىن ئاتلىشىپ كابىنىت ئىشىگىگە ئۇرۇنماقتا!
بۇ چاغدا بىزنىڭ كىشىلەردىن، ھەتتا ئۇيغۇرلاردىن

بىر سىمۇ تالاغا چىقىش ۋە تالادىن كىرىش مۇمكىن ئەمەس، لېكىن شۇ باس - باسنىڭ ئىچىدىن سالىس، جانىمىقان كىرىپ كەلدى. يېنىدا 3 - 2 دىن قورال ئاسقان كىشى بار. بېشىغا تۇلكە تۇماق كەيگەن، خاتىرجەم تالاغا چىقىپ كىرىپ تۇرىدۇ. بۇ تۇلكە تۇماق خەنزۇلار بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پروپوسكا ئىكەن.

سەيپىدىن ئەپەندىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا: «سالىسلار بىر كىچىك بالىدىن 6 - 5 تۇلكە تۇماق ئال- دۇرۇپ بىردىن كىيىشىپ، تالاغا چىقىپ كىرىشىپ: «ئۇي- غۇرلار خەنزۇلارنى ئۇلتۇرۇپ قويدى، ئىش يامان بولدى!» دېگەن مەزمۇندا قاتتىق ئىغۋا تاراتماقتا ئىكەن. ئاكىتمۇ «ناما- يىشچىلار» بۇ يالغان پاجىئەگە يولۇقۇپ، ئىلى تەرەپ ۋەكىللىرىگە ھۇجۇم باشلىدى. دەل شۇ چاغدا قىستا-قىس- تاڭنىڭ ئىچىدىن بىر-ئىككىسى ھىممەت سۇلتاننى يولەپ، سورەپ يۇرۇپ بىزنىڭ يېنىمىزغا ئېلىپ كىردى. ھىممەت سۇلتاننىڭ پىشانىسى يېرىلغان، قان ئېقىپ تۇرىدۇ. توپ- نىڭ ئىچىدە مۇشنىڭ ئاستىدا قالغان ھىممەت سۇلتان ئاچچىقىنى باسالماي ئۇلارغا قارشى مۇش ئېتىشقا ئىنتىل- مەكتە. بىز سەۋرى قىلىشقا دەۋەت قىلدۇق، ئاران توختى- دى. بۇ ئارىلىقتا قاياقتىندۇر ليۇمىنشۇجاڭ، ليۇتەيپېيۇن، چۇيشۇلار پەيدا بولدى. دەسلەپتە بۇلار خېلى سالماق تۇرۇپ، بىزنى ئۇياق - بۇياقتىن دالدا قىلىپ، مۇداپىئە قىلىشقاندەك بولدى. لېكىن «نامايىشچىلار» نىڭ ھەركىتى جىددىيلىشىپ، ئىش ناچار بولۇۋاتقان چاغدا، ئۇلارنىڭ ھالى بىزنىڭكىدىنمۇ خاراپ، خۇددى ئۇلۇم ئوز بېشىغا كەلگەندەك

هودۇقۇپ كەتتى. تېچلىقنى ساقلاش مۇئاۋىن قوماندانى داڭبىڭگاڭ بۇچاغدا يوقالدى. ليۇمىڭشۇجاڭ مۇداپىئە ئەترەتلىرىنى يېتىپ كېلىشكە بۇيرۇق بېرىش مەقسىدىدە تېلېفوننى قولىغا ئالدى. لېكىن تېلېفون ستانسىسى تېلېفوننى قوبۇل قىلمىدى. «نامايىشچىلار»نىڭ "سا! سا! سا!" تاۋۇشى ئەرشكە كوتۈرۈلدى. ئويۇن راستقا ئايلىنىشقا باشلىدى. بۇ هالنى كورگەن ليۇمىڭشۇجاڭ، ليۇتەپەييۈەن، چۇيۋۇلار تامدەك قېتىپ قالدى. ليۇمىڭشۇجاڭ ئۆزىنىڭ ئادىيوتانتىنى بىر پارچە قەغەز بىلەن خىزمەتكە بۇيرىدى. غولغۇلا تېخى جىددى داۋام قىلىۋاتىدۇ. ليۇمىڭشۇجاڭ، ليۇتەپەييۈەن، چۇيۋۇلار هودۇققىنىدىن نىمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى. بىچارىلەرنىڭ پۈتۈن ئەزاسىغا جاق-جاق تىترەك ئولۇشۇپ كەتتى. «نامايىشچىلار» غا سوز ئاڭلىتالماي، ئاخىرى بىزگە ئۆزىمىزنى دالىدىغا ئېلىشنى تەكلىپ قىلدى - دە، بۇرهان ئەپەندىمنىڭ كابىنىتىنىڭ ئارقىسىدىكى خالىجاينىڭ 3 - 4 مېتىر كەڭ ۋە ئۇزۇنلۇقتىكى مەيدانىغا قولىمىزدىن يېتىلەپ چىقتى.

بۇ جاينىڭ كۆن چىقىش تەرىپىدىكى ئوگزىدىگە قاياقتىندۇ بىر شوتا كەلتۈرۈپ قويغان، ليۇمىڭشۇجاڭلار ئەخمەت ئەپەندىمنى شوتا ئارقىلىق ئوگزىدىگە چىقىشنى تەكلىپ قىلماقتا، لېكىن بىز ئۇنى قوبۇل قىلمىدۇق، چۈنكى، هەرهالدا بىر هىلە بولۇشى مۇمكىن، گەرچە هىلە بولمىغان تەقدىردىمۇ ئوگزىدىگە چىقىش خەۋپلىك، چۈنكى بۇدائىرىدە قەيەردە بولمىسۇن هاياتقا كاپالەتلىك يوق. چۈنكى بىرسەپىدىشىمىز سەيپىدىن ئەپەندى بۇ ۋاقىتتا

بىزنىڭ ئىچىمىزدە يوقلىغى ئۈچۈن ئەندىشە قىلىمىز. ئۇ بىزنى كېيىپ ئۆيلىتىدۇ، بۇ پۇرسەتتە، ئۇنىڭ بار-يوق-لىغىغا باھا بېرىش ناھايىتى قىيىن. بۇ ئېغىر مۇھىتتا ئەلۋەتتە، ھاياتىمىز بىللە ماماتىمىز بىللە بولۇش كېرەك ئىدى. دەل شۇچاغدا تالا تەرەپنىڭ تاقاقلىق ئىشىگى ئىچىدە "ئابدىكېرىم" دىگەن تاۋۇش ئاڭلاندى. بۇ تاۋۇش سەيپىدىن ئەپەندىنىڭ تاۋۇشى ئىدى. دەرھال ئىشىكنى ئاچتۇق. ئەخمەت ئەپەندىم سەيپىدىننى قولىدىن تۇتۇپ ئارىمىزغا تارتىپ ئالدى. شۇئاردا غۇلجىدىن كەلگەن بالىلاردىن ئۈچ-تۆرتىمۇ پەيدا بولدى.

بىز ئۆلۈمنى — خەلقىمىز يولىدىكى ئۆلۈمنى ئاللى-قاچان ئۈستىمىزگە ئېلىپ قويغان، ئۆلسەك پارلاق ئۆلىمىز. قالساق پارلاق قالىمىز. ئەمما ئۆلۈم مەنىسىز بولۇشى كېرەك ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن كىچىككىنە شۇ جايدىمۇ خەلق دۈشمەنلىرى بىلەن ئاخىرقى جەڭ قىلىشقا تەييار بىز! ئۆلسەك ئۆلۈمگە مەردلەرچە بارىمىز، قالساق ئۆلۈمىدىن مەردلەرچە قالىمىز. ھەر ئىككى مۇھىتتىمۇ ئاجىزلىق بىزگە خاس ئەمەس.

بىزدىكى بۇ روھى قىياپەتنى كۆرگەن خەنزۇ تەرەپ ۋەكىللەر ھەيران بولۇشتى. "ناماينىشچىلار"غا ۋە بولارغا يولباشچىلىق قىلىۋاتقان گومىنداڭ ھەم سەنمىنجۇيى ياشلار تەشكىلات ئەزالىرىغا، ھەربى خىزمەتچىلەرگە تارقاش توغرۇلۇق ئىشارەت بېرىلدى. ناھايىتى ئاز ۋاقىتنىڭ ئىچىدە "ناماينىشچىلار" كابىنىتنى بوشۇتۇپ تالاغا چىقىشىپ كەتتى. پەقەت بىرنەچچە ۋەكىللەردىلا قالدى، بۇ ۋەكىل-

لەرنىڭ بىرسى ئىنقىلاپتىن بۇرۇن غۇلجا گومىنداڭ پىر-
قىسىدە كاتىپلىق ۋەزىپىسىدە بولغان لىگەنسى، بىرسى
ئۈرۈمچى شەھەر كېڭەشمىنىڭ كاتىۋى، بىرسى تارباغاتاي-
دىن كەلگەن بىر كىشى، يەنە بىرسى بىرئاز ئېلىشاڭغۇ،
ئۆزىنىڭ نەدە، نىمە قىلىۋاتقانلىقىنى پەرق ئېتەلمەيدى-
غان بىر قېرى - چال بولۇپ، ئۇلار ئىلى تەرەپكە قارى-
تىپ بىر تەرەپلىمە قاتتىق تەلەپلەرنى قويدى. ئەخمەت
ئەپەندىم ناھايىتى سالماقلىق بىلەن تىلەكلەرنىڭ توغرى-
سىنى توغرا خاتاسىنى خاتا دەپ كەسكىن جاۋاپ بەردى.

خەنزۇلار بوشاشتى. ئەمدىلىكتىكى ھەممە ھەركىتىنى
زورغىلا قىلماقتا، دەرۋەقە ھېچنىمىدە ھېچنىمە يوق ھەركەتنى
توختۇتۇش، ئەكسىلھەركەتچىلەر ئۈچۈن زەربە، ئەستىن چىقماس-
لىق ئەلەم! سائەت 4 - 3 بوپقالدى. بۇ چاغدا نەنگۇەن
دەرۋازىسى ئالىقاچان ئېتىلگەن. نەنگۇەن دەرۋازىسى
ۋە باشقا دەرۋازىلار ئالدىغا 6 - 5مىڭ مۇسۇلمانلار تو-
لۇنۇپ ئالغان. ئۇلار خەلق ۋەكىللىرىنى چىقىرىپ بېرىش
توغرىسىدا ئەكسىيەتچىلەرگە قاتتىق تەلەپنى قويماقتا،
خەنزۇلارمۇ خېلى ھودۇققان، ئۇيلىماي ئىش قىلىپ ئاغرى-
ماي دەرت تارتماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزگە نەنگۇەندىكى
مۇسۇلمانلارنى تارقىتىش چارىسىنى تەكلىپ قىلماقتا.

ئەخمەت ئەپەندىم: ”بىز سالامەت، ئەندىشە قىلماڭ-
لار، تارقاپ كېتىڭلار!„ دەپ ئىمزاسىز خەت يازدى. ئۇلار
تارقىغىنى يوق، ئۇلار تېخى بۇنى ”خەنزۇلارنىڭ ھىيلىسى„
دەپ پەرەز قىلماقتا. نەنگۇەندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تارقاپ
كەتمەسلىكى خەنزۇلارنى قاتتىق ئەندىشىگە سالدى. خۇسۇ-

سەن شەھەر ئىچىگە سولۇنۇپ قالغان نەنگۈەندە ئۆيى بارلار ئارىسىغا تېخىمۇ قاتتىق ئەندىشە پەيدا قىلدى. شۇنداق قىلىپ خەلق ۋەكىللىرىنىڭ بېشىغا سېلىنماقچى بولغان خەۋپ، خەنزۇ ئەكسىلھەركەتچىلىرىنىڭ بېشىغا چۈشتى. بۇ چاغدا خەنزۇ ئەكسىلھەركەتچىلىرىنىڭ رەڭگى - روھىدىن، بۇ ئاقىۋەتنى ئالدىن كۆرەلىگەن بولسا، شۇڭكى نامايىشنى پەقەت تەشكىل قىلماسلىغىنى ھېس قىلىپ بولىدۇ. پۈتۈن يۈزلۈك ئەندىشە خەنزۇلار ئارىسىدا ھۆكۈم سۈرمەكتە.

ئەلۋەتتە دۈشمەننىڭ چارچىغان، بوشاشقان ۋە ھودۇققان ماھىيىتىنى ئىگەللەپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش لازىم. چۈنكى بۇ مومەنت چېكىنىش — ئاتاكىغا، خەۋپ — غەلىبىگە ئايلىنىدىغان مومەنت ئىدى. سوزدە ئاتاكىغا ئۆتۈش كېرەك. كۆرەشلەردىكى مۇنداق مومېنتتا كوپ ۋاقىت سوز زەمبىرەك سۈپىتىنى ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن «نامايىشچىلار ۋەكىللى»گە ئالدىمىزدا ئىككى يول بار. شۇنىڭ ئۈچۈن بىرىسىگە مېڭىش كېرەك. ئۇنىڭ بىرى، ئەگەرسىزلەر تېچلىقنى خالىساڭلار، دەرھال چىقىپ «نامايىشچىلار»نى تارقىتىڭلار، بىزھەم چىقىپ نەنگۈەندىكى مۇسۇلمانلارنى تارقىتايلى! بۇ تېچلىق — سائادەت يولى، يەنە بىرسى، سىلەر بۇ ھەركەتنى داۋام قىلدۇرۇڭلار، بىز قاراڭغۇ چۈشكەنگە قەدەر چىقمايلى، بۇ دەھشەتلىك پاجىئە يولى، دەپ پىكىر بەردىم. كوپچىلىك بۇ پىكىرنى ياقلىدى، خەنزۇلار تېخىمۇ بوشاشتى. سوزنىڭ باش - ئايىغىنى تۇگەتمەي چىقىپ كەتتى.

هوكۇمەت ئەزالىرى دەم ئېلىش خانىسىدا تامـاق تەييارلىنىپتۇ، تاماققا چىقتۇق. سالىس، جانىمقانلار پرو- پوسكا (تۇلكە تۇماقلار)نى قولتىغىغا قىسىپ ئـولتۇرۇشتى. بۇلاريەنە ناماييش بولۇشنى بىلسە كېرەك. شۇنىڭ ئۇچۇن پروپوس- كىدىن ئايرىلماي ئولتۇرۇشىدۇ. تېخى تاماقتىن تۇرمىغان ئىدۇق، يەنە بىر توپ ئادەم ۋاقىردىشىپ ئىچكىركى هويلىغا كىرىپ كەلدى. ئاڭغىچە داڭبىگاڭ: «ناماييشچىلار تارقىغىلى ئۇنى- ماي، يەنە بـېـسـىـپ كىرىپ قالدى» دەپ خـەۋەر يەتـ- كۈزدى ۋە ئـەخمەت ئـەپەندىمنىڭ چىقىـپ، بىر ئىككى ئېغىز سوز قىلىشىنى تەكلىپ قىلدى. بىز «ناماييشچىلار- نىڭ ۋەكىلى» كىرىشنى تەكلىپ قىلدۇق. داڭبىگاڭ چىقىپ: «ۋەكىل كىرگۈزۈشكە ئۇنىمىدى، ئـەخمـەت ئەپەندىمنىڭ چىقىشىنى قاتتىق تەلەپ قىلىۋاتىدۇ» دەپ يېنىپ كىردى. داڭبىگاڭ ۋە بىرنەچچە خەنزۇ هوكۇمەت ئەزالىرى ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ چىقىشىنى ياقلىدى. ليـۇمىشۇجاڭ بـاشلىق بىرنەچچىسى ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ چىقماسلىقىنى ياقلىدى. ئەخمەت ئەپەندىم چىقىشقا قارار قىلـدى، يـۈردى. بىز توسىدۇق ـ قارشىلىق قىلدۇق، شۇنداق قىلىپ، نـەتىجىدە بىر پـۈقرا خەنزۇ ۋەكىل بـولـۇپ كىردى. ئـۇ كىرىش بىلەنلا يىغلاپ تۇرۇپ «مەن بـۇ «ناماييش»نىڭ قـانداق ئۇيۇشتۇرۇلغانلىقىنـى بىلمەيمەن، هازىر نەنگۈەنگە پۇتۇن مۇسۇلمانلار توپلانغان، سىزلەر چىقىپ ئۇلارنى تارقاتمى- ساڭلار، ئۇلار بۈگۈن نـەنگۈەندىكى چوڭ ـ كىچىك بىگۈنا خەنزۇلارنى قىرىپ تاشلايدۇ. هەتتا هازىر قـان توكۇشلەر بولغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر بار. مېنىڭ ئۇيۇم نەنگۈەندە

بولۇپ كىچىك بالىلىرىم بار ئىدى. سىز قانداق قىلىپ
بولسىمۇ چىقىپ، نەنگۈەندە قان تۆكۈلۈشىنىڭ ئالدىنى
ئېلىشىڭىزنى سورايمەن؟„ دېدى. ئۇنىڭغا نەنگۈەنگە چىقىش
توغرىسىدا جاۋاپ بەردۇق. خوشال بولۇپ چىقىپ كەتتى.

داڭبىڭگاڭ بۇ «نامايىشچىلار» ئىچىدىن پۇقرالارغا
ۋەكىل بولالايدىغان بىر كىشى تاپالماي ھېلىقى ۋەكىل
بولۇپ كىرگەن خەنزۇنى تالادىن تۇتۇپ كىرگەن بولسا
كېرەك. «نامايىشچىلارنىڭ ۋەكىلى» بولۇپ كىرگەن ئادەم
قانائەتلىنىپ چىقىپ كەتسىمۇ، لېكىن «نامايىشچىلار»
تېخى تارقىغىنى يوق. يەنە تەكرار-تەكرار ئەخمەت ئەپەندىم
چىقمىسا، بىزنىڭ سالامەتلىگىمىزگە كاپالەتلىك بەرسۇن!
دىگەن تەلەپلەرنى تاشلىماقتا. ئەخمەت ئەپەندىم ”مۇسۇل-
مانلارنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە كاپالەتلىكنى ئۈستىمىزگە
ئالالايمىز!„ دەپ خەت يېزىپ بەردى. خەتكە ئۇنىماي،
”ئەخمەت ئەپەندىم ئۆزى چىقسۇن!„ دەپ ۋاقىراشتى.
ئەخمەت ئەپەندىم خەتنى قولىغا ئالدى-دە يىرتىپ
تاشلاپ: ”قولىدىن كەلگىنىنى قىلسۇن!„ دەپ پەرۋاسىز
ئولتۇردى. بۇ چاغدا داڭبىڭگاڭ پىلانىنىڭ رەسۋالارچە تار-
مار بولغانلىغىغا تىت-تىت بولۇپ، شۇ قەدەر ئەخمىقانە
ھەركەت قىلدىكى، ھەتتا ئۆزىنىڭ ئەنە شۇ «نامايىشچى-
لار»غا قوماندانلىق قىلىۋاتقانلىغىنى يوشۇرۇشقىمۇ ئىق-
تىدارى قالمىدى.

ئەكسىلھەركەتچىلەرنىڭ پىلانى رەسۋالارچە تار-مار
بولدى. بۇ ئەلۋەتتە ئۇلارنى تېخى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈز-
مىگەن قاتتىق ئەلەم قاينىمىغا سالدى. بۇ ئەھۋال شۇ

كەزدە دۇنيادا ئـەڭ ئەلەملىك ۋە ئـەڭ ئېغــىر ئىش،
كىشىگە سالغان تۇزاققا ئۆزى چـۈشۈپ قېلىش ئىكەنلىـ
گىنى ھەممىگە سەزدۇرمەكتە. ئەكسىلھەركەتچىلەرگە ئەلەمـ
نى ئالىدىغان قاچا يوق. بۇلارنى ئەلەم بىلەن نەنگۇەنـ
دىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەركىتى ئامبۇردەك ئىككى چىكىـ
سىدىن قىسماقتا، كوزلىرى ئېتىلىپ چىقىپ كـەتكەندەك
كورۈنىدۇ. ئۇشتۇمتۇت بەزگەك كېسىلىگە گىرىپتار بولدى.
بەزگەك بىردەم قىزىتىدۇ، بىردەم مۇزلىتىدۇ، يـۈزلىرىنى
مونچاقتەك تەر باسقان، بۇلاردىن خـۇسـۇسەن داڭبىگاڭ
شۇنداق ئېغىر ئەھۋالدا قالدىكى، ھەتتا بۇرنىغىمۇ ئىگىـ
دارچىلىق قىلالمايدىغان بولۇپ قالدى.

ئەلۋەتتە دۈشمەن پىلانىنىڭ رەسۋالارچـە تار ـ مار
بولغان مومېنتىنى ئىگەللەپ، تۇرلۇك شەكىلدە ـ يـاكى
قاتتىق سوز بىلەن، ياكى مەسخىرىلىك خاراكتىرىدىكە ئىگە
سوز بىلەن ئاتالغىغا ئوتۇش، غايەت زور مەنىلىك تەسىر
بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن بىز ئـوزئارا چـاقچاق قىلىشىپ،
ئۇلارنى كىملەرگىدۇ ۋە نىمىلەرگىدۇ ئوخشۇتۇپ كۈلۈشىـ
ۋاتىمىز، بىزنىڭ بۇ ھەركىتىمىز بىچارىلەرنى بىر سـۇغا
تاشلايدۇ، بىر سۇدىن تارتىپ ئالىدۇ، ئەلۋەتتە دەرتنىڭ
تەمىنى دەرتنى تارتقان ئادەم بىلىدۇ.

داڭبىگاڭ يەنە ئەخمەت ئەپەندىگە: «نامايىشچىلار»
كەتكىلى ئۇنىماي تۇرىدۇ، ئۇزىڭىز بىر چارە كورمىسىڭىز
بولمايدىغان ئوخشايدۇ» دىدى. ئەخمەت ئەپەندىم بـۇ ـ
ئەخمەقلەرگە سوزنى بىلىگە تۇگۇپ قويمىغىچە چۈشەنمەيـ
دىغانلىغىنى ھىس قىلدى ـ دە، سوغاق قـانلىق بىلەن

خۇددى ھىچنەرسىلەرگە يولۇقمىغان ئادەمدەك داڭبىڭگاڭغا
قاراپ: ”سىزگە ھازىر ئىككى يـول بـار، بىرسى چىقىپ
ئەسكەرلىرىڭىزگە ”كروگوم شاگوم ئارش!„ دەيسىز، ئۇلار
چىقىپ كېتىدۇ. بىز چىقىپ نەنگۇەندىكى خەلقنى تارقىتىـ
مىز. تېچلىق بولىدۇ. يەنەبىرسى، ئىشىكنى ئېچىپ ئەسـ
كەرلىرىڭىزنى قويۇپ بېرىسىز، ئـۇلار بىزنى ئـۇلتۇرىدۇ.
بۈگۈن ئۈرۈمچىدە، ئەتىدىن تارتىپ پۈتۈن ئۆلكىدە قان
توكۈلىدۇ، مانا شۇ. ئىككى يولنىڭ قايسىسىنى خالىسىـ
ڭىز بىرىنى تاللاپ ئېلىڭ ...„، ”بىز ئۆلۈمدىن قورقمايـ
مىز، بىز ئۆلۈمنى ئاللىقاچان ئۈستىمىزگە ئالغان ئادەمـ
لەرمىز، ھازىر بىز ھايات قالساق ھەم خەلققە پـايـدا،
چۈنكى بىتىم بويىچە خەلقنىڭ ئـەركىنلىكىنـى تـەمىن
قىلىمىز. ئـولسەك ئۈنىڭدىن ئارتۇق پايدا، چۈنكى بـۇ
مۇناسىۋەت بىلەن خەلق قـوزغىلىپ، بـۇ قېتىم بىتىمدىن
كوره ئارتۇغراق، يەنى تولۇق ئازاتلىقىنى ئالىدۇ. بىزنىڭ
قېنىمىز خەلققە ئازاتلىق كەلتۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ، ئەلۋەتتە بىز
ئۈچۈن شەرەپلىك ئۆلۈم بولىدۇ.„ دىدى. بۇسوزبىزگە ئىنقىلا-
ۋى روھبەردى. ئەكسىلەھەركەتچىلەرگە قاخشاتقۇچ زەربە بولدى.

بۇ يەردە ۋاڭ تىڭجاڭنىڭ «ئۈلۈغلىغىغا» ئاپىرىن!»
چۈنكى ئۇنىڭ كوزى «ناما يىش» باشلىنىش بىلەنلا «ناما-
يىش» نىڭ كېيىنكى تەقدىرىنى كورسۈتۈپ بەرگەن ئىدى.
ئەلۋەتتە بۇ ئوڭاي ئەمەس!

سائەت 5 بولدى، نەنگۇەن دەرۋازىسى ئالدىغا توپـ
لانغان ئۈيغۇرلار خەلق ۋەكىللىرىنى چىقىرىش توغرىسىدا
قاتتىق تەلەپ قىلىپ تۇرماقتا.

«نامايىشچىلار» تارقالدى. بىز نەنگۈەنگە چىقماقچى بولدۇق. لېكىن ليۇ مىشۇجاڭ مۇھاپىزەتچى كەلتۈرۈش توغرىسىدا بۇيرۇق بەرگەن ئىدى. شۇلار كەلگەنگە قەدەر كۈتۈپ تۇرۇشنى تەكلىپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ھەممىمىز ئورنىمىزدىن تۇرۇپ ئوي ئىچىدە، ئۇياقتىن بۇياققا مېڭىشىپ يۈردۇق. ئارىدا سوز - چاقچاق داۋام قىلماقتا، چاقچاق تۈلكە قۇلاقچىنى ھاياتنىڭ پاناسى قىلىپ ئالغانلارغىمۇ تەگمەكتە. لېكىن ئېقىلسىزلار بۇنى سەزمەيدۇ. ئۇلار ئىغۋانىڭ ئاقىۋىتىنى ئۇنۇتقان ھالدا، بۈگۈن ھوكۈم سۈرگەن ئىغۋادىن شوھرەتلەنمەكتە. بۇ تەبىئى ئىدى. چۈنكى بۇلار ۋەقەلىكنىڭ بىر پۈتۈنلىگىنى سېزەلەيدىغان ئىنسانلاردىن ئەمەس، پەقەت ۋەقەلىكنىڭ ئايرىم - ئايرىم ھالىتىنى چۈشۈنەلەيدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، بۇلارنى شۇ كۈنكى بىزنىڭ كۆرەش نىشانىدىكىلەر قاتارىدا ساناشقا ئەرزىمەيدۇ.

چارچىغان دۈشمەنگە دەم بېرىش كېرەك ئەمەس، ئەكسىنچە تېخىمۇ دىمىقتۇرۇش لازىم. ئەخمەت ئەپەندىم بۇ موھىتنى چىقىرلىك بىلەن ئىگەللەپ ئالدى - دە، نەنگۈەنگە يۈرۈش ئالدىدا شۇنداق دىدى: "بۈگۈنكى ئويۇننى تەشكىل قىلغان ئادەملەر ئوزلىرىنىڭ ئوسال بولۇپ قېلىشىنى ئاۋالراق ئويلىماپتۇ. قىزىق بىر ھىكايە ئېسىمگە چۈشتى، بىر گېنېرال ئوزىنىڭ ئوفىتسېرلىرىنى سىنىماق بولۇپ بىر كۈنى ئوفىتسېرلەرنى ئويىگە چايغا ئېيتىپ، ئۇستەلنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر سوغاق تاماق تەييارلاپ، ئۇنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇن بىر گرانات بېكىتىپتۇ.

گراناتت پاختا بەن بىلەن تەييارلانغان ئىكەن. ئوپىتسېر-
لەر ئۈستەلگە تاماققا ئولتۇرۇپ، بىرسى ۋىلكىنى تاماققا
سانچىغان ئىكەن، ھېلىقى گىراناتقا سانچىلىپ بىردىنلا پارتلاپ
كېتىپتۇ، ئوفىتسېرلەردىن بىرسى ئۈستەل ئاستىغا، بىرسى
تاشقىرىغا، بىرسى كارۋات تىگىگە قېچىپ موكۇۋېپتۇ،
يالغۇز بىر ئوفىتسېر ئورنىدىن قوزغالماي ئولتۇرۇپتۇ.
گېنېرال ھەممىسىنى يىغىۋىلىپ: «مەن بۈگۈن سىزلەرنى
سىنىماقچى ئىدىم، غەيرەتىڭلار ياخشى بولمىدى. ھېلىقى
ئوفىتسېرنى كورسۈتۈپ: «غەيرەت مانا مۇنداق بولىدۇ. بۇ
ئوفىتسېرنى خالىغانچە مۇكاپاتلايمەن، خوش سىزگە نىمە
كېرەك؟ ئېيتىڭ، دىگىنىڭىزنى بېرىمەن» دەيدۇ. ھېلىقى
ئوفىتسېر ئورنىدىن قوزغالماي ئولتۇرغىنىچە چاس بىرىپ:
«مۇھتەرەم گېنېرال! ھازىر ماڭا دۇنيادا ئەڭ ئارتۇق ۋە
قۇدرەتلىك نەرسە شۇكى ماڭا بىر دانە تامبال بەرسىڭىز،
يەڭگۇشلەپ ئالسام!...» دەپتۇ. بۈگۈن مانا شۇ ۋەقەنىڭ
دەل ئۆزى بولدى!...» دىدى. مەن بۇ ھىكايىنى تەرجىمە
قىلىپ بەردىم. ئۇلار پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئاڭلىدى.
بۇ چاغدا بىز ھەممىمىز قاقاخلىشىپ كۈلۈشۈپ كەتتۇق.
ئەكسىيەتچىلەرگە تېخىمۇ قاتتىق ئەلەم بولدى. زورغا
كۈلۈپمۇ قويدى. يەنە باشقىدىن مۇردىلىرىنى قوروپ بەز-
گەك تۇتۇشقا باشلىدى، تەرباستى. بەختكە يارىشا، يۈزى-
دىكى چىپ-چىپ ئېقىۋاتقان تەر كوزى بىلەن بۇرنى-
دىن كەتكەن ياشقا دالدا بولماقتا. دەرھەقىقەت بۇچاغدا،
بىچارىلەرنىڭ تەر بىلەن مەجبۇرى كۈلكىدىن باشقا ھېچ-
قانداق مۇداپىئە قۇرالى قالمىدى

سائەت 5 يېرىم بولدى، كۈن ئولتۇردى. بىز كىچىك-مەي نەنگۈەنگە چىقىپ، خەلقنى خاتىرجەم قىلىشىمىز كېرەك. ئۈرۈمچى شەھرىمۇ تەبىئى ۋەسىياسى تۇماندىن ئازات بولدى. شەھەرئىچى كوچىلارنىڭ ئىككى تەرىپىگە مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلەر تىزىلغان. كوچىدا يۈرۈش قىلغان ھېچكىم يوق. خەنزۇ پۇقرالار ئىشىكلىرىدىن مارىشىپ تۇرىدۇ. بىز ماشىنا بىلەن قاتار تىزىلىشىپ، نەنگۈەنگە قاراپ يۈردۇق. دەرۋازا ئېچىلدى. نەنگۈەنگە چىقتۇق، مۇسۇلمانلار ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئالدىغا توپلانغان، قاتتىق ئالقىش ۋە ھوررا ئاۋازى بىلەن قارشى ئالدى. خەلقنىڭ بەزىلىرىدە تېخى ئەندىشە تارقىمىغان، كوزلىرىدە ياش، بەزىلىرى بىردىنلا خوشاللىنىپ چىرايلىرى شاتلىق بىلەن تولغان، خەلق بىزنى ئوراپ ئالدى. ئەخمەت ئەپەندىم ماشىنا ئۈستىگە چىقىپ: "موھتەرەم قېرىنداشلار! ئەندىشە قىلماڭلار! قورقماڭلار! ئىنشائاللا مۇسۇلمانلارنىڭ يولى ئاق، ئىستىقبالى پارلاق، قورقماسلىق لازىم، تېچلىق يولى بىلەن ھەقىقەتنى تەلەپ قىلىش كېرەك!" دىگەن مەزمۇندا سوزلىدى. ئالقىش ئۈستىگە ئالقىش، ھوررالار "رەھبىرىمىز ئەخمەت ئەپەندىم ياشىسۇن!" دىگەن شوئارلار كوككە ياڭرىدى.

سائەت 8 بولدى. سائەت 6 دىن باشلاپ ھەربى ھالەت ئېلان قىلىنىشى توغرۇلۇق خەۋەر بەرگەن ئىدى. خەلقنى تارقىتىش لازىم. لېكىن ئۇيغۇر كلۇبىدا ناھايىتى نۇرغۇن ئادەم بىزنى كۈتمەكتە، كلۇپقا كىرىش توغرى كەلدى. خەلق "ھۇررا، ياشىسۇن ئەخمەت ئەپەندىم!"،

”ياشىسۇن ئۇلكە خەلقىنىڭ ئازاتلىغى!„ ، ”ياشىسۇن ۋە كۈچلەنسۇن ئۇلكىمىزدە ھەقىقى خەلقچىلىق!„ ، ”ئەكسىل-ھەرىكەتچىلەرگە ئۆلۈم!„ دىگەن شۇئارلار بىلەن قارشى ئالدى.

ۋاقىت كەچ بولۇپ قالدى، مەجلىسنى ئۇزۇنغا سوزۇش مۇمكىن ئەمەس! يۈرىگىدە ئوت يېنىپ تۇرغان خەلقنى بېسىش لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەخمەت ئەپەندىم كلۇپتىكى خەلققە: ”موھتەرەم قېرىنداشلار، بىز ھەققانىيەت ئۈچۈن قوزغالغان، ھەققانىيەت ئۈچۈن جان بېرىمىز. بىز ئۇلكە خەلقىنىڭ ئىنسانى ھوقۇقى ۋە ئەركىن ھاياتى ئۈچۈن قان ئايىمىغان، ئەمدىمۇ ئۇلكە خەلقىنىڭ ئىنسانى ھوقۇقىنى ۋە ئەركىن ھاياتىنى ساقلاش ۋە ئوستۇرۇش ئۈچۈن جان ئايىمايمىز! بىزنىڭ ئىشىمىز ھەق بولغىنى ئۈچۈن بىزنىڭ يولىمىز ئاق، ئىستىقبالىمىز پارلاق!„ دىگەن مەزمۇندا سوزلىدى.

خەلق تەنتەنىلىك شۇئار ۋە ئالقىشلار بىلەن بىزنى ئۇزاتتى. مەجلىس تارقالدى.

# قەشقەر تارىخىدىكى «فېۋرال پاجىئەسى»

مۇھەممەت ئىمىن قۇربان

جەنۇبى شىنجاڭ مۇھاپىزەت باش قوماندانى (باۋۋېي زۇڭسىلىڭ) خوجانىيازھاجى 1934 - يىلى 1 - ئاينىڭ 12 - كۈنى قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن ئىدى.

شۇ كۈنلەردە قەشقەر يېڭى شەھەردىكى ماجەنساڭ (چولاق زىخۇي) غا قارشى «يېڭى شەھەر» سوقۇشى بولۇۋاتاتتى. بۇ ئۇرۇش باشباشتاقلىق، ئىتتىپاقسىزلىق ۋە ئىچكى - تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق سېلىشى تۈپەيلىدىن بىر تەرەپ بولمىغان ئىدى. گەرچە بۇ ئۇرۇش باشلانغىلى 60 نەچچە كۈن بولغان، «يېڭى ھۆكۈمەت» (شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى) نىڭ جىددى سەپەرۋەر قىلىشى بىلەن كۈچەيتىلگەن بولسىمۇ، يېڭى شەھەردىكىلەر تېخى تەن بەرمەيۋاتاتتى.

خوجانىياز ھاجىنىڭ قوشۇنلىرى قەشقەرگە كېلىپلا يېڭى شەھەر مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىشقا جىددى تۇتۇش قىلدى - دە، بىر نەچچە كۈن ئۆتمەيلا ئۇنۇم كۆرۈشكە باشلىدى. ماجەنساڭ تەرەپ چېكىنىپ سېپىل ئىچىگە موكۇنۇشقا مەجبۇر بولدى. دەل شۇ كۈنلەردە ما-

فۇيۇەن باشچىلىغىدىكى 3 پولك ئەسكەر ئاقسۇدىن قەش-
قەرغە كېلىۋاتاتتى. خوجانىياز ھاجى ئۇلارنىڭ ئالدىنى
توسۇش ئۈچۈن مارالۋېشى، پەيزىۋاتلاردا كۈچلۈك قارشىلىق
قىلغان بولسىمۇ مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچرىغان خوجانىياز -
ھاجى ئەسكەرلىرىنى باشلاپ بىر كېچىدىلا قەشقەردىن كې-
تىپ قالدى.

خوجانىياز ھاجى 28 - يانۋار كۈنى كېچىسى بىر
بولۇك كۈچىنى ئېلىپ يەكەنگە كەتتى. مەھمۇت موھىتى
ئاساسى كۈچى بىلەن يېڭىسارىدىكى خوتەنلىك ئەمىرلەر
بىلەن ھەمكارلىشىشقا قالدى. «يېڭى ھوكۈمەت» نىڭ
باش ۋەكىلى ساۋۇت داموللا ئاساسى كۈچىدىن ئايرىلغان
ھالدا يېڭىساردا بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن يەكەنگە
كەتكەن ئىدى. «يېڭى ھوكۈمەت» قارمىقىدىكى قوشۇنلار-
دىن قەشقەر شەھەر مۇھاپىزەت قوماندانى (چىڭپاڭ سى-
لىڭ) كىچىك ئاخۇن ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ ئاستىن ئا-
تۇشقا، «زىرائەت نازىرى» ئوبۇل ھەسەن ھاجى (موساباييوپ)
زەيدىن كارۋان باشچىلىقىدىكى قوشۇنلىرىنى ئېلىپ ئۈس-
تۈن ئاتۇشقا، «دولەت مۇداپىئە نازىرى» قىرغىز ئوراز بەگ
قىرغىز ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ ئۇلۇغچات تەرەپكە، «قەشقەر
گارنىزون قوماندانى» ئوزبەك يۇسۇپجان قور بېشى ئەس-
كەرلىرىنى ئېلىپ يېڭىسار تەرەپكە كەتتىدە، قەشقەر شەھە-
رى مافۇيۇەن قىسىملىرىغا ئوچۇق قالغان ئىدى. بۇ چاغ-
دا شەھەردىكى بايلار قولىغا چىققاننى ئېلىپ چەتكە قاچ-
تى. ئىمكانىيىتى بارلار شەھەرنى تاشلاپ يېزىغا چىقىپ
كېتىشتى. ئىمكانىيىتى يوق كاسىپلار، كەمبەغەللەر...شەھەر

ئىچىدە قالغان ئىدى. ئۆزبېك يۈسۈپجان قور بېشى باش
باشتا قىلىق قىلىپ، ھېچكىمگە يولەنمىگەن ھالدا تۇنگان-
لار بىلەن يەنە بىر قېتىم ئېلىشماقچى بولدى. خوجانىياز-
ھاجى قەشقەرغە كەلگەندە ھاجى ئاكا!...دەپ يۈرۈپ نۇر-
غۇن مىلتىق، ئوق - دورىلارغا ئىگە بولغان يۈسۈپجان،
خوجانىياز ھاجىنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلىپ يېرىم يول-
دىن قايتىپ يولنى تاشلىماق تەرەپكە سالدىدە بوراختاي
(بولاقسۇ) ئەتراپىغا ئورۇنلاشتى ۋە بىر قىسمى شەھەر
ئەتراپلىرىغا سۇقۇنۇپ، يەرلىك دىخانلارچە كىيىنىپ
خەلققە ئارىلىشىپ يۈرىۋەدى.
مافۇيۈەن ئۆز قوشۇنلىرىنى باشلاپ، قەشقەرگە يېتىپ
كېلىپلا كونا شەھەرنى ئىشغال قىلدى. ئۇنى قەشقەرنىڭ
ھاكىمى (شەنجاڭ) ياقۇپ بەگ لاۋسى، ئىبراھىم لوزۇڭ
باشچىلىقىدىكى بىر تۈركۈم بايلار شەھەر سىرتىغا چىقىپ
قارشى ئېلىپ شەھەرگە باشلاپ كىردى. مافۇيۈەننىڭ ئەس-
كەرلىرى، شەتەي يامۇلى بىلەن داۋتەي يامۇلىغا ئورۇن-
لاشقان بولسىمۇ بىر قىسمى شەھەر ئىچىدىكى تىجارەتچى-
لەرنىڭ سودا - سارايلىرىغا ئومۇمەن ھېيتكا مەيدانى ئەت-
راپىغا ئورۇنلاشتى. مافۇيۈەن گەرچە قەشقەر شەھرىنى ئى-
گەللىگەن بولسىمۇ سېپىل ئىچىگىلا ھۆكۈمران ئىدى.
دەرۋازا تېشىغا ھوكمى ئۆتمەيتتى. ئەسكەرلىرىنى قىشلىق
كىيىندۈرۈش ئىشى مۇھىم بولغاچقا شەھەردىكى بارلىق
كاسىپلەرنى يىغىۋالدى. كىيىم تىككۈچى، موزدوز، بوياقچى،
ئىگەرچى، تاسىمچى، ياغاچچى ھەتتا تۈگمە ياسايدىغان
ئۇستىلارغىچە ھايداپ كېلىپ سارايلاردا بېسىۋالغان چەك-

مەن - ماتالاردىن كىيىم تىكتۈردى. مىلتىققا تاسما، ئاتـ
لارغا ئېگەر ياساتتۇردى. كاسىپلەرنى قۇرۇق جىگەمۇما بىـ
لەن ئاچ - توق قويۇپ ئىشقا سالدى. يـاخشى ئىشلىمىسە
مىلتىقنىڭ پاينىگى بىلەن ئۇردى. بالا - چاقىلىرى بىلەن
كورۇشتۇرمىدى. ھەتتا ئۆيىدىن كەلگەن تاماقنى ئالدۇر-
ماي قاتتىق ئازاپ سالغان ئىدى. مـافۇيۇەن قوشۇنلىرىغا
ئوزۇقلۇقنى يېزىلاردىن ئالاتتى. يېزىلارغا قوراللىق ئەسـ
كەر چىقىرىپ ئوتۇن، سامان يىغدۇراتتى. بەزىدە ئۇنـىڭ
قوراللىقلىرى يېزىلاردا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمغا ئـۇچراپ قې-
چىپ كېلەتتى. يېزىلاردىن بولۇۋاتقان ئـۇشتۇمتوت ھۇجۇم
بارغانسېرى شەھەر بىقىنىغا يېتىپ كەلدىدە، تۇمەن دەر-
ياسىغا ئېلىپ چىققان ئاتلىرىنى ھۇجۇمچىلار تارتىپ ئې-
لىپ كېتەتتى. مافۇيۇەن بۇ ئەھۋاللارنى ئوڭشاش ۋە شە-
ھەر خەلقىنى باستۇرۇش ئۈچۈن بەگ، پـاششەپ، مىرشەپ-
لەردىن كەڭ پايدىلاندى. قەشقەرنىڭ بۇرۇنقى ئـاتـاغلىق
باجگىرى ئىبراھىم لوزۇڭنى شەھەر مۇھاپىزەتچى قوماندانى
(چىگفاڭ سىلىڭ) قىلىپ تەيىنلىدى. ئىنقىلاپچىلار سېپى-
دىن قېچىپ كەلگەن رىشتەمنى پارتىزانلار ئەترىتىنىـڭ
قوماندانى (يۇيجى سىلىڭ) قىلدى. رىشتەم ئـاستىن ئا-
تۇش تىجەنلىك بولۇپ بۇرۇن دۇمبىلاقچى (ئىشەكچى كى-
راكەش) بولۇپ، فەرغانىغا چىقىپ قىرغىزىستاندىن چىققان
جانىبەك قازىنىڭ ئىسيانچىلىرىغا قـاتناشقان، كېيىن قې-
چىپ كېلىپ قىمارۋازلىق قىلغان، شۇ يىـللاردا كىچىك
ئاخۇن بىرىنكادىسىدا لىيەن دەرىجىلىك ئەمەل تۇتقان، كى-
چىك ئاخۇن شەھەردىن چېكىنگەندە 30 دەك قورالـلىق

ادەمنى ئەگەشتۈرۈپ شەھەرگە قېچىپ كىرىپ تۇنگانلارغا تەسلىم بولغان ئىدى. مافۇيۇەن شەھەر ئەتراپىدىكى ھۇ-جۇمچىلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن نەيرەڭ ئىشلىتىپ ئا-تۇشتىكى كىچىك ئاخۇن تۇەنجاڭنى يوقۇتۇش ئۈچۈن 6 - فېۋرال شەنبە كۈنى تاڭ سەھەردە ئاتۇش تەرەپكە ئەسكەر ماڭدۇردى. شۇ كۈنى قار يېغىۋاتاتتى. بۇلارنىڭ ئارقىسى-دىن يېڭى شەھەردىكى ماجەنساڭنىڭ ئالا يـامـاق چاپان كەيگەن ئەسكەرلىرى كېلىپ ھېيتكادىن ئۆتۈپ شەرق تە-رەپكە مېڭىپ كەتتى. بۇ ئىككى قوشۇن ئـەمەلىيەتتە ئا-تۇشقا بارمىغان ئىدى. مافۇيۇەن ئاپپاق خوجامىنىڭ ئار-قىسىدىكى چوڭ يول بىلەن بۇچا تەرەپكە كېتكەن بولسا، ماجەنساڭ ئۆز قوشۇنىنى ئېلىپ دولەت بـاغ رايونى ئار-قىلىق يېڭى شەھەرگە كەتـكـەن ئىدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئۆزبېك قوشۇنلىرى باشلىقلىرىدىن قوچـقـار بـاي، ئوزبېك، ئۇيغۇرلاردىن تەركىپ تاپقان يۈز نەپەر پىدائى-لارنى باشلاپ شەھەرگە باستۇرۇپ كىردى. ئۇلار ئىككى يول-غا بولۇنۇپ رەستىدىكى مۇسابايۇپلارنىڭ سودا سـارىيىغـا ئورۇنلاشقان تۇنگان بىرىنگادا شـتابىنى قولغا چـۈشۈردى. يەنە بىر بولىگى توقمىزاق دەرۋازا گوزىرىدىكى مـوللاخۇن ھاجى سارىيىغا ئورۇنلاشقان تۇنگان پولك شـتـابىنى ئىش-غال قىلدى. بۇ ئىككى شـتاپتا بىر نەچچە نـەپەرلا ئادەم قالغان بولغاچقا ئۆزبېك پىدائىلىرى ئاسانلا قولغا چۈشۈ-رۈۋالدى. پىدائىلەر يەنە ئىككىگە بولۇنۇپ شەتەي يامۇ-لى بىلەن داۋتەي يامۇلىغا ھـۇجۇم قىلدى. داۋتەي يا-مۇلىدىكى زىخۇيچىلار (تۇنگانلار) يامۇلىنىڭ تاشقارقى ھوي-

ۋىسسىغا چاقلىق پىلىموت قۇرۇپ ئات سېلىپ كەلگەن پى-
دائىلارنى ئوققا تۇتتى، بىر قانچىسىنى ئۈژمىدەك توكى-
ۋەتتى. قالغان پىدائىلار تۆت تەرەپتىن ئوراپ ھۇجۇم
قىلدى. زىخۇيچىلار ھەم ئۇلارغا قارشى مۇداپىئەلەندى.
ھەر ئىككى تەرەپ ئۇرۇش قىلىشقا باشلىدى. پىدائىلار-
نىڭ شەھەرگە كىرىشى بىلەن نۇرغۇنلىغان «ئامىن» چىلەر
گۇرۇھى پەيدا بولدى. قوللىرىغا كالتەك، پالتا - كەتمەن
ئېلىشىپ پىدائىلارگە قوشۇلدى. بۇ گۇرۇھ بارغانسېرى
كۆپەيدى. ئەتراپ يېزىلاردىن كىرىشكە باشلىدى. بۇ «ئا-
مىن» چىلەر داۋتەي يامۇلىنىڭ ئەتراپىدىن يامغۇردەك
ئوق يېغىپ تۇرۇشىغا قارىماي ئامىن تۇۋلاپ دۇشمەنلەر-
نى قىستاپ بارماقتا ئىدى. ئۇرۇش شۇ خىل تىركىشىش
بىلەن بىر نەچچە سائەت داۋام قىلدى. لېكىن پىدائىلار
شەھەر دەرۋازىلىرىغا سەل قاراپ ئىچىدىن زەنجىرلەپ قو-
يۇش بىلەنلا قانائەتلەنگەن ئىدى.

ئاتۇشقا بېرىش داغدۇغىسى بىلەن شەھەردىن چىققان
مافۇيۇەن بەشكىرەم ئاغزىغا جايلاشقان ئۇزۇن سايغا يې-
تىپ كەلدى. «شام پادىشا» دېگەن مازارنىڭ ئالدىغا كې-
لىپ توختاپ بىر نەمە كۈتكەندەك شەھەر تەرەپكە قاراپ
تۇردى. دەل شۇ ۋاقىتتا چاپارمەنى يېتىپ كېلىپ شەھەر
ئەھۋالىدىن خەۋەر يەتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن مافۇيۇەن
شەھەرگە قاراپ يول سالدى. ئۇلار شەھەرگە يېتىپ كەل-
گەندە داۋتەي يامۇلىدا ئۇرۇش داۋام قىلىۋاتاتتى. بۇلار
سېپىل ئۈستىدە قاراۋۇلنىڭ يوقلىقىنى كۆرۈپ «تۇشۇك
دەرۋازا» سىدىن شەھەرگە باستۇرۇپ كىردى. بۇلاردىن بىر

قىسمى ھېيتكانىڭ شەرقىدىكى قاراڭغۇ رەستىنىڭ دوخمۇ-
شىغا پىلىموت قۇرۇپ ئېتىشقا باشلىدى. ئۇشتۇمتۇت بول-
غان ھۇجۇمدىن ھاڭ-تاڭ قالغان پىدائىلار بىلەن «ئا-
مىن» چىلەر خام بازىرى سولاقمىسىغا سۈرۈلدى. ئەمما
ھەممە تەرەپنى تۇنگان ئەسكەرلىرى توساپ ئالغان ئىدى.
ئۆيقۇسى ئېچىلىپ دالدىلەردىن پايدىلىنىپ مۇداپىئە
كۆرگەن پىدائىلار قەيسەرلىك بىلەن قايتۇرما زەربە بې-
رىپ بېسىپ كېلىۋاتقان زىخۇيچىلەرنى توختاشقا مەجبۇر
قىلدى.

ئۇرۇش سائەتلەپ داۋام قىلىپ ھەر ئىككى تەرەپ
چىقىمدار بولدى. پىدائىلار سان جەھەتتىن ئازلىق قى-
لاتتى. پىدائىلارنىڭ بىر قىسمى ئارقا ئەنجان كوچىسى-
دىكى «لىجىڭ» يامۇلىغا چېكىنىشتى. يەنە بىر قىسمى
جاننى ئالقانغا ئالدىدە يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم دەپ ئەنجان
رەستىسىگە قاراپ ئات سالدى. زىخۇيچىلار بۇلارنىڭ قەھ-
رىمانلىقىغا ھەيران بولۇپ ئۆزلىرىنى ئوڭلاپ بولغىچە بىر
قانچىسى يار باغ دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتى. زىخۇيچىلار
ئۇلارنىڭ يولىنى قاتتىق توسىغان بولسىمۇ ئۇلار ئاتنىڭ
قارنىغا چۈشۈۋېلىپ زىخۇيچىلاردىن بىر قانچىسىنى دۇمۇ-
لۇتۇپ تاشلاپ قېچىپ چىقىپ كەتتى. بەزەنلىرى ئۆلدى.
چىقىپ كېتىشكە ئامال تاپالمىغان پىدائىلار سۈرۈلۈپ
ھېيتكا ئارقا ئەنجان كوچىسىدىكى «لىجىڭ» يامۇلى دەپ
ئاتىلىدىغان ئورۇنغا توپلۇنۇپ ئىگىز سىرەج تاملاردىن
پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنى قوغدىدى. زىخۇيچىلار ئۇلارنى 4 تە-
رەپتىن ئوراپ كېلىپ ھۇجۇم قىلىپ ئوققا تۇتتى. بولۇپ-

مۇ سېپىل تەرەپتىن قاتتىق ھۇجۇم قىلىشتى. لېكىن بۇلارنىڭ ئاتقان ئوقلىرى قېلىن تامدىن ئۆتمەيتتى. پىدائىيلار بولسا كوزگە ئىلىنغان زىخۇيچىلارنى ئېتىپ دۇمۇلىتاتتى.

بۇ ئۇرۇش كەچ سائەت 4 لەرگىچە داۋام قىلدى. زىخۇيچىلار كوپلەپ چىقىم تارتتى. يېرىم كۇنلۇك ئۇرۇشتا زىخۇيچىلار شۇ كوچىدىن 45 نەپەر پۇقرانى ئېتىپ تاشلىدى. ھايات قالغان كىشىلەر ئويدىن - ئويگە توشۇك تېشىپ ئوي ئاتلاپ يۇرۇپ بۇ ئورۇندىكى كىچىك خالتا كوچىدا ئولتۇراقلاشقان ئافغان پۇقراسىنىڭ ئويىگە كىرىۋېلىپ جېنىنى ساقلاشتى. زىخۇيچىلار ئافغان پۇقراسىنىڭ ئويىگە ئېسىلغان ئەنگىلىز بايرىقىغا قاراپ بۇ كوچىغا كىرمىگەن ئىدى.

«لىجىڭ» دىكى پىدائىيلار زىخۇيچىلار بىلەن كەچكە قەدەر ئېلىشىپ قارشى تەرەپنى ئېغىر چىقىمغا ئۇچراتتى. زىخۇيچىلار ھەم ئۇلارنى بوي سۇندۇرۇشقا ھەر قانچە ئۇرۇنغان بولسىمۇ ئۇنۇم بەرمىگەندىن كېيىن ئۇسۇلنى ئوزگەرتىپ ئالدامچىلىق قىلىشقا كىرىشتى. مەھەللىدىن تۇتۇۋالغان ئابدۇخالىق دىگەن بىلەن زۇنۇن ئاتا دىگەن ئۇيغۇرنىڭ قولىغا بىر دانە ئاق بايراق بىلەن بىر پارچە خەتنى تۇتقۇزۇپ پىدائىيلار تەرەپكە ماڭغۇزدى.

پىدائىيلار ئاق بايراقنى كورۇپ ئەلچى ئىكەنلىكىگە قاراپ ئوق ئاتمىدى. ئەلچىلەر كېلىپ پىدائىيلارگە بىر پارچە خەت تاپشۇردى. بۇ خەت ئەھرارخان تورەم، مۇھەممەت خان ئاقساقال باشلىق ئوزبېك موتىۋەرلىرى نامىدىن

يېزىلغان ئىدى. خەتتە: سىزلەرنىڭ خەتەرلىك ھالغا چۈ-
شۈپ قالغانلىقىڭىزدىن خەۋەر تاپتۇق. بىز سىلەرنى بۇ
خەتەردىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن مازۇكىزدىخۇي بىلەن ئۇچرۇ-
شۇپ سوھبەتلەشتۇق. گۇنالىرىڭىزدىن ئەپۇ سورىدۇق. ئۇ
كىشى ھەم قوبۇل كورۇپ كېچىرىم قىلىدىغان بولدى. تەس-
لىم بولۇپ قورال تاپشۇرسىڭىزلار كەڭچىلىك قىلىدىغانغا
ۋەدە قىلدى. ئۇتكەننى سۈرۈشتە قىلمايمىز، دىدى. ئەگەر
ئۆزىڭىزلەرنىڭ ھاياتىنى ئىزدىسىڭىزلەر ۋە قەشقەردىكى
مۇسۇلمانلارنىڭ ئامانلىقىنى خالىسىڭىزلار تەسلىم بولغاي-
سىزلەر. مادارىن جاناپلىرى چوقۇم كەڭچىلىك قىلىمەن
دەپ قۇرئان تۇتۇپ قەسەم ئىچتى. بىز سىزلەرگە كېپىل
بولدۇق، سىزلەرنىڭ تەسلىم بولۇشىڭىزلارنى تەلەپ قىلى-
مىز، دېيىلگەن ئىدى. پىدائىلار بۇ تەكلىپنى مۇزاكىرە
قىلىپ بىر قىسمى تەسلىم بولۇش، بىر قىسمى تەسلىم بول-
ماسلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئىككى گۇرۇھقا بولۇنگەن
ئىدى. مۇزاكىرە ۋە مۇنازىرە قىلىشىپ ئاخىرى تەسلىم
بولۇشقا ماقۇل بولۇشتى. ئۆزۈن مىلتىقنى تاپشۇرىدۇ، تا-
پانچا، قىلىچلار ئۆز قولىدا قالىدۇ دەپ توختام قىلىشىپ
1 - قەدەمدە ئۆزۈن مىلتىقلارنى تاپشۇرۇپ بەردى. زىنخۇي-
چىلار ئۆزۈن قوراللارنى ھارۋىغا بېسىپ ئېلىپ كەتكەندىن
كېيىن تەسلىمچىلەرنى قورا ئالدىدىكى سەھناغا تىزىلدۇ-
رۇپ، يان قورال بىلەن قىلىچلىرىنى يىغىۋالدى. مۇندىن
بىر سائەت ئىلگىرى ئۆزلىرىنى ئارسلاندەك ھىس قىلىش-
قان پىدائىلار ئەمدى قوراللىرىدىن ئايرىلىپ سوغا چۈش-
كەن مۇشۇكتەك بىچارە بولۇپ قالغانلىقلىرىنى تونۇپ ھەس-

رەت چېكىشتى. زىخۇيچىلار ئۇلارنىڭ قوللىرىنى ئـارقىـغـا قايرىپ ئارغامچا بىلەن باغلاشقا باشلىدى. بـاشلىق دەپ ھېساپلانغان 18 نەپەر كىشىنىڭ پۇتـىـغـا كىشەن، قولىغا كويزا سېلىپ يېڭى شەھەر تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى. قالغان قىردىق ئادەمنى باغلاپ داۋتەي يامۇلى تـەرەپكە ھـايداپ ماڭدى. بۇلار ھەر قانچە پۇشمان، نادامەت قىلسىمۇ ۋاقتى ئوتكەن ئىدى.

يېڭى شەھەر تەرەپكە ھايداپ كېتىۋاتقان 18 كىشى قىزدىلىنىڭ كوۋرۇكىگە يېتىپ كەلگەندە كەچ قاراڭغۇ بولۇپ قالغان ئىدى. ئارىدىن ئىككى ئادەم ئوزىنى دەرياغا تاشـ لاپ قاچتى. قاراڭغۇدا زىخۇيچىلار بـايقىمىغان ئىدى. بۇ ئىككىيلەن قورالىقلار ئوزاپ كەتكەندىن كېيىن كوۋرۇك دالدىسىدا دەملىرىنى ئېلىۋېلىپ تاڭ ئاتقىچە قېچىپ پاخـ تەكلە يېزىسىنىڭ نېرىسىغا ئوتۇپ ئامان تاپتى. قـالغانـ لىرى شۇ كېچىسى يېڭى شەردە ئېتىپ تاشلاندى. بۇلارنىڭ ئىچىدىن ئابلا كەتمەننىنىڭ ئوغلى ئابدۇكېرىم دىگـەنـنـى قورال ـ ياراق ئۇستىسى ھاۋاز چوڭ دىگەن كىشى مىنىڭ تۇققۇنۇم دەپ ئولۇمدىن قۇتقۇزۇپ قالدى.

مافۇيۇەن پىدائىلارنى ئـالداپ قولغا چۇشۇرگەندىن كېيىن پىدائىلارغا ياردەملەشكەن «ئـامىن» چىلارنى پىـ لىموتقا تۇتۇپ جازالىدى ۋە 3 كۇنلۇك ھەربى ھالەت ئېـ لان قىلىپ، بارلىق قوشۇنلىرىغا بـۇلاڭ ـ تـالاڭ قىلىشقا، ئوچرىغاننى ئېتىشقا بۇيرۇق بەردى. شەھەر كوچىلىرىغا پىت تارىغاندەك تاراپ كەتكەن زىخۇيچىلار بىرىنچى قـەدەمدە تىجارەتچىلەرنىڭ دۇكانلىرىنى بۇلاشتى، 2 ـ قەدەمدە ئويـ

لەرگە باستۇرۇپ كىرىپ بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى، ئۇچرىغان ئادەمنى ئېتىپ ئۆلتۈردى ۋە چاناپ تاشلىدى. ئۆيلەرنى بۇلىغاندا دەسلەپ يېڭىراق ئۆيلەردە بۇلاڭچىلىق قىلغان بولسا، بارا - بارا ئومۇمىيۈزلۈك بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. بۇلىغان ماللىرىنى كەمبەغەللەرگە كوتەرگۈزۈپ ئېلىپ كەتتى. ئىشى تۈگىگەندە ئۇلارنىمۇ ئېتىپ تاشلىدى. ئۆيلەرگە باستۇرۇپ كىرگەندە ئۆي ئىگىلىرىنى تۇتىۋېلىپ ئالتۇن - كۈمۈچ، پۇل، سائەت بەر دەپ قىستىدى. خەلقلەر ئۆزىدەبار نەرسە - كېرەكلەرنى بېرىپ تۈگىگەن چاغدا يەنە قانائەت قىلماي، ئۇلارنىڭ قوللىرىنى باغلاپ تۈۋرۈكلەرگە ئېسىپ ئۇردى. تومۇر قىزدىتىپ ياقتى. پۈتۈن شەھەرنى دات-پەرياد قاپلىدى. بىرىنچى قېتىم كىرگەنلەر بۇلاپ-تالاپ چىقىپ كەتسە، 2 - قېتىم كىرگەنلەر ئەۋەلقىلارنىڭ كىرگەنلىگىنى ھىساپقا ئالماي يانا قىينايتتى. قالغان، قاتقانلارنى ئالاتتى. 3. 4... قېتىم كىرگەنلەرگە بەرگىدەك نەرسە قالمىغاندا ئۇلار ئاچچىغىنى جازالاش بىلەن چىقىراتتى. ئولتۇرۇپ تاشلايتتى. بۇ ۋەھشىلەر بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپلا قالماستىن، خوتۇن - قىزلارغا باسقۇنچىلىق قىلدى. خوتۇن - قىزلارنى ئاتا - ئانىلىرىغا، ئەرلىرىگە كورسۇتۇپ تۇرۇپ، نومۇسىغا تەگدى. بۇ قىرغىنچىلىقتا يېڭى شەھەردىكى ماجەنساڭ قوشۇنلىرىمۇ قاتناشقان ئىدى. 6 ئايلاپ يېڭىشەھەر مۇھاسىرىسىدە قامىلىپ ئازاپ چەككەن بۇ ئەسكەرلەر قولىدا تومۇرنىڭ سۇنىغى بولمىغان شەھەر خەلقىدىن ئۆچ ئېلىپ دەھشەتلىك قىرغىن يۈرگۈزدى.

تاڭ ئېتىشقا يېقىن ھەر قايسى ئۆيدە ئۆلگەن ئو-

لۆكلەرنى ئىشىك ئالدىغا ئەچىقىپ ياتقۇزۇپ قويدى. بۇ
2 - كۈنى كېلىدىغان ۋەھشىلەرنىڭ يولىنى توساش ئۈچۈن
چارە ئىدى. بۇ چارە راستىنلا ئۈنۈملىك بولدى. 2 - كۈ-
نى كەلگەن بۆلاكچىلار ئۆلۈك بار ئۆيگە كىرمەي قايتىپ
كېتىشتى. دەھشەتلىك 6 - فېۋرال كۈنى ئەشۇنداق خەۋپ-
لىك ئۆتكەن بولسىمۇ پاجىئە تېخى تۈگىمىگەن ئىدى. شۇ
كېچىسى تاڭ يورۇغىچە ھەممە ئەتراپتىن مىلتىق، پىلىم-
موتلار ئېتىلىپ تۇردى. 7 - فېۋرال كۈنى بۆلاڭ - تالاڭ
يەنە داۋام قىلدى، لېكىن ئەھۋال تۈنۈگۈنكىدەك دەھشەت-
لىك بولمىدى. چۈنكى بۇ كۈنى ماجەنساڭنىڭ ئادەملىرى
يوق ئىدى. ئۆزىنىڭ ئۈستىگە بۆلايدىغانغا پەقەتلا ئەسكى
يوتقان ماتلىرى، تەكىيلەردىكى توزغاق سامانلارلا قالغان
بولغاچقا ئەسكەرلەرگە ئانچە ئەپلىشىپ بەرمىدى. شۇنداق
بولسىمۇ كىشىلەرنىڭ قوي، كالا، ئاتلىرىنى بۆلاڭ - تالاڭ
قىلدى. 7 - فېۋرال كۈنى چۈش بولغاندا تۈنۈگۈن تەسلىم
بولغان پىدائىيلارنى داۋتەي يامۇلىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ
كەلدى. بۇلارنى ئوراپ ماڭغان قوراللىق قوغدىغۇچىلار
سەھنانىڭ ھەممە تەرىپىگە يېيىلدى. ئەسىرلەرنى جاۋبى
قامىنىڭ ئالدىغا 2 قاتار قىلىپ تىزدى. بۈگۈن بۆلارغا
ھۆكۈم ئىجرا قىلماقچى بولغان ئىكەن، ئاز ئۆتمەي شەھەر
ھاكىمى (شەنجاڭ) ياقۇپ بەگ لاۋسى بېشىدا قارا پوسما،
ئۈچىسىدا قارا لەمبۇقتىن تىكىلگەن جاجازا چاپان، ئا-
يىغىدا قارا مەخمەلدىن تىكىلگەن لاتا خەي... كىيىنگەن
ھالدا غەربى يولدىن كىرىپ كەلدى. ئاندىن قەشقەر شەھە-
رىنىڭ قورچاق «چىڭپاڭ سىلىڭى» ئىبراھىم لوزۇڭ

باشچىلىغىدا شەھەرنىڭ موتىۋەرلىرىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر كېلىپ ئۆلۈلارنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئېلىشتى. بىرچاغدا يامۇل ئىچىدىن مافۇيۈەن چىقىپ كەلدى، يۇرت كاتتىلىرى ئورنىدىن تۇرۇپ سالام ئۈچۈن قوللىرىنى كوكسىگە قويۇپ تازىم قىلدى. مافۇيۈەن كوپچىلىككە سوزلەپ: خەلقنى بۇلايدىغان، جەمىيەتنىڭ ئامانلىغىنى بۇزۇدىغان، ئىسيانچىلارغا قاتتىق جازا بېرىلىدىغانلىغىنى، بۇلارنى تىلەشنىڭ ئوزىمۇ جىنايەت ئىكەنلىگىنى ئۇقتۇردى. ئوزبېكلەرنىڭ پېشىۋاسى ئەھرارخان تۆرەم ئورنىدىن تۇرۇپ قايتا مۇراجىئەت قىلىپ، بۇلارنى ياخشى ئادەم قىلىش ئۈچۈن كاپالەت بېرىدىمەن دېۋىدى، ئۇنىڭ سوزىنى رەت قىلدى. ئۇنىڭ ئارقىدىنلا بىر بۇيرۇق بىلەن پىدائىيلارنى پىلىموتتا تىزىتۇپ قىرىپ تاشلىدى. بۇ 40 كىشىدىن ئابدۇراخمان ئىسىملىك بىرسى ئولۈكلەر ئارىسىدا يېتىۋېلىپ كېيىن قېچىپ جېنىنى قۇتقۇلدۇرۇپ قالالىدى. قالغان كىشىلەر قانغا بويۇلۇپ ئولۈپ تۈگەشتى.

ھەربى ھالەت بۇيرىغى 3 كۈن دەپ ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ 2 - كۈنى (7 - فېۋرال) قاراڭغۇ چۈشۈشكە يېقىن بۇيرۇق ئېلىپ تاشلاندى. كوچىلارغا ئادەم چىقىرىپ ئەل ئامان دەپ جاكا سالدۇردى. ئەسكى داسلارنى تاياق بىلەن ئۇرۇپ، ئاۋاز چىقىرىپ، ھەربى ھالەتنىڭ ئاياقلاشقانلىغىنى، بۇلاڭ - تالاڭنىڭ ئەمدى توختىغانلىغىنى ئۈنلۈك ئاۋازلار بىلەن جاكالىدى.

8 - فېۋرال كۈنى كوچا - كوچىدىن ئولگەن ئولۈكلەرنىڭ تاۋۇتلىرى چىقىشقا باشلىدى. بامدات نامىزىدىن

باشلانغان ئۇزۇتۇش، چاشكا ۋە پىشىنغىچە يېرىم كۈن داۋام قىلدى. ئۆلگەن ئۆلۈكلەر كۆپ بولغانلىقتىن پاششەپلەر هارۋىلارغا قاتلاپ بېسىپ گورۇستانلىقلارغا ئاپىرىپ چوڭ ئورەك كولۇتۇپ ئۆلۈكلەرنى ئۈستى - ئۈستىگە قويۇپ كۆمۈپ تاشلاشتى. شەھەردىكى ئۆلۈكلەرنى ئۇزۇتۇش، تاۋۇت كۆتۈرۈش باھانىسى بىلەن تىرىك قالغان ئەركەكلەر شەھەر تېشىغا چىقىپ كەتتى.

7 - فېۋرال كۈنى قەشقەر كونىشەھەردە ماجۇڭيىڭ ۋە مافۇيۈەن تەرىپىدىن قىلىنغان بۇ قەتلى ئامدا (چاپچاپتا) ئۆلتۈرۈلگەن ئادەم سانى زادى قانچە؟ بۇ ھەقتە ئېنىق مەلۇمات يوق. لېكىن شىۋېت مىسسىئونېرلىرى كوچىلارغا ئادەم چىقىرىپ ئۆلگەن ئۆلۈكلەرنى كۆزدىن كۆچۈرۈپ تىزىملىغان ئىدى. شۇلارنىڭ تىزىملىغان سانى هازىرچە ئاساسلىق سان بولۇپ كەلمەكتە. شىۋېت ئادەملىرى ھېيتگاھ مەيدانىدىن ئۆتۈپ شەرقى يولدىكى زەيەكەش مەھەللىسىگە يېتىپ كەلگىچە تىزىملانغان ئۆلۈكلەرنىڭ سانى 4508. بۇ سان ئېنىق سان ھېساپلىنىدۇ. 1956 - يىلى يازدا جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن كەلگەن ئۇيغۇر سايرانى باشچىلىقىدىكى ئۆمەكلەر قەشقەر ۋالى مەھكىمىسىنىڭ زالىدا سوھبەت يىغىنى ئاچقان ئىدى. يىغىندا 7 - فېۋرال قەشقەردە ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى يۈرگۈزگەن قەتلىئام توغرىسىدا سۆز بولغاندا يىغىنغا قاتناشقان بارات ئاخۇن خەلپىتىم (توكۇر) شىۋېتلەر تىزىملىغان 4508 ئادەمنىڭ سانىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى، بەزەنلەر مۇلاھىزە قىلىپ شۇ قېتىمقى

قىرغىندا ئۆلگەنلەرنىڭ سانى 6 مىڭغىچە دەپ پەرەز قىلىنىشتى. ھەر ھالدا شىۋېت ئادەملىرىنىڭ تىزىملىغان سانى بىر قەدەر ئەمەلى رەقەم بولۇپ ھىسابلىنىدۇ. بىر شەھەردىن شۇنچە نۇرغۇن ئادەمنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ھەر قانداق ئادەمنى قاتتىق ئېچىندۇرىدۇ.

# قارغىلىق ناھىيىسىنىڭ 1926 - يىلدىن 1936 - يىلغىچە بولغان 10 يىللىق تارىخىدىن ئەسلىمە

ئابدۇرشىت خوجەھەمەت

قارغىلىق — دىگەن ئىسىم زادى قاچان ۋە قانداق قويۇلغان، بۇ تېخى ئايدىڭلاشمىدى. قارغىلىق دىگىنى قارغىلار كانى دىگەن سوزمو؟ دەرۋەقە قارغىلىقتا قارغا تولا. ھەر يىلى كەچ كۈزدە قارغىلىقنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدا سانسىز نۇرغۇن قارغىلار قاقىلداپ دەۋر قىلىشىدۇ. ئادەتتە بۇنى قارغىلارنىڭ تويى بولدى دەپ ئاتايمىز. زادى شۇنداقمۇ؟ بەزىلەرنىڭ سوزلەپ بېرىشىچە، بۇرۇن زاماندا بىر قەبىلە خەلق باشقا يەرگە كېتىۋېتىپ بۇ مۇنبەت يەرگە كەلگەندە مۇشۇ يەردە «قالغۇلۇق» دەپ توختاپ قالغان ئىكەن. كېيىنچە «قالغۇلۇق» سوزى «قارغىلىق» بولۇپ ئۆزگەرگەن ئىكەن. بۇ ئىككى چۈشەنچىنىڭ زادى قايسىسى توغرا، بۇ جەھەتتە ھازىرغىچە ئېنىق مەلۇمات يوق.

قارغىلىقنىڭ خەنزۇچە ئىسمى يېچېڭ (叶城) بۇنىڭ مەنىسى يوپۇرماق شەكىللىك شەھەر — دىگەنلىك بولىدۇ. خەنزۇچە مۇنداق ئاتىلىشى قارغىلىقنىڭ

جۇغراپىيە شارائىتىغا ئاساسلانغانمۇ ياكى دەل ـ دەرەخلىق باغۇ ـ بوستانلىق كورۇنۇشىگە ئاساسلانغانمۇ، بۇھەقتىمۇ ئېنىق چۈشەنچە يوق.

تارىخىي ماتېرىياللاردىن قارىغاندا مەنچىلىك سۆلالىسى دەۋرىدە، قارغىلىق ئايماق (州) بولغان ئىكەن. ئۇچاغدا، گۇما، پوسكام ناھىيىلىرى زۆڭ بەگلىك بولۇپ قارغىلىق ئايمىقىنىڭ تەۋەلىكىدە بولغان ئىكەن. مەنچىلىك ھوكۇ- مىتى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، قارغىلىق ئايمىغى تولۇق ناھىيە بولۇپ، گۇما زۆڭ بەگلىگى يېرىم ناھىيىگە ئۆزگەر- تىلگەن ئىكەن، پوسكام زۆڭ بەگلىگى بولسا، تەخمىنەن 1923 - يىلى يېرىم ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغان، شۇندىن كېيىن قارغىلىق ناھىيىسى 18 بەگلىكتىن ئىبارەت بولغان.

شۇ چاغلاردا قارغىلىق ناھىيىسىدە ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ، تاجىك، ئوزبېك، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەر يا- شايتتى. ئۇ چاغلاردا ياڭ زېڭشىن، جىن شورېنلارنىڭ ئىس- تىبدات ھاكىمىيىتى خەلقنى جاھالەتتە تۇتۇش سىياسىتى- نى يۈرگۈزۈپ، مىللەتلەرنىڭ ئىسمىنى بىلدۇرمەي يوشۇر- غانلىق ئۈچۈن، مىللەتلەر بىر ـ بىرىنى ھەر خىل ئىسىمى- دا ئاتاشقان، مىللەت دىگەن ئۇقۇمنىمۇ چۈشەنمىگەن. بىر- سىدىن سىزنىڭ مىللىتىڭىز نىمە؟ دەپ سورىسا، مەن ئىبراھىم خەلىلۇللانىڭ مىللىتى — دەپ جاۋاپ بېرەتتى. چەنتۇ دىگەن سوزنىڭ مەنىسى بېشىغا سەللە ئورىۋالغۇچى دىگەن سوز ئىكەنلىگىنىمۇ بىلمەيتتى. خەنزۇلارنى بولسا «خىتايلار» ياكى «تايىپلار»، تاجىكلارنى «ۋاخانلىقلار»، خۇيزۇلارنى تۇڭگانلار دەپ ئاتىشاتتى. خەنزۇچە يېزىقنى گوۋېن (دولەت يېزىغى)،

ئۇيغۇرچە يېزىقنىچەنتۇپېن(چەنتۇ يېزىقى)دەپ ئاتايتتى.شىنىڭ-شىسەي ھاكىمىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنلا بىزلەرنىڭ «لاۋ-چەنتۇ» ئەمەس، ئۇيغۇر ئىكەنلىكىمىز ئايدىڭلاشتى.

قارغىلىق بازىرىنىڭ ئەزەلدىن سېپىلى بولمىغان، لېكىن باشقا ۋىلايەت، ناھىيە ھەم يېزىلارغا قاتنايدىغان يوللارنىڭ ھەممىسىگە دەرۋازا ياسالغان بولۇپ، شىمالى ۋە شەرقى دەرۋازا، قالىغاچ دەرۋازىسى، بەشىرىق كوچا دەر-ۋازىسى،يېزىلارغا قاتنايدىغان يوللاردىكىدەرۋازىلارنى چىپان دەرۋازا، توگىچى كوچا دەرۋازىسى، تۈگمەن ئېرىق بويى دەرۋازىسى دەپ ئاتىلاتتى. كوچىلارنىڭ ئۈستى يېپىقلىق قاراڭغۇ ئىدى.

تەشكىلىي ئاپارات جەھەتتە، چوڭ يامۇل ( ئامبال يامۇل)، كىچىك يامۇل (سى لاۋيې يامۇل ياكى بوسايامۇل)، ساقچى دۈيى، باجخانا، داكچى خانا (پوچتىخانا) قاتارلىق ھەمۇرى كەسپ ئورۇنلار بار ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا بىر لەڭزە ھەربىلەر بار بولۇپ، بۇلار بەشىرىق كوچىسىدىكى ئەتراپىغا سېپىل سوقۇلغان گازارمىدا تۇراتتى.

## يامۇل

يامۇل — دىگەن سوز خەنزۇچە (衙门)دىگەنسوزنىڭ ئاھاڭ ئۆزگىرىشى بولۇپ مەنىسى ئىدارە، مەھكىمەدىگەن بولىدۇ. يامۇل ئەينى چاغدا ناھىيىنىڭ ئەڭ يۇقۇرى ھاكىمىيەت ئورگانى بولۇپ ھېساپلىناتتى. ئۇنىڭ جايلاشقان

ئورنى هازىرقى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى جاي-لاشقان
ئورۇندا ئىدى. ئۇنىڭ ئىلگىركى سىياقى، شەكلى ۋە بى-
نالىرى تۈپتىن ئۆزگىرىپ كەتتى. ئەسلىدە، يامۇلنىڭ ئۇ-
دۇلىدا قېلىن ھەم ئېگىز جاۋبى تام بار ئىدى. بۇ تامى-
نىڭ ئىككى تەرىپىدە قارا سىر بىلەن سىرلانغان رىشات-
كىلىق قانىتى يوق يايپاق شەكىلدە دەرۋازا بولاتتى. جاۋبى
تامنىڭ ئارقا تەرىپىدە چوڭ رەستە بار ئىدى. جاۋبى تام
بىلەن يامۇلنىڭ ئالدىنقى چوڭ دەرۋازىسى ئارىلىقى كەڭ
سەينا بولۇپ، غەرب تەرىپىدە يامۇل ئالدى «مەسچىت» دەپ
ئاتالغان بىر مەسچىت بار ئىدى. يامۇل ئالدىدىكى ئوچۇق-
چۇلۇق بوش يەردە بازار كۈنلىرى مەدداۋايىزلار ۋە راۋاپ-
چىلار سورۇن تۈزەپ، مەددالىق قىلاتتى ۋە راۋاپ چالاتتى،
ئاخىرىدا دۇئا قىلىپ پۇل تىلەيتتى، ئۇندىن باشقا ساتراچلار
ۋە ھەر خىل ئوقەتچىلەر ھۇنەر قىلاتتى. يامۇلنىڭ ئالدىنقى
چوڭ دەرۋازىسىنىڭ ئىچىدىكى ئوڭ تەرەپتە بىر دەرۋازا
بولۇپ ئۇنىڭ ئىچىدە دەرىزە، تۈۋرۈك ۋە رىشاتكىلىرى
قىزىل سىرلانغان ئۈچ قەۋەتلىك بىر راۋاق، ئۇنىڭ ئال-
دىداتىك ئورنىتىلغان ئېگىز بىر خادا بار ئىدى. خادا
ئۇچىدا بىر دانە قىزىل پانۇس ئېسىغلىق تۇراتتى. بۇ
راۋاقنىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىدىن بازارنىڭ ھەممە ئوگۇز-
لىرى كۆرۈنەتتى، چوڭ دەرۋازىنىڭ سول تەرىپىدە كىچىك
يامۇل بولۇپ، بۇ يامۇل پەقەت ھۆكۈم كېسىلگەن مەھ-
بۇسلارنى باشقۇراتتى، مۇددەتلىك ۋە مۇددەتسىز قاماق جا-
زاسى ھۆكۈم قىلىنغان مەھبۇسلارنى قامايدىغان تۈرمە موشۇ
كىچىك يامۇل ئىچىدە ئىدى. بۇ كىچىك يامۇلدىمۇ چوڭ

ياموٗلغا ئوخشاش داتاڭ (دىۋان) بولاتتى. چوڭ ياموٗلنىڭ
بىردىنچى چوڭ دەرۋازىسىدىن ئوتكەندىن كېيىن، چوڭ دەر-
ۋازا ئىچىدىكى ئوڭ - سول تەرەپتىكى راۋاق ھەم كىچىك
ياموٗل دەرۋازىسى ئالدىدىن ئوتوٗپ ئىككىنچى چوڭ دەر-
ۋازا ئالدىغا بارىدىغان يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە ھوكوٗم
كېسىلمەي ۋاقىتلىق توٗتوٗپ توٗرىدىغان گوٗناكارلارنى قا-
مايدىغان گوندىخانا بار ئىدى. ئىككىنچى چوڭ دەرۋازا
ئالتە قاناتلىق ئوٗچ دەرۋازىدىن ئىبارەت ئىدى. ئىككىن-
چى چوڭ دەرۋازىدىن ئوتكەندە بىرىنچى داتاڭغا كىرەتتى.
بىرىنچى داتاڭدا ئاساەن قاتىللىق ئەنزىسىنى تەكشوٗ-
روٗپ، قاتىلنى توٗتوٗپ كىرگەندە شوٗ چاغدىكى قائىدە بويى-
چە ئامبال موٗراسىم ئوتكوٗزىدىغان ۋە قاتىللارغا جازاھو-
كوٗم قىلىدىغان جاي ئىدى. ئىككىنچى چوڭ دەرۋازىدىن
بىرىنچى داتاڭغىچە بولغان يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى
ئويلەر شوٗن جىڭدوٗي يەنى ساقچى ئەسكەرلەر ئەتردىتى
(ئوٗ چاغدا خەلقلەر ئوٗلارنى ياموٗلنىڭ چېرىكلىرى دەپ
ئاتايتتى) توٗرىدىغان جاي ئىدى. بىرىنچى داتاڭدىن ئىك-
كىنچى داتاڭغا كىرگىچە ئىككى دەپەردىن ئوتوٗشكە توغرى
كېلەتتى. ئىككى دەپەردە ئارىلىغىدا دايېلارنىڭ ئىشخانى-
سى بار ئىدى. ئىككىنچى داتاڭنىڭ ئىككى تەرىپىدە،
دوٗڭ خوٗاتاڭ (شەرقى گوٗلباغ)، شىخوٗاتاڭ (غەربى گوٗلباغ)
دەپ ئاتىلىدىغان ھويلا بولوٗپ، بوٗنىڭ ئىچىدە شىڭفاڭ
(جىنايى ئىشلىرى بولوٗمى)، مىنفاڭ (خەلق ئىشلىرى بولوٗمى).
جاڭفاڭ (مالىيە بولوٗم) ئىشخانىلىرى بولاتتى. ئىككىنچى
داتاڭدىن ئوتكەندىن كېيىن، ئامبال ۋە بالا چاقىلىرى

تۇرۇدىغان ھويلا، ئۇنىڭدىن ئوتكەندىن كېيىن يـامۇلنىڭ چوڭ بېغى بولاتتى. يامۇلنىڭ دەرۋازا، دەپەردىلىرىنىڭ ھەممىسىگە ھەر خىل سىرلاردا نەقىشلەپ سىزىلغان قەدىمىقى زاماندىكى مەشھۇر پالۋان، سەركەردىلەرنىڭ سۇرەتلىرى بولاتتى. تۇۋرۇك، بالا ياغاچلىرىنىڭ ھەممىسى قارا سىر بىلەن سىرلانغان ھەيۋەتلىك، كوركەم ئىدى. بىرىنچى دىۋانىنىڭ ئوڭ يېنىدا چوڭ ياغاچ جازا ئۇستىگە يانتۇ قويۇلغان كالا تېرىسىدە يېپىلغان چوڭ دۇمباق بولۇپ، ئامبال قاتىللىق ئەنزىسىنى تەكشۇرۇپ بىر تەرەپ قىلغان چاغلاردا چېلىناتتى. ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا چوڭ دۇمباقا ئوخشۇتۇپ ياسالغان بىر كىچىك دۇمباق ۋە جازىغا ئېسىپ قويۇلغان بىر چويۇن قوڭغۇراق بولاتتى، بۇلار ھەر كۇنى بامدات نامىزى ۋاقتىدا بىر قېتىم چېلىناتتى، بىر پاي پاختىۋەن زەمبىرەك ئېتىلاتتى. ناماز شام ۋاقتىدا يـەنـە شۇنداق قىلىناتتى. ئىـكـكـى جىڭ (ياتا مەھەل)دە يەنە دۇمباق چېلىنىپ، ئىككى پاي زەمبىرەك ئېتىلاتتى (زەمبىرەك دىگىنىمىز كىچىك توپىنى ئىبارەت بولۇپ، ئىگىزلىگى 15 سانتىمېتىر، دىامېتىرى 3 سانتىمېتىر، تـوشۇگى $1\frac{1}{2}$ سانتىمېتىر كېلەتتى. ئوتتۇرىسىدىكى توشۇككە مىلتىق دورىسى قاچىلاپ ئۇستىگە سېغىز توپا سېلىپ چىڭداپ بەتلەپ پىلتىسىگە ئوت يېقىپ ئاتاتتى). بۇ شۇچاغدىكى تۇزۇم ئىدى.

# ئامبال

ئامبال دېگەن ئىسىم ئەنبەن (案办) يەنى ئەنزە ئىشلىگۈچى دېگەن سوزنىڭ ئاھاڭ ئۆزگۈرۈشى بولۇپ، ناھىيىنىڭ باشلىقى، ھاكىم دېگەن مەنادا ئىدى. ئامبال پۈتۈن ناھىيىنىڭ مەمۇرى، سىياسى، ئىقتىسادى، قانۇن، مائارىپ قاتارلىق بارلىق ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. ئامبال ھەر يىلى بىر قېتىم شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھوكۈمەتنىڭ تەيىنلىشى بىلەن ئالمىشىپ تۇراتتى. ئامبالنىڭ قول ئاستىدا بىر كاتىپ، ئۈچ بولۇم يەنى شىڭفاڭ (جىنايى ئىشلار بولۇمى)، مىنفاڭ (خەلق ئىشلار بولۇمى)، جاڭفاڭ(مالىيە بولۇم) بولۇپ، بولوم باشلىقلىرى سى يې (师爷). بولۇم ئەزالىرى گويې (稿爷)، ياللانما بولۇم ئەزالىرى گۈيۈەن (棚员) دەپ ئاتىلاتتى. يەنە ئالتە بەن بولۇپ، بەننىڭ باشلىقى بەنتۇ(班头) يەنى توپبېشى (باشقا جايلاردا دورغابەگ دەپ ئاتايدۇ) دېيىلەتتى. بۇلار يايى (دورغا)لارنى باشقۇراتتى. يايىلاردىن 50 – 60 كىشى بار ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا ساقچى ئەتىرىتى بولۇپ، 30دىن ئارتۇق ئەسكىرى بار ئىدى. بۇلارنى خەلقلەر يامۇلنىڭ چېرىكلىرى دەپ ئاتىشاتتى. بۇلارنىڭ باشلىقى لاۋيې، 10 نىڭ باشلىقى شىجاڭ دېيىلەتتى. بۇلار كۈندۈزى چوڭ دەرۋازىدا ئورۇندۇقتا (ئۇزۇن بەندىڭدە) ئولتۇرۇپ پوس قىلاتتى. كېچىلىرى بولسا سارايلارنى تەكشۈرەتتى. كوچىدا پاترۇللۇق قىلاتتى. ئامبال

سىرتقا چىقسا، ھىلتىقلىرىنى كۆتۈرۈپ ئامبالنىڭ ئىككى يېنىدا مۇھاپىزەت قىلىپ ماڭاتتى.

ئامبال يېڭىدىن تەيىنلىنىپ ناھىيىگە كەلگەندە، بىر ھارۋىدا كەلسە، قايتقاندا بىرقانچە ھارۋا بىلەن قايتاتتى. ئامبال مائاش ئالغاندىن تاشقىرى، ھەر خىل باج، غەللە - پاراقلارغا ئۆزى ئۆچۈن پىرسەن قوشۇپ كۆپەيتىپ ئالاتتى. بەگلەرنى يېڭىدىن تەيىنلەش، ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق پارە ئېلىش، دەۋا - ئەنزىلەرنى سوراق قىلىش ئارقىلىق خىيانەت قىلىش؛ ئامباللىق تامغىسىنى ئۆتكۈزۈپ ئالغاندا، ھەر تەبەقە، ھەر ساھەدىكىلەرنىڭ تەبرىكلەپ سۇنغان سوغا - سالاملىرىنى قوبۇل قىلىش؛ ئامبالنىڭ تۇغۇلغان كۈنى يېتىپ كەلگەندە، داغدۇغىلىق مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، ھەر ساھەدىكىلەرنىڭ ھەر خىل ئېسىل رەختلەردە ئىشلىگەن كۈنلۈك (چوڭلىقى ئادەتتىكى بىر ئېغىز ئۆيدەك بار) قاتارلىق لەۋھەلەرنى نۇرغۇن سوغا - سالاملارنى ئالاتتى. شۇنداق قىلىپ ئومۇرۋايەت يەپ تۈگىتەلمەيدىغان پۇل - مال يىغىۋالاتتى.

يېڭى ئامبال كېلەر چاغدا، ئۆزىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، ئەل - ئاغىنە ۋە يۇرتداشلىرىدىن 7-8 كىشىنى ئېلىپ كېلىپ ھەر خىل ئەمەللەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قوياتتى. بۇلارمۇ ئامبالنىڭ سايىسىدا خەلقنى قاقتى - سوقتى قىلىپ، چونتەكلىرىنى توشقۇزۇۋالاتتى. ئامبال يۆتكەلگەندە بۇلارمۇ بىرگە كېتەتتى.

ئامبال سىرتقا چىقسا، 20گە قەدەر قوراللىق چېرىك ۋە يايىلار ئىككى تەرەپكە بولۇنۇپ سەپ بولۇپ ئامبال

نىڭ ئالدى ـ كەينىدە ماڭاتتى. تۇغچى (تەرجىمان) ۋە توپچىلار ئامبالنىڭ يېنىدا ماڭاتتى. ئامبال ئات قوش- قان ئەمەلدار مەپىسىدە ئولتۇرۇپ ھەشەمەت بىلەن ما- ڭاتتى. ئامبال يامۇلدىن چىققاندا ۋە قايتىپ كىرگەندە توپچى يايى ئامبالنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئۈچ پاي توپ (زەمبىرەك) ئاتاتتى.

## سوراق قىلىش

ئامبال سوراق قىلىدىغان ئورۇن ئىككىنچى داتاڭ بولۇپ، داتاڭنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە ئۇزۇنچاق توت چارسا شىرە قويۇلاتتى. شىرە ئۈستىگە قىزىل شالپەر يېپىپ ئۇ- نىڭ ئۈستىگە سىيادان، يۇڭ قەلەملەر، ئادەم چىقىرىش چەنزىلىرى ۋە سوراق قىلغاندا ئادەم چۈچۈتۈش ئۈچۈن شىرەگە ئۇرۇدىغان تاختىلار رەتلىك تىزىلاتتى. شىرەنىڭ ئوڭ تەرىپىگە تاقاپ ئىككى مېتىر ئېگىزلىكتە توت چار- سا قىزىل شالپەردە ئورالغان جازا قويۇلغان بولۇپ، بۇ- نىڭ ئۈستىدە سېرىق رەختكە ئورالغان ئامباللىق تام- غا ساندۇغى قويۇلاتتى. شىرەنىڭ ئۇدۇلىدىكى بەش مېتىر يىراقلىقنىڭ ئىككى تەرىپىدە بەشتىن ئون دانە ئۇزۇن ساپلىق قىلىچ، نەيزە ۋە چوماق قاتارلىق قەدىمقى زامان قوراللىرى جازىغا ئىسقىلىق تۇراتتى. شىرەنىڭ ئۇدۇلى- دىكى يەردە رەتلىك تىزىپ قويۇلغان يوتا ۋە ئالقانغا ئۇ- رۇدىغان تارشا، ھوشۇق چاقىدىغان كالتەك، ئاياللارنىڭ يۈزىگە ئۇرىدىغان چەملىك پالاق ۋە قول قىسىدىغان قىس-

قوچ قاتارلىق ھەر خىل جازالاش ۋە قىيناش ئەسۋاپلى-
رى بولاتتى. ئامبال سوراققا چىقىشتىن ئىلگىرى شىرە-
نىڭ ئىككى تەرىپىدە تۆگچى، توپبېشىلار ۋە ئۇلارنىڭ
ئاياق تەرىپىدە ئالدى - ئارقىسىغا يايىي دىگەن خەتچاپ-
لانغان قارا كالتا جۇيازىنى ئۇزۇن چاپان ئۈستىگە كىيە-
ۋالغان ياتىلار تىزىلىپ تۇراتتى. شۇنداق قىلىپ ھەممەي-
لەن تەييارلىنىپ بولغاندىن كېيىن، دارىن شاڭتاڭ (ئامبال
سوراققا چىقتى) دەپ ۋاقىراپ چۇقان سالاتتى ۋە ئامبال-
نىڭ چىقىشى بىلەن ھو .... ھو .... ھو .... دەپ تۇۋلىشاتتى.
چۇقان ساداسى ئىچىدە ئامبال دەپەردە ئارقىسىدىن چىقىپ،
ئورۇندۇققا غادىيىپ ئولتۇرۇپ، ئەتراپقا بىر قېتىم كۆز
يۈگۈرتىپ بولۇپ سوراقنى باشلايتتى. ئالدى بىلەن شىرە
ئۈستىگە قويۇلغان ئەرز قىلغۇچى ۋە ئەرز قىلىنغۇچىلار-
نىڭ ئىسىملىرىنى بىر - بىرلەپ چاقىرىپ، قىزىل مايىقەلەم
بىلەن ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى ئۈستىگە بەلگە قوياتتى. دەۋاگەرلەر
شىرەدىن 3 - 4 مېتىر يىراقلىقتا ئوتتۇرىغا ئۆتۈپ، قول قوشتۇ-
رۇپ تۇراتتى ۋە يەر تىگىدىن ئامبالغا قارىشاتتى. خەلق ئىش-
لىرى دەۋاسى ئاساسەن ئالغۇ - بەرگۈ، قەرز - دات، سودا-سېتىق،
مىراس، ئۆي - ئىمارەت، يەر - سۇ قاتارلىقلاردىن ئىبا-
رەت بولۇپ، سوراقتا بىر تەرەپ تانسا، ئىقرار قىلمىسا،
ياكى قانمىسا شۇ تەرەپ ياكى يەنە بىر تەرەپ بەندى
شەرىئەت دەپ شەرىئەتكە بۇيرۇشنى تەلەپ قىلسا، ئامبال
دەرھال ئەرزنىڭ كانارىسىغا مەھكىمە شەرئىگە ئاپىرىل-
سۇن — دەپ تەستىق سېلىپ مەھكىمە شەرئىگە ئىۋەتەتتى.
چۈنكى خەلق ئىشلىرى دەۋاسى مۇرەككەپ ھەم بىر تە-

رەپ قىلىش تەس بولغىنى ئۈچۈن ئامبال ئاۋاردىگەرچىلىكتىن باش تارتىپ شەرىئەتكە ئىۋەتەتتى. بۇنداق قىلغاندا، ئامبال ئاۋاردىگەرچىلىكتىن قۇتۇلاتتى. تاپاۋەت ئوخشاشلا كېلەتتى. جىنايى ئىشلار دەۋاسىنى ئامبال ئۆزى سوراق قىلاتتى. ئىقرار قىلمىغانلارنى قىيناش ئارقىلىق ئىقرار قىلدۇراتتى. بەزىلىرى قىيىن - قىستاققا بەرداشلىق بېرەلمەي يالغاندىن ئىقرار قىلاتتى. شۇڭا ناھەق ئەنزىلەر دائىم كۆرۈلۈپ تۇراتتى.

ئامبال سوراققا ئولتۇرغاندا، بىر يايى ئامبالنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ چىۋىن قورۇغۇچ بىلەن چىۋىن قورۇپ تۇراتتى. سوراق ئاياقلىشىپ ئامبال كىرىپ كەتمەكچى بولغاندا، يايىلار دارىن شاتاك (ئامبال سوراقتىن ياندى) دەپ چۇقان سالاتتى.

قاتىللىق ئەنزىنى تەكشۈرۈپ قاتىلنى تۇتۇپ كىرىشتە، ئامبال ئۆزى تۈپتەپشى، چېرىك ۋە يايىلارنىڭ مۇھاپىزەت قىلىشى بىلەن ئاتلىق چىقىپ تەكشۈرۈپ، قاتىلنى تۇتۇپ، قاتىلنىڭ بويىنىغا تاقاق سېلىپ ئېلىپ كىرگەندە، يامۇلنىڭ ئالدىغا قوناق شېخى بىلەن يېقىلغان ئوت ئۈستىدىن ئامبال ئاتنى سەكرىتىپ ئۆتەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۈچ پاي زەمبىرەك ئېتىلاتتى. ئامبال بىرىنچى داتاڭ ئالدىدا ئاتتىن چۈشۈپ، قاتىل تۇتقانلىق مۇراسىمى ئۆتكۈزەتتى. چوڭ دۇمباق چېلىنىپ، 10 نەپەر يايى قىزىل بويالغان ئۇزۇن كالتەكنى كۆتىرىپ، ئىككىنچى دەرۋازا بىلەن داتاڭ ئارىلىقىدا دەۋرىي قىلىپ ھو... ھو... دەپ چۇقان سېلىپ، كالتەكلىرىنى تا-

راق ـ تۇرۇق قىلىپ يەرگە تاشلىشاتتى. بۇنى بىر قاز ـ
چە قېتىم تەكرارلىغاندىن كېيىن، مۇراسىم ئاياقلىشاتتى.

## مەھكىمە شەرئى

مەھكىمە شەرئى ــ دىنغا دائىر ئىشلارنى باشقۇرىدى ـ
غان ئورۇن بولۇپ، بەش نەپەر ئاخۇندىن تەركىپ تاپات ـ
تى. بۇلار قازى، قوزات، ئەلەم، مۇپتى، رەئىس ئاخۇنۇم
دىگەنلەردىن ئىبارەت ئىدى، مەھكىمە شەرئى پۈتۈن نا ـ
ھىيە بويىچە ئىمام، مۇئەززىن، خاتىپ، مۇدەررىس قاتار ـ
لىقلارنى باشقۇرۇش، تەيىنلەش ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇش؛
مازار، مەسچىت ۋە ۋەخپە يەرلەرنى باشقۇرۇش؛
ئۆشرە ـ زاكات ئېلىش؛ ھەرخىل ئەرزلەرنى قوبۇل
قىلىپ سوراق قىلىش؛ شەرئەت ھوكمى بويىچە پەتىۋا
چىقىرىش، تانغۇچىلارغا قەسەم ئىچكۈزۈش، شەرئەتكە خى ـ
لاپلىق قىلغان، دىنىي قائىدە ـ يوسۇنلارنى بۇزغانلارنى تەزىر
(دەررە) بىلەن ئۇرۇپ جازالاش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارات ـ
تى. بەزى ئەنزىلەرنى سۇلھى ــ سالا قىلىش ئارقىلىق ھەل
قىلاتتى. پاھىشە قىلغۇچىلارنى بولسا، يۈزىگە قارا سۇۋاپ،
ئىشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ سازايى قىلاتتى. نانۋايلارنىڭ
نانلىرىنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەمگە يەتمىگەنلەرنى ئۇشتىۋا ـ
تاتتى. تارازا، گەز قاتارلىق ئۆلچەم ئەسۋاپلىرىنى تەك ـ
شۈرەتتى. يۈزى ئوچۇق بازارغا چىقىپ قالغان ئاياللار يو ـ
لۇقسا، تەزىر بىلەن ئۇرۇپ يۈزۈڭنى ياپ لەنەتى دەپ
تىللاپ يۈزىنى ياپتۇراتتى. ھەر بازار كۈنى رەئىس ئاخۇ ـ

ئوم ئاتلىق بازارغا چىقاتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا ئىككى نە -
پەر مۇللام دەررە كۆتىرىپ پىيادە ماڭاتتى. دەررە بىلەن
ئۇرۇپ جازالاشقا ھۆكۈم قىلىنغانلاردا ئۇرۇلغۇچىنى بىرسى
مۈرىسىگە يۈدۈپ تۇراتتى. بىرسى دەررە بىلەن ئۇنىڭ دۈمـ
بىسىگە ئۇراتتى. دەررىنىڭ زەربىسىگە تاقەت قىلالماي
ۋايجان دەپ تولاپ دات - پەريات قىلاتتى. دەررە ئۇرۇ -
لۇپ بولغاندىن كېيىن، ئولەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دى-
گەندەك، جازالانغۇچىدىن دەررە ھەققى دەپ پۇل ئالاتتى.
ھەتتا نامازغا چىقمىغان، روزى تۇتمىغانلارنىمۇ ئۇرۇپ جا-
زالايتتى، مال - مۈلۈك، پۇل - مۇئامىلە دەۋاسىدا، بەزىلەر-
گە قەسەم كەلسە، قەسەم ئىچكەندە ئادەم ئولۇپ كېتىدۇ
دەيدىغان قورقۇش ئىدىيىدە بولغانلىقتىن، يالغان ئىشـ
لارغا ئىقرار قىلىشقا مەجبۇر بولاتتى. بەزىلەر پۇلنى دەپ
ساختىلىق بىلەن قەسەم ئىچەتتى. نەتىجىدە بىر قىسىم كە -
شىلەرگە ۋابال بولۇپ، بىر قىسىم كىشىلەر ھارام دۇنيا-
غا ئىگە بولاتتى. ئوتتۇردا ئاخۇنۇملار موھۇر پۇلى، چاي
پۇلى، خىزمەت پۇلى دىگەن نام بىلەن پۇل ئېلىپ. قاق-
تى - سوقتى قىلىپ ئوزلىرىنى بېيىتاتتى. ئىشقىلىپ ئاخۇ-
نۇملار ھەر كۈنى شەرئىئەت مەھكىمىسىگە كېلىپ ئولتۇر -
سىلا، تاپاۋەت بولۇپ تۇراتتى. ئەقەللىسى ئاما ئارىسى-
دا بولۇپ تۇرۇدىغان ئالغۇ - بەرگۇ، قەرز - مۇئامىلە، مى-
راس ئاپىرىش، ئوي - ئىمارەت، يەر - زىمىن سودىسى قاتار-
لىقلارنىڭ ھەممىسىدە يېزىلغان خەت - چەك، تىلخەت،
ھۆججەتلەرگە ئاخۇنۇملارنىڭ موھۇرىسى بېسىلاتتى. ئاخۇ -
نۇملارنىڭ موھۇرىسى بېسىلمىسا، ئىناۋەتسىز بولاتتى. ھەتـ

تا ھۆكۈمەت ئىدارىلىرى سېتىۋالغان نەرسىلەرنىڭ ھۆججەت - تالونلىرىغىمۇ ئاخۇنۇملارنىڭ مۆھۈرىسى بېسىلاتتى. ئاخۇنۇملار تىلخەت، ھۆججەت ۋە تالونلاردىكى پۇلنىڭ قىممىتىگە قاراپ مۆھۈر ھەققى ئالاتتى.

## بەگ ۋە پاششاپ

ئۇچاغلاردا قاغىلىق ناھىيىسىدە بەگلىكنى شىياڭ، بەگلەرنى بولسا شاڭيۇ دەپ ئاتايتتى. كەنتلەردە يۈز بېشى، ئون بېشى دېيىدىغانلار بار ئىدى. يۇرتنى مۇشۇ كىشىلەر سورايتتى. بەگنىڭ قول ئاستىدا بىر نەپەر توپبېشى (دورغا بەگ)، 4 - 5 نەپەر دورغا بولاتتى. بەگلەرمۇ ئوخشاشلا خەلقلەرنىڭ ئەرز - داتلىرىنى قوبۇل قىلىپ سوراق قىلاتتى. بەگلەرنىڭ ئىش بېجىرىدىغان، سوراق سورايدىغان جايلىرى، شۇلارنىڭ شەخسى ھويلا، ئايۋانلىرىدا بولاتتى. بەگلەرنىڭ كۆپىنچىلىرى ساۋاتسىز بولغانلىقتىن، يۇقۇرىغا يازىدىغان ۋە تۆۋەنگە چۈشۈرىدىغان خەت - چەك ئالاقىلىرىنى توپبېشى يازاتتى. بەگلەرنىڭ بەگلىك تامغىسى يوق ئىدى. پەقەت ئۆزىنىڭ شەخسى نامىدىكى تۇجاڭزىلا بولۇپ، ئۇنى قولغا سالىدىغان ئۈزۈكىنىڭ كۆزىگە ئويدۇرۇۋالاتتى. خەلق ئىشلىرىغا دائىر ئەرز - داتلارنىڭ ھەممىسىنى قوبۇل قىلىپ بىر تەرەپ قىلاتتى. قانۇنى جازا بېرىشكە تېگىشلىكلىرىنى يامۇلنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا يوللاپ بەرگەندىن تاشقىرى قالغان ئەرزىلەرنى بەگلەر ئۆزلىرى بىر تەرەپ قىلاتتى. ئۆزلىرى بىر تەرەپ قىلالمىغان ياكى دەۋاگەرلەر شە-

رىئەتكە بۇيرۇشنى تەلەپ قىلغان ئەرزلەرنى مەھكىمە شەر-
ئىگە ئەۋەتەتتى. بەگ، توپبېشى ۋە دورغىلارغا دولەتتىن
ئىش ھەققى بەرمەيتتى. ئەرزلەرنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن،
تەرەپلەرنى چاقىرىپ كېلىشكە دورغا بۇيرۇلاتتى. دورغا
تەرەپلەرنى چاقىرغاندا ئۇلاردىن تاپان ھەققى ۋە ئۇلاق-
لىرى ئۈچۈن يەم - خەشەك ئالاتتى. دەۋا بىر تەرەپ بول-
غاندا، دەۋانىڭ قىممىتىگە قاراپ بەگ ۋە توپبېشىلار ئۈ-
چۈن خىزمەت پۇلى تولەيتتى. ناھىيىدىن يۇرتقا ھەرخىل
ئالۋاڭ - ياساق چاچقاندا، بەگلەر ئۇنىڭغا بىرسەن قو-
شۇپ يىغىۋېلىپ ئۆزىنىڭ چونتىكىگە سالاتتى. يېڭىدىن
تەيىنلەنگەن بەگلەرنىڭ ئىشىك، دەرۋازا تاملىرىغا شە-
خسىلەر تەرىپىدىن چوڭ قىزىل قەغەزگە يېزىلغان تەبرىك
خەتلىرى چاپلىناتتى ھەم پوجاڭزا ئېتىپ مۇبارەكلىشەت-
تى. يېڭى بەگ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ھەشقاللا ئېي-
تىپ ئاز - تولا ئىنئام بېرەتتى. ئۆز تەۋەسىدىكى يۇرتتىن
يۈز بېشىلار خەلققە سېلىق سېلىپ يامبۇ - تەنگە، ئات،
قوي، كىگىز قاتارلىقلارنى يىغىۋېلىپ خەلق نامىدىن بەگ-
نى تەبرىكلەيتتى.

پاششاپ دىگەن سوز ئەرەپچە پادىشاپ دىگەن سوز-
نىڭ ئۆزگىرىشى بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى «كېچە پادىشاسى»
دىگەن بولىدۇ. خەنزۇچە خېيشۈك (黑巡) دەپ ئاتىلىدۇ.
خەلق ئارىسىدا بولسا، پاششاپ بېگىم دىيىلىدۇ. پاششاپ
بىر ناھىيىدە بىرلا بولۇپ، ئىش بېجىرىش ئورنى بازاردا
بولاتتى. مەرتىۋىسى يۇرت بەگلىرىنىڭ مەرتىۋىسىدىن تو-
ۋەنرەك تۇراتتى. ئۇنىمۇ ئامبال تەيىنلەيتتى. پاششاپ-

نىڭ ۋەزىپىسى — يامۇلغا ياردەملىشىپ ئوغرىلارنى تۇتۇش، ئوغرىلىق ئەنزىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش، چوڭراق بولغان ئوغرىلىق ئەنزىلىرىنى يامۇلغا يوللاپ بېرىش، كېچىلىرى كوچا چارلاشتىن ئىبارەت ئىدى. پاششاپ بەگنىڭ بىر قانچە دورغىلىرى چويۇن ۋە ياغاچتا ئىشلەنگەن كالتا ھەم ئۇزۇن ساپلىق چوماقلىرى، ئادەم قىيناش ئەسۋاپلىرى بولاتتى. ئوز ئالدىغا قاماقخانىسى بولۇپ قاماقخانىدا ئوغرىنىڭ پۇتىغا سالىدىغان كوتەك بولاتتى. پۇتىغا كوتەك سېلىنغانلار ئوڭدىسىغا ياتاتتى. ئوغرىلار ئىقرار قىلمىسا، ھەرخىل قىيناش ئەسۋاپلىرىنى ئىشقا سېلىپ قىيناپ ئىقرار قىلدۇراتتى. بەزىبىر ”ئوغرى» دەپ قارىلىنىپ تۇتۇپ كېلىنگەن ياخشى ئادەملەر قىيىن - قىستاققا بەرداشلىق بېرەلماي، يالغاندىن ئىقرار قىلىپ ئوغرىلار قاتارىغا قوشۇلۇپ كېتەتتى. قامالغانلاردىن قاماق ھەققى، چاي پۇلى، خىزمەت پۇلى دىگەن ناملار بىلەن ئۇلارنى قاخشىتىپ قاقتى - سوقتى قىلاتتى. ھەتتا بەزى ئوغرىلار بىلەن تىل بىرىكتۇرۇپ ئۇلارنى ئوغرىلىققا سالاتتى. پاششاپلەر ئۇزۇن ئوتمەيلا بايلاپ كېتەتتى.

## يا ئانىسىنى بەرمەيدۇ، يا بالىسىنى بەرمەيدۇ

قاغىلىق بازىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھىندى سارىيى دەپ ئاتالغان ھىندىلار تۇرىدىغان بىر ساراي بولۇپ، ئادەتتە 5 - 6 نەپەر ھىندى ئوۋقەت قىلاتتى. بۇلار ئاساسەن ئوسۇمگە پۇل چېچىپ، سوتخورلۇق قىلاتتى. يەنى جازانىـ

خورلۇق قىلاتتى. پۇلغا ئېھتىياجلىق بولغان خەلق ئۇلار-
نىڭ كېپىلچىلىرى (كېپىلچىلار يەرلىك ئۇيغۇرلار ئىدى)
ئارقىلىق تىلخەت يېزىپ بېرىپ ئۆسۈمگە پۇل قەرز
ئالاتتى. ھەر بىر ھىندىنىڭ يېنىدا 2 - 3 نەپەردىن كې-
پىلچىلار بولاتتى. بۇلار قەرز ئالغۇچى - بەرگۈچى ئىككى
تەرەپتىن پۇلنىڭ سانىغا قاراپ كېپىللىك ھەققى ئالاتتى.
ۋاقتى - قارارى بويىچە كېپىلچىلار قەرزدارلارنى قەرز
تولەشكە ياكى ئۆسۈمىنى تولەشكە ھەيدەكچىلىك قىلاتتى.
ئالغان قەرز پۇل ئانىسى، ئۇنىڭ ئۆسۈمى — بالىسى دەپ
ئاتىلاتتى. ھىندىلارنىڭ كاتتا بېشى — ئاقساقال دېيىلەتتى.
ئاقساقال ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانى-
سى تەرىپىدىن بەلگىلىنەتتى. شۇ چاغدىكى ھىندىلارنىڭ
ئاقساقالى دىيا باي دىگەن ھىندى بولۇپ، گەۋدىلىك،
يوغان قوساق، كىلەڭسىز ئادەم ئىدى. دائىم بېشىغا يوغان
دەستار ئوراپ، ماڭلىيىغا قىزىل تامغا بېسىۋېلىپ، قولى-
دا ئىلمەك نىزام تايىقى تۇتقان ھالدا يۈرەتتى. ھىندى-
لارنىڭ قەرزدارلاردىن ئالىدىغان ئۆسۈمى ئېغىر بولغانلىقى-
تىن، قەرزدارلار قەرزنىڭ ئانا - بالىسىنى ۋاقتىدا تو-
لىيەلمەي قالغاندا، كېپىلچىلارمۇ ھەيدەكچىلىك قىلىپ
ئالالمىغان چاغدا، قەرز بەرگۈچى ھىندى ئۆزىنىڭ ئاق-
ساقىلى دىيا بايغا شىكايەت قىلاتتى. دىيا باي ھىندى-
لارنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە يامۇلغا ھېچكىمدىن تەپتارتمى-
غان ھالدا شاپاشلاپ كىرىپ ئۇدۇل ماڭغىنىچە 2 - داتاڭ-
غا كېلىپ، ئۇيغۇر تىلىدا: «ئامبال دارېن سىزنىڭ پۇق-
رايىڭىز يا ئانىسىنى بەرمەيدۇ، يا بالىسىنى بەرمەيدۇ.

سىزنىڭ ئۇنىڭغا كۈچىڭىز يەتمەمدۇ» دەپ داۋراڭ سالاتتى. چەتئەللىكتىن ئۆلگىدەك قورقىدىغان ئامبال دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئوچۇق چىراي بىلەن ھال ـ ئەھۋال سورايتتى. دېپا باي چىشلىرىنى غۇچۇرلۇتۇپ، قەرزدار ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ: «سىزنىڭ پۇقرايىڭىز ئالغان قەرزىنىڭ يا ئانىسىنى بەرمەيدۇ، يا بالىسىنى بەرمەيدۇ، دەرھال ئالدۇرۇپ بەرمىسىڭىز ئۆزىڭىز جاۋاپكار بولۇسىز» دەپ پوپوزا قىلاتتى. بۇنى ئاڭلىغان ئامبال شۇ ئاندا يايى بۇيرۇپ قەرزدارنى چاقىرتىپ كېلىپ، گەپ سورىماستىن ئالدى بىلەن ئۇنى ياتقۇزۇپ يوتىسىغا تارشا بىلەن بىر-ئىككى يۈزنى ئۇردۇرۇپ ئاندىن سوراق قىلىپ، پۇلنى تولەشكە مەجبۇر قىلاتتى. تولەشكە نەق پۇلى بولمىسا، مال-مۈلكى، يەر ـ زېمىنلىرىنى ساتتۇرۇپ، قەرزنى تولىتەتتى.

ھىندىلارنىڭ بىر يىلدا بىر قېتىم دىنىي بايرىمى ئۆتكۈزۈلەتتى. ئۈچ كۈنگىچە ئىشىك ئالدىنىڭ ئوڭ ـ سول ئىككى يېنىدا ئۈچ مېتىر ئېگىزلىكتە توغرىسىغا ياغاچ ئورنۇتۇپ ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرەر يۈزچە كىچىك ساپال چىراقلارنى ياندۇرۇپ قوياتتى. ھەممە ھىندىلار ھىندى سارىيىدىكى ئىبادەتخانىغا يىغىلىپ ئىبادەت قىلاتتى ۋە توختىماي تەسۋىي سىرىدىپ:«مولا مانى پاتىمە خون» دەپ ئەپسۇن ئوقۇشاتتى.

## خەنزۇچە مەكتەپ

ئۇ چاغلاردا، ئۇيغۇرلارنىڭ يەڭى زامانىۋى مەكتەپلىرى يوق ئىدى. پەقەتلا خەنزۇچە ۋە دىنىي مەكتەپلەر

بار ئىدى. خەنزۇچە مەكتەپ شەھەر ئىچىدىلا بولۇپ، ئۇچ باشلانغۇچ مەكتەپ، بىر تىل مەكتەپتىن ئىبارەت تورت مەكتەپ بار ئىدى. بىرىنچى مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى (لاۋشى) خەنزۇ، قالغان ئۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى خەنزۇچە دەرس ئوتىدىغان ئۇيغۇرلار ئىدى. بۇ، مەكتەپلەر شىيەنـ لى مەكتەپ (ناھىيىلىك مەكتەپ) دەپ ئاتىلىپ، ھوكۇ - مەت باشقۇراتتى.بىر مەكتەپتە بىرلا سىنىپ بولۇپ، 30-35 گىچە ئوقۇغۇچى ئوقۇيتتى. ئوقۇتقۇچىلار ئاساسەن ئولـ كىلىك مائارىپ نازارىتى تەرىپىدىن بەلگىلىنەتتى. ناھىـ يىنىڭ ئامبىلى مەكتەپلەرگە نازارەتچىلىك قىلاتتى. ئوـ قۇغۇچىلارنىڭ مۇئاشى ۋە مەكتەپ خىراجىتى ناھىيىنىڭ مالىيىسىدىن بېرىلەتتى. بۇ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش مۇد - دىتى 4 يىل بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئورنىغا يېڭى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىناتـ تى. بۇ ئوقۇغۇچىلارنى يۇرتلارغا سېلىق سېلىپ يىغىۋالاتـ تى. ئۇ چاغلاردا كىشىلەر ئوز بالىلىرىنى خەنزۇچە مەك - تەپكە بېرىشتىن باش تارتقانلىقى ئۇچۇن كەمبەغەللەرنىڭ بالىلىرىنى سېتىۋېلىپ ئوز بالىسىنىڭ ئورنىغا سەپلەيتتى. ئۇ چاغلاردا سېتىۋالىدىغان بالىلارنىڭ باھاسى 40 - 50 سەر كۇمۇش ئىدى. بۇ خىلدىكى بالا سېتىۋېلىش سودد - سى باشلانغاندا يېزا بەگلىرى نۇرغۇن قاقتى - سوقتى قى - لىۋالاتتى. بەگلەر ئوقۇغۇچىلارنى ئېلىپ كەلگەندە ئوقۇتـ قۇچىلار كورۇپ ماۋۇ تاز ئىكەن، ماۋۇ پوقاق ياكى سەت ئىكەن، يېشى چوڭ ياكى كىچىك ئىكەن دەپ ھەرخىل بانىلارنى كورسىتىپ قوبۇل قىلمىغاندا، بەگلەر ئۇلارغىمۇ

پۇل ۋە نەرسە ـ كېرەك سوغا قىلىپ، ئوقۇغۇچىنى قوبۇل قىلدۇراتتى. قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارغا ئوزىنىڭ ئۇيـ
ـغۇرچە ئىسمىغا يېقىنلاشتۇرۇپ خەنزۇچە ئىسىم قويۇپ، ئۇنى پارچە قەغەزگە يېزىپ ئۇنىڭ شىرەسى ئۇستىگە چاپلاپ قوياتتى. قويۇلغان ئىسىمنى 3 ـ 2 كۈن ئوقۇپ تەكرارلاپ ياتلىۋالغاندىن كېيىن، رەسمى دەرس ئوتىلەتتى. خەنزۇ ئەمەلدارلار بالىلىرىنى ياموُلدىكى خۇسۇسى مەكتەپكە بېـ
ـرەتتى. شەھەردىكى كەسىپدار خەنزۇلار بولسا، ناھىيىلىك هوكۇمەتكە بېرەتتى. دېمەك خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار بىر سىـ
ـنىپتا بىر ياكى ئىككىسى بولاتتى. بۇ مەكتەپلەرگە قىز ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنمايتتى. ئوقۇغۇچىلارغا كېرەكلىك دەرسلىك كىتاپ، ماۋبى قەلەم، سىيا، قەغەز قاتارلىقلار مەكتەپ تەرىپىدىن تارقىتىپ بېرىلەتتى. 4 يىل داۋامىدا ئوقۇلىدىغان دەرسلەر: گوۋېن (国文) يەنى دولەت يېزىـ
ـغى، شيۇشىڭ (修身) يەنى ئەخلاق، ھىساپ، رەسىم، چەنـ
ـۋېن (缠文) يەنى چەنتـو يېزىـغـى دەرسلىگى ۋە شېىر، گىمناستىكىلاردىن ئىبارەت ئىدى. بۇ دەرسلىك كىتاپلار بىردىنچى قىسىمىدىن سەككىزىنچى قىسىمغىچە بولۇپ، ھەر ھەۋسۇمدە بىر كىتاپنى ئوقۇپ 4 يىلدا تامام قىلاتـتـى. ھەر كۈنى 6 سائەت دەرس ئوقۇلاتـتـى . دوسكـا يېنىغا ئالقانغا ئۇرۇدىغان تارشا ئېسىقلىق تـۇراتتـى. ئـەگـەر ئوقۇغۇچىلار دەرسنى بىلەلمىسە، ياكى تەرتىپكە بوي سۇنـ
ـمىسا، ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىنىڭ ئالقىنىغا تارشا بىلـەن ئۇراتتى. يىللىق ئىمتىھان ۋە ئوقۇش پـۇتتۇرۇش ئىمـ
ـتىھانىنى ئامبال ئوزى ئالاتتى. ئۇيغۇرچە دەرس پىروگرامـ

ھەمدا بولسىمۇ لېكىن ئۇنىڭ ئورنىغا دىن دەرس ئوتى-
لەتتى. بىر ھەپتىدە بىر سائەت ئىدى. بۇ دەرسنى ئا-
خۇنۇملار ئوتەتتى. 4 يىلغىچە بېرىدىغان دىنىي دەرس
پەقەت ئۇششاق سۈرىدىن ئىبارەت ئىدى. ئىمتىھاندىن
ياخشى ئۆتكەن ئوقۇغۇچىلار يەركەندىكى رۇشتى سىنىپقا
ئىۋەتىلەتتى. ئۇ يەردە ئىككى يىل ئوقۇپ، ئوقۇش پۈت-
تۈرگەندىن كېيىن بەزىلىرى ئامبال يامۇلدا بولۇم ئەزا-
سى، تۆكچى (تەرجىمان) بولۇپ قالاتتى. ئاز ساندىكىلى-
رى ئۆرۈمچىدىكى جاڭۋۇتاڭ (讲武堂) مەكتىۋىگە
ئىۋەتىلەتتى.

## دىنىي مەكتەپ

ئەينى ۋاقتىدا، ئىستىبدات ھاكىمىيەت پەن - تېخ-
نىكا ۋە مىللى مەدەنىيەتنىڭ راۋاجلىنىشىنى چەكلەپ،
خەلقنى جاھالەتتە تۇتۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، پەقەت
خەنزۇچە مەكتەپ ۋە دىنىي مەكتەپلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ
تۇرۇشىغا يول قويغان. دىنىي مەكتەپ — خۇسۇسى مەكتەپ
بولۇپ چوڭ مەھەللە، يېزا - كەنتلەردە بىردىن دىنىي
مەكتەپ بار ئىدى. دىنىي مەكتەپلەر موللامىنىڭ ئايۋان
ياكى چوڭراق ئۆيلىرىدە قۇرۇلغان بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار
توپىلاڭ يەردە ئولتۇرۇپ ئوقۇيتتى. كىتاپقا قاراپ دەرس
ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار مەسىلەن: قائىدە، ھەپتىيەك،
قۇرئان، پەندنامە، ناۋايى، خوجا ھاپىز قاتارلىق كىتاپ-
لارنى ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدىغا ئۇزۇنچاق پاكا

بەندىلىك قويۇلغان بولۇپ، كىتاپلىرىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە قويۇپ دەرسلىرىنى تەكرارلايتتى. موللام ھەر كۈنى ھەر بىر ئوقۇغۇچىغا بىر قېتىمدىن دەرس بېرەتتى. ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنىڭ ۋاقتى - قارارى بولمىغانلىقى، كىشىلەر بالىلىرىنى قاچان ئەكىلىپ بەرسە، شۇ چاغدا قوبۇل قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، دەرستە بىرلىك بولمايتتى. شۇڭا ھەر كۈنى ھەر بىر ئوقۇغۇچىغا ئايرىم بىر قېتىمـ دىن دەرس ئۆتۈشكە توغرى كېلەتتى. ئوقۇغۇچىلار مەكـ تەپكە كىرگەن كۈندىن ئېتىۋارەن، كەلىمە تەيىمىدىن باشـ لاپ دەرس ئوتەتتى. بۇنى يات ئوقۇپ تۈگەتكەندىن كېـ يىن، قائىدىدىغا كوچەتتى. ئالدى بىلەن ئەرەپ ئېلىپبەـ سىدىن دەرس ئوتۇپ ئۈنىڭدىن كېيىن ھەرپلەرنى ھەجىـ لەپ ئوقۇش، ھەرپلەرنى قوشۇپ بوغۇم ۋە سوزلەرنى ھاسىل قىلىش قاتارلىقلار ئۆگىتىلەتتى. بۇلارنى موللام تاختا ياكى تىترەت دەپتەرگە يېزىپ بېرىپ ئوقۇتاتتى. ئاندىن كېيىن ھەپتىيەك، قۇرئان، پەتنامە، ناۋايى، خوجا ھاپىز كىتاپلىرىنى بىر - بىرىگە ئۇلاپ ئوقۇتاتتى. مۇشۇنداق ئوقۇش ئۈچۈن 6 يىلدىن 8 يىلغىچە ۋاقت كېتەتتى. باشلانغۇچ دىنىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر خوجا ھاپىز موللىلىرى دەپ ئاتىلاتتى. ئەمما بۇلارنىڭ زور كوپچىلىكى خەت يېزىشنى بىلمەيتتى. چۈنكى خەت يېزىشـ نى ئۆگىنىش كوپ ساندىكى مەكتەپلەردە چەكلەنگەن ئىـ دى. موللامنىڭ قارىشىچە خەت يېزىشنى ئۆگەنگەندە، نوسەندە موللا (نىكادىن ئاجراشقانلارغا تالاق خېتى يېزىپ بېرىدىغان موللا) بولۇپ قالىدىكەنمىش. ناھايىتى ئاز

ساندىكى موللامىلار ئوقۇغۇچىلارنى خەت يېزىشنى — ئۆگى-
نىشكە دەۋەت قىلاتتى. ياموّل ئالدى مەسچىتنىڭ مۇئەززىنى-
چاۋار مۇئەززىن ئاخۇنۇم ئۆزىنىڭ مەكتىۋىدە دوسكا
ئورنىتىپ، خەت يېزىشنى ئۆگەتكەن. باشلانغۇچ دىنىي مەك-
تەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن بەزىلەر ئوقۇمايتتى. بەزىلەر
بولسا، مەدرىسىگە بېرىپ داۋاملىق ئوقۇيتتى. مەدرىسى-
نىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى مۇدەررىس، ئوقۇغۇچىلىرى تالىپ
دەپ ئاتىلاتتى. بەزىلىرى بولسا، قارىخانىغا بېرىپ قى-
رائەت ئوقۇپ قارى بولۇپ كېتەتتى. دىنىي باشلانغۇچ مەك-
تەپكە قىزلارمۇ قوبۇل قىلىنىپ ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار بىلەن
ئارىلىشىپ ئوقۇيتتى. لېكىن 12 - 13 ياشقا كىرگەندە ئاتا-
ئانىلىرى مەكتەپتىن ئاجرىتىۋېلىپ روپاش قىلىپ ئۆيدە
ئوقۇتاتتى ياكى ئوقۇشتىن توختۇتۇپ قوياتتى. موللامىنىڭ
تۇرمۇش تەمىناتى ئوقۇغۇچىلاردىن كېلەتتى. ھەر پەيشەن-
بە كۈنى ئوقۇغۇچىلار ئۆزىنىڭ ئىقتىسادى ھالىغا قاراپ،
بېشى بىر سەر تەنگە، ئاخىرىسى 2 - 3 داچەن ئېلىپ
كېلىپ موللامىنىڭ ئالدىغا قويۇپ دۇئاسىنى ئالاتتى. بۇ
پەيشەنبىلىك دەپ ئاتىلاتتى. بۇنىڭدىن باشقا ھەر يىلى
يىل ئايرىلغان كۈنى يەنى نورۇز كۈنى، موللام نورۇزنامە
دېيىلىدىغان نورۇزلۇق يېزىپ تەييارلايتتى. نورۇزنامە
بىر پارچە 4 چارسا كىچىك قەغەزگە بىر كۇپلېت 4 مىسرا
شېئىر يېزىلغان خەت بولۇپ، قايسى ئوقۇغۇچى نورۇزلۇق
پۇل ئېلىپ كەلسە، شۇنىڭغا بىر پارچە بېرەتتى. بۇنى
ئالغان ئوقۇغۇچى قەغەزنى چىكىسىگە قىستۇرۇپ قايتىپ
كېتەتتى. موللام بۇ ئارقىلىق بىر ئاز كىرىمگە ئىگە بولاتتى.

# بۇتخانا

قارغىلىقتا توت ئورۇندا بۇتخانا بار ئىدى. كالابازىرىدا ئىككى ئورۇندا بۇتخانا بولۇپ، خەنزۇلار كېلىپ كوجا كويدۇرۇپ، ئىسرىق سېلىپ، شام يېقىپ تۇراتتى. چىڭخۇاڭمياۋ بۇتخانىسىنىڭ توردىكى سۇپىدا ئالدىغا قىزىل رەخت تارتىلغان چوڭ شىرە بولۇپ شىرەنىڭ ئارقىسىدىكى ئورۇندۇقتا قىزىل تۇۋار تون كەيگەن، بېلىگە كەمەر باغلىغان، بېشىغا ئەمەلدارلىق قالپىقى كەيگەن ئۈزۈن قارا ساقاللىق چىڭخۇاڭمياۋ بۇتى ئولتۇراتتى. تۇۋەندە ئوڭ - سول ئىككى تەرەپتە ھەر خىل سىر بىلەن سىرلانغان، كۆزلىرى چەكچىيىپ، ئېغىزلىرىدىن قان ئېقىپ تۇرغان ھەيۋەتلىك ۋە قورقۇنۇچلۇق ئىككىدىن توت ھەيكەل بولاتتى. بۇلاردىن بىرسىنىڭ قولىدا چىڭخۇاڭمياۋنىڭ تامغىسى بولۇپ، بۇ ھەيكەلنى پەنگۇەن، يەنى جازا ھوكۇم قىلغۇچى ئەمەلدار دېيىلەتتى. ئۇنىڭ ئۇدۇلىدىكى بىر ھەيكەلنىڭ قولىدا ماۋبى قەلەم بولاتتى. ئالدىدىكى سەينادا ئاتلىرىنىڭ غانجۇغىسىنى تۇتۇپ تۇرغان سىپاھەلارنىڭ ھەيكىلى بولاتتى. يار كوچىدا قاتىرىغا ئۈچ بۇتخانا بولۇپ، بىرسى كۆكزى بۇتخانىسى، بىرسى ھەربى بۇتخانا، يەنە بىرسى نامەلۇم بۇتخانا ئىدى. بۇلارنىڭ ياسىلىشى ئازراق خان سارىيىغا ئوخشاپ كېتەتتى. كۆكزى بۇتخانىسى — ۋېنمياۋ، ھەربى بۇتخانا — ۋۇمياۋ دەپ ئاتىلاتتى. بۇ بۇتخانىلاردا ھەيكەل يوق ئىدى. ئەمما بۇت-

لارنىڭ ئىسمى تاختايلارغا يېزىپ قويۇلغان ئىدى. مەسى-
لەن: قەلەم بۇتخانىسىدا كۆكزىنىڭ ئىسمى يېزىلغان
بولسا، ئەلەم بۇتخانىسىدا ئۈچ دولەت دەۋرىدىكى
گۆنگۈك، جاڭفي، سۈك سۈلالىسى دەۋرىدىكى
يۈيفى قاتارلىقلار بولۇپ، يۈزدىن ئارتۇق قوماندان، پال-
ۋانلارنىڭ ئىسمى ئايرىم - ئايرىم يېزىلغان ئىدى. ھەر
يىلى ئەتىياز، كۈزدە كۆكزىنىڭ دۇنياغا كەلگەن ۋە ئول-
گەن كۈنىنى خاتىرلەش مۇناسىۋىتى بىلەن بۇتخانىغا يىغى-
لاتتى. بۇ يىغىلىش بامدات نامىزى ۋاقتىدا باشلىناتتى.
ھەممەيلەن بۇتخانا سەينىسىغا توپلۇنۇپ ئالدىنى دىۋانغا
قارىتىپ بىر قانچە سەپ بولۇپ تىزىلىپ تۇراتتى. ئامبال
سەپنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ يالغۇز بىر سەپ بولۇپ تۇراتتى.
ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى سەپتە خەنزۇ ئەمەلدارلار، ئىشچى-
خىزمەتچىلەر ۋە خەنزۇ تىجارەتچىلەر تۇراتتى. ئۇلارنىڭ
ئوڭ ۋە سول تەرىپىدە خەنزۇ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى
قاتار تىزىلىپ تۇراتتى. دىۋاننىڭ يان تەرىپىدە بولسا،
جاغ، دۇمباق، سۇنەي، نەي چالىدىغان چالغۇچىلار تۇرات-
تى. دىۋاندا كۆكزىنىڭ ئورنى دەپ خەت يېزىلغان تاختاي
قويۇلغان شىرەنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۆتتىن سەككىز ئو-
قۇغۇچى كۆكزىنى مەدھىيىلەيدىغان شېئىرلارنى ھەر قېتىم
ئىككى كۇپلېتتىن ئاھاڭغا كەلتۈرۈپ ئوقۇغاندىن كېيىن،
چالغۇچىلار مۇزىكا چېلىپ بولۇشىغا ئامبال باشلىق ھەممە
كىشى ئۈچ قېتىم باش ئۇرۇپ سەجدە قىلاتتى. مۇشۇ تەر-
تىپ تەكرارلىنىپ، شېئىر ئوقۇلۇپ بولغاندا، خاتىرلەش
تامام بولاتتى. ئەتىسى ھەربىلەر، ھەربىلەر بولمىغان چاغ-

دا، ئامبال باشلىق ھەممە خەنزۇلار كېلىپ ھەربى بۇتخانىدا يۇقۇردىكىگە ئوخشاش خاتىرلەشنى ئېلىپ باراتتى. ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە خاس ئوقۇلىدىغان شېئىرلىرى بار ئىدى. ئىسمى نامەلۇم بۇتخانىنىڭ يېنىدا مەخسۇس سېلىنغان نياڭنياڭ مياۋ دەيدىغان ئالتە قۇلاقلىق ئايال بۇت بولۇپ بۇنىڭدىمۇ ھەمىشە چىراق يېقىلىپ تۇراتتى.

## خانىقا ۋە مازار

قارغىلىق بازىرىدا، تەرىقەت يولىنى تۇتقانلاردىن ئاتاللاخان خوجا، مامۇتخان خوجا ئىشانلىق قىلىدىغان چوڭ خانىقادىن بىرسى بولۇپ، ھەر ئازنا كۈنى ئەتىگەندىن جۈمە ۋاقتىغا قەدەر جەھرە-سوھبەت ئۆتكۈزۈلەتتى. بىر مىڭغا يېقىن ئادەم سىغىدىغان بۇ خانىقاغا جەھرە-سوھبەت ئۈچۈن 800 - 700 گىچە مۇرىتلار كېلەتتى. بۇلار ئىشانغا قول بەرگەن مۇرىتلار دەپ ئاتىلاتتى. ئادەتتىكى مۇرىتلاردىن باشقا، خەلىپە، سوپى ۋە ھاپىز دەيدىغانلارمۇ بار ئىدى. خەلىپە ئىشاننىڭ ئورۇن باسارى سۈپىتىدە تەرىقەت يولىغا دائىر ئىشلارنى ئىشلەيتتى. سوپى ھەمىشە خانىقادا تۇرۇپ ئىبادەت قىلىش بىلەن ئىشاننىڭ خىزمىتىدە بولاتتى. ھاپىز بولسا، جەھرە-سوھبەت بولغاندا، ھوكمەت ئوقۇپ، جەھرىنى قىزىتاتتى ۋە مۇرىتلارغا ئىلھام بېرەتتى. ئازنا كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن جەھرى-سوھبەتتە ھاپىزلارنىڭ ئوقۇغان ھوكمىتىگە ماسلىشىپ، مۇرىت ۋە سوپىلار «ھۇ ..... ھۇ .....» دەپ ساما قىلىپ، خانىقا

ـئىچدە ئايلىنىپ دەۋر قىلاتتى ھەم يىغى - زارە قىلاتتى. جەھرە - سوھبەت ئاياقلىشىپ جۇمە، پىشىن نامازلىرى ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئىشانىنىڭ ئايۋانىدا داستىخان سېلىنىپ، خەلقلەر تەرەپتىن نەزىر - چىراق قىلغان قوي ۋە ئاشلىقلاردا ئەتكەن شىران، يەنى گۈرۈچ، بۇغداي ھەم گوش بىلەن پىشورۇلغان كوجە ياكى ئۇماچ كەلتۈرۈلەتتى. بۇنىڭدىن باشقا بەزى كەنتلەردىمۇ خەلىپىلەرنىڭ رىياسەتچىلىگىدە ئازنا كۈنلىرى جەھرە - سوھبەت بولاتتى.

مازارلارنى تاۋاپ قىلىش ئەينى چاغلاردا بىر خىل ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان. كىشىلەر بەزى مازارلارغا قەرەللىك بېرىپ تاۋاپ قىلسا، بەزىلىرىدە ھەممىشە بېرىپ تاۋاپ قىلىپ تۇراتتى. بۇ مازارلارنىڭ كوپ قىسمى بۇندىن 1100 يىل ئىلگىرى، مەھەممەت پەيغەمبەرنىڭ 4 - نەۋرىلىرى توت ئىمام، زەبىيۇللا (كېيىن راۋاجلىنىپ 12 ئىمام بولغان ئىكەن) ئەرەپ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، قورال كۈچى بىلەن ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق قەشقەرغە كېلىپ، سۇلتان سۇتۇق بۇغرا خانىنى تېچ يول بىلەن ئىمان ئېيتقۇزۇپ، ئىسلام دىنىغا كىرگۈزگەندىن كېيىن، خوتەنگە ئوتتۇشتىكى يول ئۈستى ۋە خوتەن تەرەپتە بولۇنغان جەڭدە ئولۇپ كەتكەن ئەرەپ ئەسكەر باشلىقلىرى سەردار ۋە پالۋانلاردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلار شېھىت بولغاندىن كېيىن، قەۋرىلىرى قاتۇرۇلۇپ، توغ - شادالار قادىلىپ مازار، بۇزرۇكۋار دىگەن ھورمەتكە ئېرىشكەنلەردۇر. يەنە بىر قىسىم مازارلار بولسا، كېيىنكى چاغلاردا، ئەۋلىيا ۋەلى بولۇپ خەلقىنىڭ ھورمى-

تىگە ئېرىشكەنلەرنىڭ قەۋرىستانلىغىمۇ ئوخشاشلا مازار
دەپ ئاتالغان. بەزىلەر ساۋاپ بولىدۇ، گۇنايىمىز يۇيى-
لىدۇ، تەلەپلىرىمىز ئىجاۋەت بولىدۇ — دىگەن كوز قاراش
بىلەن قەرەللىك ۋە قەرەلسىز مازار تاۋاپ قىلىسا، بەزى-
لىرىنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈلپەت چۈشۈش، زالىملارنىڭ
زۇلمىغا ئۇچراش، تۇرمۇشى قىيىنچىلىقتا قېلىش، كېسەل-
گە گىرىپتار بولۇش، شۇنىڭدەك ھەر خىل تەلەپ ۋە ئار-
زۇلىرى بولۇش قاتارلىق سەۋەپلەر بىلەن ئوزلىرى خالىغان
مازارلارغا بېرىپ پۇلى بارلىرى قوي ئولتۇرۇپ نەزىر
قىلىپ، پۇلى يوقلىرى چىراق يېقىپ، دۇئا - تەلەپلىرىنى
قىلىپ قايتىشاتتى. مازاردىن خەۋەر ئالغۇچىنى شەيخ — دەپ
ئاتايتتى. بەزى مازارلاردا، دائىم تۇرىدىغان قەلەندەر-
لەرمۇ بار ئىدى. تاۋاپچىلار ئېلىپ كەلگەن نەزىر - چىراق-
لىرىنى شەيخ ۋە قەلەندەرلەرگە دۇئا قىلدۇراتتى. قارغى-
لىقتا مەشھۇر مازارلاردىن بازار ئىچىدە يۇمۇس خوجام،
جايىتىرەك مازار، چاچقوم مازار، جەمجۇم مازار، زوڭلاك
مازار، شېخىشۇدا دىۋانە بۇرقۇم — دىگەن مازارلار بار.

## سودا - تىجارەت

ئۇ چاغلاردا قاغىلىقتا سودىگەرلەر ئومۇمەن قىلغاندا
چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك دەپ ئۈچ خىلغا بولۇناتتى. چوڭ
سودىگەرلەرنىڭ بىر قىسمى كومۇش تەڭگە، يامبو قاتارلىق
پۇللارنى ئېلىپ ئىچكى ئولكىلەرگە قاتناپ، تاۋار، دۇردۇن،
دورا - دەرمان، چاي، چىنە - قاچا قاتارلىقلارنى ئېلىپ

كېلەتتى. بىر قىسمى ئۆزبېكىستانغا قوي يۇڭى، تېرە، ئۈچەي، پاختا قاتارلىق خام ئەشيالارنى ئېلىپ بېرىپ پاختا توقۇلما رەخت، يىپەك ۋە يۇڭ رەخت، كىيىم تىكىش ماشىنىسى، تومۇر - تەسەك قاتارلىقلارغا ئالماشتۇرۇپ كېلەتتى. يەنە بىر قىسىم سودىگەرلەر مەشۇت (يىپەك يىپ)، كىگىز، جايناماز، ماتا ۋە نەشە قاتارلىقلارنى ھىندىستان، كەشمىرلەرگە ئېلىپ بېرىپ، ئەنگلىيە ۋە ھىندىستاندا ئىشلەنگەن ھەر خىل رەختلەر، ھىلىچ (چەرچىن) ماللار، دورا - دەرمان، ئەپيۇن قاتارلىقلارغا ئالماشتۇرۇپ كېلەتتى. بەزىلىرىنىڭ ئامبارلىرى ۋە چوڭ - چوڭ ماگېزىنلىرى بولۇپ، ئوتتۇرا، كىچىك سودىگەرلەرگە ئۆزلىرى خالىغانچە باھا قويۇپ سېتىپ بېرەتتى. ئۆز دۇكانلىرىدا خېرىدارلارغا پارچە سېتىپمۇ بېرەتتى. ئوتتۇرا ھال سودىگەرلەر بولسا، مەخسۇس دۇكان ئېچىپ تۇراقلىق ھالدا گەزلىمە رەخت ياكى چەرچىن مال ياكى دورا - دەرمانلار بىلەن تىجارەت قىلاتتى. كىچىك سودىگەرلەر يەنى چار بازارچىلار كوچىمە دۇكان ئېچىپ يېزا بازارلىرىنى ئايلىنىپ تىجارەت قىلاتتى. نەشىگە ئالماشتۇرۇپ ئەكەلگەن ئەپيۇننى خەنزۇ تىجارەتچىلەرگە سېتىپ بېرەتتى. سودىگەرلەرنىڭ مال باھاسىنى بېكىتىپ بېرىدىغان ۋە تەكشۈرۈپ تۇرۇدىغان ئورگانلار بولمىغانلىقتىن ئۇلار ماللىرىغا خالىغانچە باھا قويۇپ ساتاتتى. شۇ يوللار ئارقىلىق چوڭ سودىگەرلەر كىچىك سودىگەرلەرنى، كىچىك سودىگەرلەر خەلقنى ئېكىسپىلاتاتسىيە قىلاتتى. يۇقۇرقىلاردىن باشقا، يەرلىكتە ئىشلەنگەن ماتا، ئەتلەس، شايە، بەقەسەم ۋە

چەكمەن، زىلچا - گىلەم، كەتمەن، كەكە ھەم پالتا قاتار- لىقلارنى ئېلىپ ساتىدىغان سودىگەرلەر بولۇپ، ئۇلارمۇ مەخسۇس دۇكانلاردا ساتاتتى. زاۋۇتتا ئىشلەنگەن رەختە- لەرنىڭ باھاسى ئۈستۈن بولغانلىقتىن ئۇنى بايلار، ئەمەل- دارلار ۋە ئۇلارنىڭ خوتۇن - بالىلىرى ئېلىپ ئىشلىتەتتى. زور كوپچىلىك خەلق ماتا - چەكمەندە كىيىم كىيەتتى.

## چاقچىلە ۋە مەشرەپ

ھەر يىلى 3 - 2 قېتىم ئۇرۇمچىدىن ياكى قەشقەر تەرەپتىن شەخسلەر تەشكىل قىلغان چاقچىلىكەشلەر، سىھىرگەرلەر كېلىپ بوتخانىلاردا سەھنە باغلاپ، 10- 5 كۈن ئويۇن قويۇپ قايتىپ كېتەتتى. ئامبال، دارىنلار، خەنزۇ سودىگەرلەر، خەنزۇ تىلى بىلىدىغان بەگ، توپبېشىلار كېلىپ كۆرەتتى. ھەر قېتىم ئويۇن ئوينىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارغا ئىنئام بېرىلەتتى. خەلقلەردىن كېلىپ كۆرىدىغانلار دەرۋازا توسىدىغانلارغا پۇل تۆلەپ كىرەتتى. بۇلارنىڭ كۆرسىتىدىغان ئويۇنلىرىنىڭ ئاساسى مەزمۇنى — ئۈچ دۆلەت دەۋرىدىكى ليۇبى، جۇگېلياڭ، گۇەنگۇڭ، جاڭفې قاتارلىقلار بىلەن ساۋساۋ، سىمايى قاتارلىقلار ئوتتۇرىسىدا بولغان جەڭ ھەم ھىلە-مىكىرلىك ئىشلار، تاڭ، سۇڭ، يۈەن، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى جەڭلەر ۋە پادىشا، ۋەزىر، ئەمەلدارلار ئارىسىدىكى ھەر خىل ئەھۋاللاردىن ئىبارەت ئىدى. بۇندىن باشقا يەرلىك خەنزۇلار ئارىسىدىكى ھەۋەسكار ئەرتىس ۋە چالغۇچىلاردىن

تەركىپ تاپقان ئويۇنچىلار بولۇپ، كوپرەك نياڭنياڭمياۋ بۇتخانىسىدا ئويۇن قوياتتى. بۇنىڭ مەزمۇنى ئاساسەن، مەنچىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ ئىچكى ئەھۋاللىرى، ئىشقى - مۇھەببەت، ئەپسانە - رىۋايەتلەر ۋە خەلق ئارىسىدىكى ياخشى - يامان ئىشلارنى مەدھىيلەش ياكى مەسخىرە قىلىش ئۇسۇلى بىلەن قوشاق قىلىپ ئېيتىشتىن ئىبارەت ئىدى.

مەشرەپ — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىرخىل مىللى تۇس ئالغان ئەنئەنىۋى ئويۇنى ئىدى. ئۇ چاغلاردا مەشرەپتىن باشقا تىياتىر، كىنوغا ئوخشاش ئويۇنلار يوق ئىدى. مەن 5 ياش ۋاقتىمدا، ئەنگلىيە ياكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭمۇ ئىش قىلىپ جەنۇبى شىنجاڭنىڭ قايسى بىر ناھىيىنىڭ خەلق تۇرمۇشىدىن ئېلىپ ئىشلىگەن بىر كىنوسىنى قاغىلىق كالا بازىرىدىكى بىر سارايدا قويغان ئىدى. كىنوغا كىرگەنلەردىن پۇل ئېلىپ كىرگۈزگەنلىكى ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، ئۇ چاغدىكى كىنو ئاۋازسىز ئىدى. مەشرەپ بولسا شۇ چاغدىكى خەلقلەرنىڭ بىردىنبىر ئويۇنى بولۇپ ھېساپلىناتتى. بەگ، توپبېشىلار، شەھەر بايلىرى، سودىگەر - تىجارەتچى ۋە قول ھۈنەرۋەنلەر، توي - توكۈن، مېھمان چاقىرىش، نەۋەتلىشىپ بىر-بىرىنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇش، باغ سەيلىسى قىلىش قاتارلىقلاردا ساز چېلىپ، ئۇسۇل ئوينىسا، بۇ، مەشرەپ دەپ ئاتىلاتتى. شۇ چاغدا جەمئىيەتتە ئۆزلىگىدىن شەكىللەنگەن بىرقانچە گۇرۇپپا مىللى سازەندىلەر بولۇپ، ساتارچى، تامبۇرچى، قالۇنچى ۋە داپچىلاردىن ئىبارەت ئىدى.

مېھمان چاقىرىلغاندا، ساھىپخان سازەندىلەرنى تـەكلىپ
قىلىپ، مەشرەپ بېرەتتى. ئالدى بىلەن سازلار ناخوللى-
نىپ بىرەر پەردە مۇقام چېلىنغاندـىن كېيـىن سـاز ۋە
غەزەللىرىنى ئۇسۇلغا كەلتۈرۈپ چالاتتى. بېشىدا كەمچەت
تۇماقنى قىڭغىر كەيگەن، قولىقىغا ئالتۇن ياكى كـومۇش
زىرە سالغان، ئۇستىگە جىلىتكا ياكى پـەشمەت، جـۇۋيازا
كەيگەن چىرايلىق ئاياللار سازغا ماسلىشىپ ئۇسۇل ئوي-
نايتتى. سورۇندا ئولتۇرغانلار ئوزلىرىنىڭ ھالىغا قاراپ
بىرسەر، يېرىم سەر تەڭگە ياكى بىر قانچە داچەن پۇلنى
ئۇسۇلچى ئايالنىڭ بېشىدىن ئوروپ، سازچىلارنىڭ ئالدىغا
قويۇلغان پەتنۇس ئۇستىگە تاشلىشاتتى. يـاز كـۈنلىـرى
بولسا، شەخسىلەرنىڭ باغلىرىدا مەشـرەپ بولاتتى. مـەش-
رەپتە چېلىنغان ساز ۋە ئوينالغان ئۇسۇللاردىن ھوزۇرلى-
نىپ، بەزىلەر مۇسەللەس ئىچەتتى. چۈنكى ئۇ چاغدا ھاراق
بولسىمۇ، لېكىن قـاغىلىقتا ئۇيغۇرلار ھاراق ئىچمەيتتى.
سازەندىلەر ئارىلاپ دەم ئالغاندا، شاھ جەمشىت، شاھنامە،
نۇشىرۋان ئادىل، قىسسەسۇل ئەنبىيا، ئەمىر ئـاۋامىسلىم،
ئەھمەت زەمچى، غېرىپ - سەنەم، تاھىر - زوھرا، ھـورلىقا
قاتارلىق رومان ۋە داستانلارنى ئوقۇيتتى. بەزىلـەر دۇتـار
ۋە راۋاپ بىلەنمۇ مەشـرەپ ئۇيۇشتۇراتتى. مىللى ئاشخا-
نىلاردا بىر قولدىن سازەندىلەر بولۇپ، كۈن بويى مۇقام،
غېرىپ - سەنەم غەزەللىرى، ئەل ناخشىلىرى ۋە قوشاقلارنى
سازغا بىرلەشتۈرۈپ كوپلەپ خېرىدارلارنى جەلىپ قىلاتتى.
خېرىدارلارمۇ ئۇلارغا ئاز - تولا پۇل تاشلاپ بېرەتتى.

# مەيدانخانە ۋە ئەپيۇنخانە

بىر قىسىم كىشىلەر مەيلى قايسى تەركىپتىن بولـ
سۇن نەشە (بەڭ) چىكەتتى. نەشە چىكىدىغان ئورۇننى
مەيدانخانە دەپ ئاتايتتى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆز ئۆيىدە
خۇپىيانە چەكسە، بەزىلىرى مەيدانخانىدا ئاشكارە چىكەتـ
تى. بۇنداق نەشە چىكىدىغانلارنى خەلقلەر تەنە قىلىپ
بەڭگى — دەپ ئاتىشاتتى. بۇ مەيدانخانىلار بەڭگىلەرنى
نەشە بىلەن تەمىنلەيدىغان ئورۇنلا بولۇپ قالماستىن،
يەنە قىمارۋازلارنىڭ ئوينايدىغان سورۇنى ئىدى.
بازار ئىچىدە ئىبراھىم بەنشى، سوپى نىياز ئاخۇن قاتار-
لىق 3 - 4 ئائىلىنىڭ مەيدانخانىسى بار ئىدى. مەيدانـ
خانىدا كېچە - كۈندۈز ئادەم ئۈزۈلمەيتتى. نەشە
پۇرۇغىدا نەشە چەكمەيدىغان ئادەمنىڭ كۆڭلى ئېلىشىپ،
بېشى ئايلىناتتى. مەيدانخانىنىڭ تورىدىكى ئۇچىغىنىڭ
يېنىدا، كالتە پاچاقلىق شىرە، ئۇنىڭ ئۈستىدە سەيخانا،
كىچىك خالتىلاردا نەشە، خاك قىلىنغان ياغاچ كومۇرى،
شىرەنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە بولسا قاتار تىزىلغان بىر
قانچە چىلىم بولاتتى. بۇلارنى باشقۇرۇپ بەڭ تەييارلاپ
بېرىدىغان كىشى بوۋام دەپ ئاتىلاتتى. ئېھتىمال 1929 -
يىلى قىش كۈنىنىڭ بىر ئاخشىمى، مەرھۇم تاغام تۇمۇر
ئاخۇن مېنى يېتىلەپ كالا بازىرىدىكى مەيدانخانىغا ئېلىپ
كىردى. مەيدانخانىنىڭ تېمىنى ياقىلاپ سېلىنغان چوڭ
سۇپىدا 20 دىن ئارتۇق چىكەرمەنلەر ئولتۇراتتى. بوۋام

بولسا، ھەدەپ سەيخانىغا نەشە، كوك تاماكا ۋە ئـۇششاقـ
لانغان كومۇرنى قاچىلاپ بـەك تـەييـارلاپ، سـەيخانىنى
چىلىمغا قوندۇرۇپ ئوزى بىر سۇمۇرۇپ ئوت ئـالدۇرۇپ،
بەك زاكاس قىلغان ئىلپەتلەرگە ئۇزۇتۇپ بېرەتتى. ئىلـ
پەتلەرنىڭ بەزىلىرى بىر - بىرىگە بەك تۇتۇشۇپ چىكىشەتتى.
بەزىلىرى بىر-بىرى بىلەن مۈگدۈشۈپ ئولتۇراتتى. كىمدۇ
بىرسى تەمبۇرنى تىرىڭلىتىپ، بىرخىل ئاھاڭدا

بىر نەپەس ھوزۇردىن،
دولىتى سۇلايمانى.
ئاللا بىرەر غايىپتىن،
سېنىڭ نانۇ - رىسقىڭنى.

دەپ كـۇيـلـەپ تۇرىشىغا، بىرىدىـلا ئىشىك ئېچىلىپ،
بىر كىشى كىرىپ كەلدى. بۇ كىشى يىتىملىقىم كەنتىلىك
پومىشچىك قۇربان ئاخۇن باي دىگەن ئادەم ئىكەن. بۇنى
كورگەن ئىلپەتلەرنىڭ بەزىلىرى مەسخىرە قىلغان ھالدا،
دەزى بار بـاي غـوجـام كـەپقەپتۇ — دىسە، بـەزىلىرى
كېچىدە ئېزىقىپ كەپقەپتۇ — دىيىشتـى. كەيپى ئـۇچـۇپ
كەتكەن ھېلىقى باي، بـوۋايغا بىر چىلىم بەك تەييارلاپ
بېرىشنى زاكاس قىلدى. يېرىپ باغلاپ قويغان ئەتۇندىن
10 باغلام سېتىۋېلىپ، ھەيدانخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى گۇلـ
خانغا چىلەك قىلىپ تىزىپ، ئوت يـاقـتـى - دە، ئـوت
راسا ۋالىلداپ كويۈشكە بـاشلىدى. بـوۋام تـەييارلىغان
بىر چىلىم بەڭگىنى قۇربان ئاخۇن بايغا ئۇزاتتى. گـۇلخان
ئالدىدا زوڭ ئولتۇرغان بـاي چىلىمنـى قولىغا ئېلىپ
قاتتىق بىر سۇمۇرگەن ئىدى. سەيخانىدىن بىر چىزائوت

يۇقۇرىغا كوتىرىلدى. قاتتىق سۇمۇرگەن بەك ئۇنىڭ يۇرەك
بېغىغا تەپتى-دە، باينىڭ كوزى ئۇينىڭ كوزىدەك ئالىيىپ
قولىدىكى چىلىم يەرگە چۇشۇپ كەتتى ۋە ئوزىمۇ گۇلخانغا
دۇم يىقىلىپ چۇشتى. باينىڭ ساقىلىغا «ۋاژ» قىلىپ ئوت
تۇتۇشۇپ كەتتى. ئوتتا كويگەن ساقالدىن ئەسكى كېگىز
كويگەندەك بەدبوي پۇراق چىقىپ پۇتۇن مەيدانخانىنى
قاپلاپ كەتتى. شۇ ئاندا ئىلپەتلەردىن بىرى دەررۇ كېلىپ
باينىڭ مۇرنىسىدىن تارتىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. باي
ئىڭىكىنى سىلاپ، ساقىلىنىڭ يېرىمى كويۇپ كەتكەنلىگى-
نى سىزىپ «ئەمدى قانداق قىلارمەن» دىدى، «هېچ
ۋەقەسى يوق، بەللىردىكى قىزىل بەلۋاغدا يۇزلىرىنى
ئورىۋالسىلا بولىۋېرىدۇ» — دىدى بىرسى، ئىلپەتلەر قاقاق-
لاپ كۇلۇشتى. بۇنىڭدىن كوپ رەنجىگەن باي زومزايغان
هالدا، ئارقىسىغا قاردماي چىقىپ كەتتى.

ئەپيۇن چېكىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ئامبال-
دىن تارتىپ ئاخىرسى پۇقراغىچە چېكەتتى. ئەپيۇننى
خەنزۇ تىجارەتچىلەر جاگۇڭ قىلىپ ياساپ ساتاتتى. بۇلار
ئىچكى ئولكىلەردىن ۋە چەتئەللەردىن كەلگەن خام ئەپيۇن-
دىن جاگۇڭ قىلىپ پىششىقلاپ 10 داچەنلىك، 20 داچەنلىك-
تىن پارچىلاپ، قەغەزگە ئوراپ خېرىدارلارغا ساتاتتى
چەككۇچىلەرنىڭ بىر قىسمى ئويدە چەكسە، بىر قىسمى
ئەپيۇن خانىلارغا بېرىپ چىكەتتى. ئەپيۇن خانىلاردا 4-5
كارۋات قويۇلغان بولۇپ، بىر كارۋاتتا ئىككىدىن كىشى
بىر - بىرىگە ئالدىنى قىلىپ ياننىشلاپ يېتىپ ئەپيۇن
چىكىشەتتى. ئىككويلەننىڭ ئوتتۇرىسىغا پەتنۇس قويۇلۇپ

پەتنۇس ئۇستىگە قوي يېغىدا يېقىلىدىغان چىراق ۋە ئەپيۇن چېكىدىغان ھەرخىل ئەسۋاپلار قويۇلاتتى. بىرسى تەييارلاپ، ئىككىسى نۆۋەتلىشىپ چېكەتتى. ئەپيۇن چەككۈچىلەرنى ئەپيۇنكەش دەپ ئاتايتتى. ئەپيۇن چېكىشكە پۇل كوپ سەرپ بولغانلىقتىن، ئەپيۇنكەشلەر ئوغايلا تۈگىشىپ، نامراتلىشىپ كېتەتتى. نەشە چېكىشنىڭ ئاقىۋىتى قەلەندەرچىلىككە ئېلىپ باراتتى.

## قىمار ئويناش

ياڭزېڭشىڭ، جىن شورېنلارنىڭ ئىستىبدات ھاكىمىيىتى خەلقنى جاھالەتتە تۇتۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزگەنلىكتىن قىمار ئويناش، ئەپيۇن، نەشە چېكىشتەك يامان ئادەت كەڭ ئەۋج ئالغان ئىدى. قىمار ئاساسەن مەيدانخانىلاردا، ئۇستەڭ بويلىرىدا، باغلاردا ۋە شەخسلەرنىڭ ئۆيلىرىدە ئوينىلاتتى. قىمارنىڭ تۈرلىرى كوپ بولۇپ، تولاراق ئوينىلىدىغىنى ھوشۇق قىمىرى، قەغەز، شىشىخال، ماجاڭپەيلەردىن ئىبارەت ئىدى. ھوشۇقنى تەۋەككۈلگە ”دەتتىكام» — دەپ ئاتاتتى. ئامىتى قاملىشىپ سىيا، سەنجۇ كېلىپ قالسا، ئۇتقان ھىساپلىنىپ، باشقىلارنىڭ تىككەن پۇللىرىنى يىغىپ ئېلىپ، چەندازىغا (ئۇستى گۈل بىلەن كەشتىلەنگەن، 6 - 5 ئېغىزلىق يېڭىغا ئېسىۋالىدىغان پۇل خالتىسى) سالاتتى. ئەگەر ئۇتتۇرۇپ قويسا، باشقىلارنىڭ دوچىققان پۇلىغا پۇل تولەيتتى. قەغەز ئويۇنى بولسا، 4 كىشى ئوينايدىغان ئويۇن بولۇپ، دۈيدۈيزە

بەشلەك. چىكىتە دەپ ئۈچ خىلغا بۆلۈنەتتى. ئۈندىن قالسا، شىشخال (جۈپ - تاق)، ماجەڭپەي ئويۇنلىرى بولۇپ بۇلارنى خەنزۇلار ئوينايتتى. قىمار ئوينالغان ئويۇننىڭ ئىگىلىرى ئۇتقانلاردىن چوتا ئالاتتى. نەق پۇل دو چىقىپ ئوينى- غاننى كەنچەندا ئوينىش — دەپ ئاتىشاتتى. نەخ پۇل بولمىغاندا بىرسى جەز قىلاتتى. جەز قىلغۇچىنى «جەز خور» دېيىشەتتى. جەز قىلغۇچى قىمار ئوينىغان 4 كىشى ئۈچۈن، يەرگە 4 كاتاكچە سىزىپ قويۇپ، ئۇتقان - ئۇتتۇرغانلارغا داچەن پۇل بىلەن بەلگە سالاتتى. ئاخىرىدا قىمار ئوي- نىلىپ بولغاندىن كېيىن ھىساپ - كىتاپ قىلىپ، جەز خور ئۇتقانلارغا پۇل تولەپ، ئۇتتۇرغانلاردىن پۇل تولىتىپ ئا- لاتتى. پۇل تولىيەلمىگەنلەرنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى سال- دۇرۇۋالاتتى. ھەتتا ئوي - ئىمارەت، يەر - زىمىنلىرىنى سات- تۇرۇپ ئالاتتى. 4 كىشىنىڭ بىرسى ئۇتسا، 3 كىشى ئۇت- تۇرۇپ بارلىق پايدا جەز خورغا بولاتتى. «بەڭگى - قەلەن- دەر، ئوغرى قىمارۋاز» — دېگەندەك، بەزىلىرى بارلىق ۋەج- ئوقىتىدىن ئايرىلىپ، ئوغرى بولۇپ كېتەتتى. ناھايىتى ئاز ساندىكى نامرات قىمارۋازلار بايلاپمۇ قالاتتى. قىمار ئوي- ناش جەريانىدا، جېدەل كوپ بولاتتى. ھەتتا پىچاق تار- تىشىپ قاتىللىق قىلىشاتتى. شۇڭا قىمار ئوينايدىغان جاينى يامۇلنىڭ ساقچى چېرىكلىرى پات - پات كېلىپ، چارلاپ تۇراتتى ۋە چوتا ئېلىپ تاپاۋەت قىلاتتى.

# شىر ئويۇنى

شىر ئويۇنى ئاساسەن ئەژدەرھا، شىر، ياغاچ ئاياق ۋە كېپە ئويۇنى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى. بۇ ئويۇن-نى ھوشۇر سوپال، ئەيسا ئالا قەغەز، قادىر پايپاق دى-گەن كىشىلەر ئۇز ئالدىغا ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئوينايتتى. بۇلاربىر - بىرى بىلەن مۇسابىقىلەشكەن ھالدا ئوينىغانلى-غى ئۈچۈن، سۈپەت ۋە ئويناش تېخنىكىسى ۋە ماھارىتى جەھەتتە بىر-بىرىدىنى بېسىپ چۈشەتتى. شىر ئويۇنى يېڭى يىل بايرىمى، باھار بايرىمىدا ئوينىلاتتى. بۇ بايراملار يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن ھەر قايسىسى ئۇز ئالدىغا 15-20 گىچە كەمبەغەل يىتىم بالىلارنى تەشكىللەپ، تەربىيىلەپ تەييارلىق قىلاتتى. بايرام يېتىپ كەلگەن كۈنى ئويۇن قاتناشچىلىرى، ھەممەيلەن چاڭچىلىكەشلەر كىيىمى بىلەن گىرىم قىلىپ ۋە پەدەز قىلىپ ئويۇن قويۇشقا ئاتلىناتتى. ئالدىدا چوڭ دۇمباقنى بىرسى يۇدۇپ، بىرسى چېلىپ ما-ڭاتتى. ئۇنىڭغا تەڭكەش قىلىپ جاغ، ئۇزۇن مىس كاناي چالاتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن 9 نەپەر كىشى ھەژدەرھانى كوتىرىپ ماڭاتتى. ھەژدەرھانىڭ بېشى ئاساسەن كەركىدانىڭ بېشىغا ئوخشاپ كېتەتتى. ھەژدەرھانىڭ بېشى مۈڭگۈزلۈك بولۇپ، ھەر خىل رەڭدە بويالغان قەغەزدە ياسالغان ھەيۋەتلىك پانۇستىن ئىبارەت ئىدى. باشتىن ئايىغىچە 9 پانۇس ھەم ئۇنىڭغا قادالغان 9 ساپ بار ئىدى. شۇڭا ئۇنى كو-

تەرىش ئۇچۈن 9 كىشى كېرەك بولاتتى. ئاخشىمى ئەژ-
دەرھانىڭ بېشىدىكى ئەككى دانە پانۇس بىلەن تېنىدىكى
8 پانۇسقا بىردىن شام يېقىلاتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن 10-8
نەپەر پۇتىغا بىر مېتىر ئېگىزلىكتە ياغاچ ئاياق تاڭغان
ئەر- ئاياللار كىيىنگەن يۈزلىرىگە، پەردەز قىلغان ياش با-
لىلار ماڭاتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئىچىگە ئەككى ئادەم
ئورۇنلاشتۇرۇلغان شىر ۋە بېشىغا كوز، قولاق، ئېغىز، بۇ-
رۇن، سىزىلغان قاپاق كىيىۋالغان شىر ئويناتقۇچى ماڭات-
تى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چىرايلىق بىزەلگەن، ئوتتۇرىسىدا[1]
شىپاڭ بار، شىپاڭنىڭ ئەتراپىغا ھەر خىل ئۇششاق پانۇس-
لار ئېسىلغان كېمە، كېمىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى شىپاڭدا
بىلىنىڭ يۇقۇرىسى چىقىپ تۇرغان، گىرىم قىلغان قىز
ئولتۇراتتى. بىر ئادەم كېمىنى كوتىرىپ ماڭسا، بىر ئاق
ساقاللىق بوۋاي كېمىنى ھايداپ ماڭاتتى. ئەتراپتا بولسا
ئىچىگە شام يېقىلغان، ھەر خىل رەڭلەر بىلەن گول سى-
زىلغان ئۇزۇن ساپلىق چوڭ پانۇسنى كوتەرگەنلەر يولنى
يورۇتۇپ ماڭاتتى. بايرامنىڭ 1-كۈنى يۇقۇرىدىكى تەرتىپ
بويىچە رەستىگە چىقىپ، جاڭ، دومباق ۋە كانايلىرىنى
چېلىپ بازار سىرتىدىكى ئوستەڭ بويىغا چىقىپ، ئوزلىرى-
نىڭ ئادىتى بويىچە ئەژدەرھانىڭ تومشىقىنى سۇغا دوم-
لەيتتى. بۇنى ئەژدەرھانى سۇغۇرۇش—دەپ ئاتايتتى. ئۇنى-
دىن كېيىن ھەر قايسى بۇتخانىلارغا بېرىپ بىر مەيداندىن
ئويۇن ئويناپ، قاراڭغۇ چۈشۈش بىلەن پانۇسلىرىغا شام
يېقىپ، ھەممىدىن ئەۋۋەل چوڭ يامۇلغا كېلىپ، ئويۇنلىرى-
نى ئويناپ، ئامبالنىڭ ئىنئامىنى ئالغاندىن كېيىن، كى-

چىك يامۇل، ھەربى قىسىم، ۋە ھەر قايسى ئىدارىلارغا، شۇنداقلا شەھەردىكى خەنزۇ — سودىگەر — تىجارەتچىلەرنىڭ ئىشىك ئالدىغا بېرىپ، ئويۇنلىرىنى كۆرسۈتۈش بىلەن ئۇلاردىن ئالدى بەش سەر، ئاخىرىسى بىر سەرگىچە ئىنئام ئالاتتى. ئۇلارنىڭ ئويۇنى بايرامنىڭ ئاخىرلىشىشى بىلەن تۈگەيتتى. ھەر بىر مەيدان ئويۇن ئىككى سائەت داۋام قىلاتتى. ئالدى بىلەن ھەۋدەرھا ئويۇنى ئۇندىن كېيىن ياغاچ ئاياق ئويۇنى، ئاندىن شىر ئويۇنى، ئاخىرىسىدا كېپە ئويۇنى ئويناتتى. ياغاچ ئاياق ئويۇنى بىلەن كېپە ئويۇنىدا، غەزەل - قوشاقلار ئوقۇلاتتى.

## ئاي تۇتۇلۇش

بىر كۈنى كەچتە، تولۇن ئاينىڭ يۈزى قارىدى[1]، ئاستا - ئاستا تۇتۇلۇشقا باشلىدى. بىردىنلا يامۇلدىن مىلتىق، جاغ - دۇمباق ساداسى ئاڭلاندى. ھەش - پەش دىگىچە بازارغا «ئاسمان ئىلاھىنىڭ كۈچۈگى ئاينى يىگىلى تۇرۇپتىمىش» دىگەن سوز تارقالدى. بەزىلەر كىم شۇنداق دەپتۇ؟ دىسە، بۇ سوز يامۇلدىن چىقىپتۇ - دىيىشەتتى. خەنزۇلارمۇ سۇ تولدۇرغان داسلىرىنى ئىشىك ئالدىغا قويۇپ، سۇغا قارىشىپ ئاينىڭ ئارىسىدا كېتىۋاتقان بىر پارچە قارا بۇلۇتنىڭ كولەڭگىسىنى كۆرسۈتۈپ قاراڭلار! ئاۋۇ قارا كورۇنگەن نەرسە ئاسمان ئىلاھىنىڭ كۈچۈگى، ئاينى يەۋاتىدۇ — دىيىشتى. ئۇ ۋاقىتتىكى ھوكۇمەت خوراپاتـ

لىقنى تەرغىپ قىلغاچقا، بىر تەرەپتىن يامۇلدا مىلتىق ئېتىپ، جاغ - دۇمباق چېلىپ «ئاسمان ئىلاھىنىڭ كۆچۈگى» نى ھەيدىۋەتمەكچى بولغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن يۇرت تېچ، ئەل ئامان بولۇشى ئۈچۈن ھەممە مەسچىتكە ئادەم چىقارتىپ، ئىمام، مۇئەززىنلەرگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، جامائەتنى توپلاپ، مەسچىت ئوگزىسىگە چىقىپ، ئارقا-ئارقىدىن ئەزان ئېيتىشنى ئورۇنلاشتۇردى. شۇنداق قىلىپ مىلتىق ئېتىش، جاغ - دۇمباق چېلىش ۋە ئەزەن ئېيتىش ئىشلىرى ئاينىڭ يۈزى ئېچىلغانغا قەدەر داۋام قىلاتتى. ھەممە بىر-ئىككى كۈن ئاي تۇتۇلۇش توغرىسىدىكى ئەپسانە رىۋايەتلەر ۋە چۆچەكلەر ئامما ئارىسىدا سوزۇلىنىپ تۇراتتى. كونىلارنىڭ ئېيتىشىچە: بۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ ئاي تۇتۇلغاندا ئەشۇنداق قىلىش ئادەت بولۇپ كەلگەن ئىكەن.

## قوزغىلاڭ

1931-يىلى كۈز پەسلىدە، جىن شۇرېننىڭ ئەنگىلەيىدىن سېتىۋالغان قوراللىرى جۇڭگو-ھىندىستان چېگرىسىدىن ئۆتۈپ قاغىلىققا كەلگەندە، قاغىلىق بازىرىدىكى شىندەن دەپ ئاتالغان ھوكۇمەت سارىيىغا چۈشۈرۈلدى. بۇ قوراللار 10 ئاتار (شىدا چاڭ) مىلتىغى بولۇپ، ياغاچ ساندۇقلارغا قاچىلانغان ئىدى. بۇ قوراللارنى توگىلەرگە ئارتىپ ئۈرۈمچى تەرەپكە ئېلىپ كەتتى. دەل شۇ پەيتتە، قۇمۇلدىن خوجانىيازھاجى دىگەن كىشى باشچىلىغىدا قو-

مۇل دىخانلىرى قوزغىلىپ جىنشورېن بىلەن ئۇرۇش قى-
لىپتىمىش، جىنشورېن خوجانىياز ھاجىغا تاقابىل تۇرۇش
ئۈچۈن، بۇ قورالLARنى ئەنگلىيىدىن سېتىۋاپتىمىش — دى-
گەن سوزلەر تارقالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جە-
مىيەتتە بىر ئاز ئەنسىزلىك يۈز بەردى. شۇ يىلىنىڭ
ئاخىرسىمۇ، ياكى 1933-يىلىنىڭ بېشىدىمۇ، گوما ناھىيى-
سىدە تۇرۇشلۇق بىر لەشكەر (ھەربى قىسىم) ئاتلىق ئەسكەر
مارالۋېشىغا بېرىش ئۈچۈن قاغىلىققا كېلىپ، بازار ئىچى-
دىكى شىندەنگە چۈشتى. بۇلارنىڭ بايرىقى ئۈچ بۇرجەك-
لىك، يېشىل، كوك رەڭلىك تاۋاردىن ئىشلەنگەن پوپەك-
لىك چوڭ بايراق بولۇپ، ئوتتۇرىسىغا «ۋاڭ» دىگەن خەت
ئويۇپ چاپلانغان. شۇڭا بۇ لەشكىرنىڭ باشلىقىنى ۋاڭ
دارېن دەپ ئاتىشىدىكەن. بۇلار كېلىپ بىرەر سائەت
ئوتكەندىن كېيىن، بىر چاپارمەن گوما تەرەپتىن ئات
چاپتۇرۇپ كېلىپ، ئۇدۇل يامۇلغا كىرىپ كەتتى. بىر ئاز
ۋاقىت ئوتكەندە، قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ ئاخىرقى ئامبى-
لى ليۇ شاۋلى (ئازاتلىقتىن ئىلگىرى قورچاق ئولكىلىك
يۇقۇرى سوت مەھكىمىسىنىڭ يۈەنجاڭى بولۇپ، ئازاتلىق-
تىن كېيىن باستۇرۇلدى) ئارقىسىغا ئىككى نەپەر ئادەم
سېلىپ، قولىدا بىر پارچە خەتنى كوتەرگەن ھالدا، ھېلىقى
ئەسكەرلەر چۈشكەن شىن دەنگە كىرىپ كەتتى. ئەتىسى
ئەتىگەن بۇ لەشكەر مارالۋېشىغا ماڭماستىن يەنە گوما تە-
رەپكە قايتىپ كەتتى. ئۇلار قايتىپ كېتىش بىلەن تەڭ
خوتەننىڭ قارىقاش ناھىيىسىدە، ئىمىر ساھىپ، ئىمىر ھەز-
رەت قاتارلىقلارنىڭ باشچىلىغىدا، قوزغىلاڭ كوتىرىلىپتۇ

دىگەن خەۋەر تارقالدى. شۇندىن كېيىن، ھەر كۈنى دى-
گىدەك بىرەر لەگزە ئاتلىق ئەسكەرلەر خوتەن تەرەپكە
ئۆتۈشكە باشلىدى. بەزى خەنزۇلار قاغىلىقتىن يەكەن يېڭى
شەھەرگە كوچۇپ كېتىشتى. قاغىلىقنىڭ ئامبىلى ليۇشاۋلى
خوتەن بىلەن بولغان ئۇرۇشنىڭ قوماندانلىرىدىن بىرى
بولۇش ھەم تەنپەن ۋەكىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن قاغى-
لىقتىن ياقۇپ ئامبال (ياك، جىن دەۋرىدە بىر قانچە
ناھىيىگە ئامبال بولغان ئەمەلدارلارنىڭ بىرى، ئاخىرى
خىزمەتتىن ئايرىلىپ ئۆز يۇرتى قاغىلىققا قايتىپ كەل-
گەن. خەنزۇچە ئىسمى يۈيىپۇ، 1942-يىلى قورچاق ۋىلا-
يەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ تۆرمىسىدە ئۆلۈپ كەتكەن)
ئۆمەر بەگ (بازار بېگى)، ئىمىن ئاخۇن توپ بېشى قاتار-
لىق كىشىلەرنى ئېلىپ، ئورنىغا ئابلا بەگ دايىنى مۇۋەق-
قەت ئامبال قىلىپ قويۇپ، خوتەن تەرەپكە كەتتى. ئۇلار
كېتىپ ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەي، 1933-يىلى 3-ئاينىڭ ئا-
خىرىدا، بىر ئازنا كۈنى جۈمە نامازدىن كېيىن يار كوچا
(يەكەن يولى تەرەپ) نەچچە مىڭلىغان ئادەمنىڭ ئاللا...
ئاللا...دىگەن ساداسى قاغىلىق بازىرىنىڭ ئاسمىنىدا
ياڭرىدى. شۇ ئاندا يامۇل تەرەپتىن پاك - پۇك قىلىپ ئوق
ئېتىلىشقا باشلىدى. بىر ئازدىن كېيىن ئاللا، ئاللا دىگەن
ئاۋاز بازارنىڭ ھەممە كوچىلىرىدىن ئاڭلاندى. مەن ئۆگ-
زىگە چىقىپ يامۇل تەرەپكە قارىسام، يامۇلنىڭ ئوگزى-
سىدە چېرىكلەر پىستانلىق مىلتىقلىرىنى بەتلەپ، تۆۋەن-
گە قارىتىپ، قوزغىلاڭچىلارغا ئوق چىقىرىۋاتاتتى. كىمدۇ
بىرسى يامۇلنىڭ دەرۋازىسىغا ئوت قويدى. ئوگزىدىكى

چىرىكلەر مىلتىقلىرىنى تاشلاپ ھەر تەرەپكە قىچىشقا باش-
لىدى. شۇنداق قىلىپ قاغىلىقتا ئەبەيدۇللا ئەلەم، ئىشان
ئاتاللاخان خوجا ۋە سابىتخان خوجا باشچىلىغىدىكى قوز-
غىلاڭ ئىككى سائەت داۋام قىلىپ، 70 نەچچە خەنزۇ،
بەش نەپەر ھىندى، 4 – 5 نەپەر ئۇيغۇر ئەمەلدار خىزمەت-
چىلەرنى ئۆلتۈرۈپ جىن شورېننىڭ قاغىلىقتىكى ھاكىمىيى-
نى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. ليۇ شاۋلى قاتارلىقلارنىڭ بالا-
چاقىلىرى ئەسىر ئېلىندى. ئالدىنقى كۈنى (پەيشەنبە كۈنى)
قەشقەر تەرەپتىن خوتەنگە جەڭ قىلىش ئۈچۈن كەلگەن
بىر لەگزە ئەسكەر (ئەسكەرلىرى ئۇيغۇر، قىرغىزدىن تەر-
كىپ تاپقان، ئوفىتسېرلىرى خەنزۇ ئىدى) ئازنا كۈنى
ئەتىگەن خوتەنگە قاراپ يولغا چىقىپ، بەشىرىق بەگلىگى-
دىن ئۆتۈپ، ئېقىن دىگەن سايغا چىققاندا ئەسكەرلەر ئۆز
ئىچىدىكى ئوفىتسېرلەرنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ قوزغىلاڭچىلار-
غا قوشۇلۇپ كەتتى.

## قوزغىلاڭچىلار ھاكىمىيىتى

5 ئاتار، 7 ئاتار مىلتىقلاردىن ئىبارەت شۇ چاغدى-
دىكى زامانىۋى قورال بىلەن قوراللانغان بىر مىڭ 600
نەپەردىن ئارتۇق ئاتلىق ئەسكەرلەر خوتەنگە بېرىپ،
ئۇرۇشتا ياكى تەنپەندە نەتىجە قازىنالماي مەغلۇپ بو-
لۇپ چېكىنىپ، گۇما ناھىيىسىگە قايتىپ كەلگەن كۈنى،
قاغىلىقتا قوزغىلاڭ كوتىرىلگەن كۈنى ئىدى. بۇ قوزغىلاڭ-
دىن خەۋەر تاپىمىغان ھەربى — مەمۇرى ئەمەلدارلار ئەتىسى

شەنبە كۈنى قاغىلىققا قاراپ يولغا چىقىدۇ. بۇلار بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن، قاغىلىقتىن ئات چاپتۇرۇپ كەلگەن ياـ يى قۇربانسىۋەش «قـاغىلىق خەلقى قوزغىلىپ ئىسلام ئېـ چىشتى» دەپ خەۋەر قىلدى. ھەممىنىڭ ئـالـدىدا ماڭغان يـاقۇپ ئـامبال ئـۆزىنىڭ ئـاغزىغا لـوقما سېلىپ: «سېـ نى ليۇشاۋلى ئامبالغا توغرىلايمەن، سەن ئـۆزىڭغا خوجاـ نىيازھاجىنىڭ ئـەسكەرلىرى كېلىپ ھاكىمىيەتنى تارتىۋالـ دى. ئۇلارنىڭ سانى ناھايىتى كوپ، قوراللىرى خىل ئىكەن دىگىن، ئـەگەر قايسى تەرەپتىن كەلدى دەپ سورىسا، مېـ كىت ناھىيىسى تەرەپتىن كەلدى دىگىن بۇنداق دىمىسەڭ بۇلار قاغىلىققا باستۇرۇپ بېرىپ، ئىت، مـوشۈككىچە قويـ ماي قىرىپ تاشلايدۇ» دەپ گەپ ئۆگۈتۈپ يايىنى ليۇشاۋـ لى ئامبالغا توغرىلايدۇ. بۇ يايى ياقۇپ ئامبالنىڭ ئېيتـ قىنى بويىچە خەۋەر يەتكۈزىدۇ. ھەربى ۋە مەمۇرى ئەمەلـ دارلار ياقۇپ ئامبالدىن مـەسلىھەت سورايدۇ. ياقۇپ ئامـ بال: «بىز يولدىن چەتنەپ قاغىلىقنىڭ زوڭلاڭ، ئـۇشـاقـ باش، چىپان قاتارلىق يېزىلىرىدىن ئـوتۇپ، يەكەن دەرياـ سى ئارقىلىق يەكەن تەۋەسىدىكى كاچۇڭ يېزىسىغا بېرىپ، ئۇ يەردىن يەكەن يېڭى شەھەرگە كىرىپ كەتسەك بولىدۇ، ئۇندىن باشقا ئامال يوق» دەيـدۇـــدە ئـۇلارنى بـاشـلاپ يەكەنگە ئېلىپ كېتىدۇ. شۇ سەۋەپتىن قاغىلىق پاراكەندە بولماي ئامان قالغان.

قاغىلىقتا قوزغىلاڭچىلار ھاكىمىيەتنى قـۇرۇلـۇپ ئۈچ كۈن بولغاندا، دادام مېنى يېتەكلەپ، ئىسلامچىلارنىڭ ھاـ كىمىيەت ئورگانى بولغان جامەگە ئېلىپ باردى. جامەنىڭ

سۈپىتىدا ئەبەيدۇللا ئەلەم، ئىشان ئاتاللاخان خوجا، سا-
بىرخان خوجىلار بەداشقان قورۇپ ئولتۇرۇپتۇ، تۇۋەندە
ئىككى تەرەپكە بولۇنۇپ بىرەر يۈزدىن ئارتۇق ئەسكەر
مىلتىق، قىلىچ، نەيزە ۋە چوماق تۇتۇپ قاتار تۇرۇپتۇ،
بىر قانچە قورالىق ئەسكەرلەر ئامبال، دارىنلارنىڭ
خوتۇن - قىزلىرىنى ئۇيغۇرچە كىيىندۈرگەن، يۈزلىرىنى رو-
مال بىلەن ياپقان هالدا ئېلىپ كىرىپ، تىز پۈكتۈرۈپ
ئولتۇرغۇزدى. ئەبەيدۇللا ئەلەم ئۇلارغا: «لائىلاھە ئىللاللاھۇ
مەھەممەدۇن رۇسۇلىللا» دەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلاپ ئىمان
ئېيتقۇزۇپ، ئۇلارنى ئېلىپ كېتىشنى بۇيرىدى. ئۇندىن كې-
يىن قولىدا ئىسپاهان قىلىچ تۇتقان بىر كىشى بىلەن
چوماق كوتەرگەن ئىككى كىشى بىزنىڭ ئاۋۇت بەگ،
توختى بەگ دەيدىغان لاۋسى (ئوقۇتقۇچى) لىرىمىزنى ئارقا-
ئارقىدىن يالاپ ئېلىپ كىردى. ئەبەيدۇللا ئەلەم: «بۇلار
بىزنىڭ پەرزەنتلىرىمىزنى خىتايچە ئوقۇتۇپ، خىتاي قى-
لىۋېتىشكە ئۇرۇنغان ئەبلەخلەر، مۇرتەتلەردۇر، هازىرچە
هەپسىگە (قاماققا) ئېلىنسۇن، كېيىن ئەدەپى بېرىلىدۇ» دى-
ۋىدى، مېڭىپ كىرگەن لاۋسىلار قورقۇپ كېتىپ ئۆزلىرى-
نىڭ پۈتىغا ئۆزلىرى ئىگە بولالماي قالدى. ئىسلامچى
ئەسكەرلەر سورەپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. مەن بۇ ئەھۋال-
نى كورۇپ بىر ئاز قورقتۇم، دادام مېنى يېتەكلەپ ئې-
لىپ چىقىپ كەتتى.

## خوتەن ئىسلامچىلىرىنىڭ كېلىشى

1933-يىلى 4-ئايدا، خوتەن ئىسلامچى ئەسكەرلەر
باشلىقى ئىمىر هەزرەت، ئىمىر ساھىپ ۋە مەۋلىۋي قاتار-

لىقلار ئىسلام ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، يەكەن يېڭى شەھەر-
دىكى خەنزۇلار بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن قاغىلىققا كېلىپ،
ئەبەيدۇللائەلەم، ئىشان ئاتاللاخان خوجا ۋە سابىرخان
خوجىلار قورغان ھاكىمىيەتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۆز
ھاكىمىيىتىنى قۇرۇپ ئىسمايىل داموللا دېگەن كىشىنى
قاغىلىقنىڭ ھاكىمى قىلىپ تەيىنلىدى. يامۇلنىڭ كويۇپ
كەتكەن دەرۋازىسىنى جامەنىڭ دەرۋازىسىغا ئوخشاش يا-
ساپ، دەرۋازا ئۈستىگە «قاغىلىق ناھىيىلىك ھوكۇمىتى
ئىسلامىيە» دەپ يېزىلغان ۋىۋىسكىنى ئاستى. بىر قىسىم
ئەسكەرلىرىنى قاغىلىقتا قالدۇرۇپ، بىر مۇنچە باشلارنى
ئەسكەرلىككە ئېلىپ يەكەنگە ماڭدى. كېيىن ھەر كۈنى
دېگىدەك يەكەنگە ئەسكەر مېڭىپ تۇردى. ناھىيىلىك ئىس-
لام ھوكۇمىتى مەسچىتلارغا ئادەم چىقارتىپ، بىنامازلار
(ناماز ئوقۇمايدىغانلار) نى يىغىپ دەررە بىلەن ئۇرۇپ،
دەررە ھەققى دەپ پۇل ئالدى. يېزىلارغا ھەر خىل ئالۋاڭ-
ياساقلارنى سالدى ۋە ئات-ئۇلاق يىغدى. شۇنىڭ بىلەن
تەڭ خەلقنىڭ ئۆيلىرىنى ئاختۇرۇپ، خەنزۇلاردىن ئولجا
ئالغان نەرسىلەرنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. «ئەيىپلىك» دەپ
ھىساپلانغانلارغا نىسبەتەن دارغا تارتىش، قىلىچ، چوماق-
لار بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈش، قول كېسىش، ئايالارنى
كوشۇكقا سولاپ چەللىگە ئېسىش، دەررە بىلەن ئۇرۇش
قاتارلىق پاجىئەلىك جازالاش چارىسى قوللاندى.

ئىسلامچى ئەسكەرلەر ئات، ئىشەككە مىنگەن، بەزى-
لىرى پىيادە ماڭغان ھالدا ھەر خىل بايراقلارنى كۆتىرىپ،
بەزىلىرى قىزىل، بەزىلىرى كۆك، بەزىلىرى ئۇزۇن چاپان

كەيگەن، باشلىرىغا ھەر خىل رەڭلىك رەختلەردە دەستا ئوردىغان، رەتسىز، قالايمىقان ھالەتتە، توپ - توپ بولۇپ كەلدى. ئالدىدا بىرسى ھوكمەت ئېيتىپ ماڭاتتى.

## دارغا تارتىش

خوتەن ئەمىرلىرى قاغىلىقتا كېلىپ ئىسلام ھوكۇمىتى قۇرۇپ-لا، ئالدى بىلەن ئابدىراخمان بەگ (ئىككىسۇ رايونىنىڭ بېگى، بۇ رايون ھازىر پوسكام ناھىيىسىنىڭ تەۋەلىگىدە)، ئىمىن توپچىشلارنى بىر بازار كۈنى بازار ئايلاندۇرۇپ، "خىتايلار ئۈچۈن خىزمەت قىلغانىڭ سازايى، خىتاي پوقى يىگەنىڭ سازايى......" دەپ سازايى قىلدى. ئېيتىشلاردىن قارىغاندا، بۇنىڭدىن بىرەر يىل ئىلگىرى، ئىمىر ھەزرەت، ئىمىر ساھىپلار قەشقەردە ئوقۇپ مەخسۇملۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشىپ خوتەنگە قايتماقچى بولۇپ قاغىلىقنىڭ ئىككىسۇ بازىرىغا كېلىپ چۈشكەندە، خوتەن تەرەپتىن قەشقەرگە كېتىۋاتقان ھەربى قىسىمنىڭ قازان - قومۇچلىرىنى يۈكلەپ كەلگەن ھارۋىسىنىڭ ئوقى سۇنۇپ كېتىپتۇ، ھەربىلەر ئابدىراخمان بەگنى ھارۋا تېپىپ بەرگىن دەپ ئالدىغا سېلىپ، ئۇرۇپ - تىللاپ خورلاپتۇ، ھارۋا تاپالماي تەڭلىكتە قالغان بەگ مەخسۇملارنىڭ يېنىغا كېلىپ "سىلە ھارۋىنى قەشقەرگە بارىدىغان ھەربىلەرگە بېرىپ تۇرسىلا، خوتەندىن كەلگەن ھارۋىنىڭ ئوقىنى ياسىتىپ بەرسەك، سىلە ئۇنىڭغا چۈشۈپ خوتەنگە ماڭسىسىلا" — دەپتۇ، مەخسۇملار ئۇنىماپتۇ، بۇ بەگ ھەربىلەر-

نىڭ قىستىشىغا ئامالسىزلىقتىن مەخسۇملار چۈشۈپ كەلگەن هارۋىنى مەجبۇرى تارتىۋېلىپ ھەربىلەرگە بېرىپتۇ، ھەربىلەر تاشلاپ كەتكەن هارۋىنىڭ ئوقىنى ياسىتىپ، مەخسۇملارغا بېرىپتۇ. شۇ ئىشنى ئىمىر ھەزرەت ئاداۋەت قىلىپ، ئابدىراخمان بەگنى دارغا ئاسقان ئىكەن. ئىمىن توپبېشى بولسا، خوتەننىڭ قوۋمات پادىشايىم دىگەن جايدا ئوتكۈزۈلگەن تەنپەن ئۈستىدە بېشىدىكى تۇمىغىنى قولىغا ئېلىپ، خىتاي ئەسكەرلىرىگە ئىشارەت قىلغان ئىكەن، ئەسكەرلەر باستۇرۇپ كېلىپ، تەنپەننى بۇزۇۋاتقان ئىكەن. شۇ سەۋەپتىن ئىمىن توپبېشىنىمۇ دارغا ئاسقان. بۇ ئىگكويلەننى سورەپ يۈرۈپ سازايى قىلغاندىن كېيىن، يامۇل ئالدىدىكى دار ئاستىغا ئېلىپ كېلىپ بەش مېتىر ئىگىزلىكتىكى دارنىڭ سىرتىمىغىنى بويىنىغا سېلىپ، ئارقانى ئاستا تارتىپ، ئۈستىگە چىقىشقا ئاز قالغاندا، ئارقانى تېز تارتىپ دار ئۈستىگە قويۇلغان توغرا ياغاچقا بىر قانچە قېتىم ئۇستۇرۇپ قاتتىق جان تالاشقىلى تۇرغاندا، تۇۋەندىن مىلتىق ئېتىپ ئولتۇرۇۋەتتى.

## چوماقلاپ ئولتۇرۇش

ئابدىراخمان بەگ قاتارلىقلار دارغا تارتىلىپ ئىككى ھەپتە ئوتكەندە، بىر بازار كۈنى يەكەن يېڭى شەھەر سېپىلى ئىچىگە قامىلىپ قالغان خەنزۇلارغا سېپىل ئاستىدىن قاپاقتا سۇ ئۈزۈتۈپ بەرگەن ئۈچ ئادەمنى قاغىلىقتا ئېلىپ كېلىپ ئولۇم جازاسى بېرىلدى. كۈن چۈش

بولغاندا، ئىسلامچى ئەسكەرلەر بىر ئادەمنى يامۇل تەرەپ-تىن سورەپ كېلىپ، كالا بازىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆلتۈر-گۈزدى. 10 چە چوماقچى ئەسكەر ئۇنى قورشاپ ھالقى-سىمان بولۇپ تۇرغاندا بىر پۇشتەك چېلىندى - دە، چوماق-چىلار بۇ ئادەمنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ئۆلۈكنى خېلى جىق چوماقلىدى. يەنە بىرسىنى جامە ئالدىدا قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈردى. مەن يامۇل ئال-دىغا بېرىشىمغا بېشىغا بادام دوپپا، ئۈستىگە ئۇزۇن ئاق كوينەك كەيگەن، بىلىگە گۈللۈك رومال باغلىغان بىر ئادەمنى دار ئاستىغا ئېلىپ كېلىپ بوينىغا سىرتماق سېلىشتى. ئۈستىگە قىزىل چاپان، پۇتىغا ئۆتۈك، بېشىغا پۇپۇكلۇك تۇرۇكچە قىزىل تەقىيە كەيگەن موللا سۈپەت بىر ئادەم ئۇنىڭغا: سەن يەكەن يېڭى شەھەر سېپىلى ئىچىگە قامىلىپ ياتقان خەنزۇلارغا سۇ بەرگەن جىنايىتىڭ ئۈچۈن، شەرىئەت ھوكمى بويىچە ئۆلۈمگە مەھكۇم بولدۇڭ،ھازىر ئەستەغپىرۇللا ئېيت-تىپ ئىمان يېڭىلىۋال، گۇناھىڭ توكۇلۇپ جەننەتكە بارى-سەن، — دىدى. بۇ ئادەمنىڭ ئاغزى كەلىمە ئوقۇپ ئىمان ئېيتىشقا كەلمىدى. ھېلىقى ئاخۇنۇم بۇ ئادەمنىڭ ئاغ-زىغا بىر جۈملە - بىر جۈملىدىن ئىمان سالدى. دارغا ئېسىلسۇن دىگەن بۇيرۇقچى مقىش بىلەن ئارقان تارتىلدى.

## پاجىئەلىك ئۆلۈم

ھاۋا راسا قىزىغان بىر بازار كۈنى، ھەممە ئادەم سان-جاق - سانجاق بولۇپ، يامۇل ئالدى تەرىپىگە كېلىۋاتات-

تى، مەن نىمە ئەھۋال بولغانلىقىنى بىلمەي، توپقا ئارى-
لىشىپ ياموُل ئالدىغا كېلىپ قالدىم. خەلقلەرنىڭ قىس-
تاش، ئىتتىرىشى بىلەن جامائەتنىڭ ئالدىغا ئۇتۇپ قاپ-
تىمەن. قارىسام ئۇدۇلامدا يالاڭاچلاپ، ئىشتانچاق قىلىپ،
تىز پۈكتۈرۈپ، جاۋبى تامغا قارىتىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويغان
بەش نەپەر ئادەم كورۈندى. ئۇلار بىر ئالدىغا، بىر ئار-
قىسىغا قاراپ، گويا بىر نىمىدىن ئۈمىت كۈتكەندەك
ئولتۇراتتى. جامائەتنىڭ ئارقىسىدا قىزىل كىيىم كەيگەن،
قىزىل دەستا ئوردىغان ئىبلى ئاخۇن داموللامنىڭ رىياسەت-
چىلىكىدە، بىر مۇنچە موللاملار چوڭ شىرە ئۈستىگە نۇر-
غۇن كىتاپلارنى قويۇپ، ھەدەپ كىتاپلارنى ۋاراغلاپ ئوقۇ-
ماقتا ئىدى. ئىبلى ئاخۇن داموللام: — قېنى زاۋۇندا
ئۇرۇشقا قاتناشقانلاردىن 10 كىشى كەلسۇن! — دېدى. شۇ
زامان ياموُل دەرۋازىسى تەرىپىدىن قىزىل كىيىم كەيگەن،
چېچى گەردىنىگە چۈشكەن 10 نەپەر ئىسلامچى ئەسكەر-
لەر قېلىچلىرىنى يالاڭاچلاپ كېلىپ، ھەر بىر كىشىنىڭ
يېنىدا ئىككىدىن ئەسكەر قېلىچلىرىنى تەڭلەپ بۇيرۇق
كۈتۈپ تۇرۇشتى، شۇ چاغدا جامائەت ئارىسىدىن كىمدۇ
بىرسى: «كىمكى ئولمەستىن بۇرۇن بىلمەس بۇ جاننىڭ قەدى-
رىنى، كىم ئولەر ھالەتكە يەتسە شۇل بىلۇر جان قەدى-
رىنى. بۇلارنىڭ بېشىغا چۈشكەن بۇ كۈلپەت، ھېچكىمنىڭ
بېشىغا چۈشمىگەي» دېدى. شۇنداق قىلىپ ۋاقىت ئىككى
سائەت ئوتتى. ئاخىرىسىدا ئىبلى ئاخۇن داموللا: — شەرىئەت-
تە بىر ئادەم بىر ئادەمنى ئولتۇرمەكچى بولغاندا، ئۇنى
توسمىغانلارمۇ ئوخشاشلا ئولۇم جازاسىغا مەھكۇم بولىدۇ.

كىتاپتىن باشقا چارە تېپىلمىدى. شۇڭا بۇلار شەرىئەت
ھوكمى بويىچە چېپىپ ئۆلتۈرۈلسۇن! — دەپ بۇيرۇق قىلدى.
جاللاتلار بۇلارنىڭ بويىنىغا قىلىچ سالدى. گاچ - گۇچ ئا-
ۋازى ئاڭلاندى. قىلىچ سېلىش بىلەن ئۆلمىگەن بۇ ئادەم-
لەر ئۆگدىسىغا يىقىلىپ، پۇت تىپىپ جان تالاشقىلى تۇر-
دى. ئاندىن ئىسلامچى ئەسكەرلەرنىڭ بىر باشلىقى تاپان-
چا بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈردى. ئەڭ چەتتە ئولتۇرغان 20
نەچچە ياشلىق بىرسى قىلىچ تەككەن ھامان دەرھال ئول-
مەي ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ سۇ ........ سۇ ........
دەپ ۋاقىرىدۋەتتى. بىر ياندا ئۇنىڭ يىغلاپ تۇرغان ئانى-
سى بىر قاچا مۇز سۇيىنى ئۇزاتتى، سۇنى قولىغا ئېلىپ
ئاغزىغا ئاپىرىشىغا، ھېلىقى ئوفىتسېر ھەۋزىكوسەردىن سۇ
ئىچسۇن! دەپلا بىر پاي ئوق ئېتىپ ئۆلتۈردى. بۇلارنىڭ
ئۆلۈشتىكى سەۋەبىنى بىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە،
ھېلىقى 20 ياشلىق قاتىل گۇناكارنى ھىساپقا ئالمىغاندا،
قالغان 4 كىشى رەھىم كەنتلىك بولۇپ، بۇلار خاتىپ
توختى موللام (70 ياشلاردا)، سېيىت ئاخۇن باي (60 ياشلاردا)،
توختى موللامنىڭ ئىنىسى نىياز ئاخۇن (55 ياشلاردا، توختى موللا-
نىڭ 2 - ئىنىسى)، سالى ئاخۇن (30 ياشلاردا، توختى موللا-
نىڭ جىيەنى - سېيىت ئاخۇن باينىڭ ئوغلى، جوزام كېسە-
لى بىلەن ئاغرىغان دىۋانىنى كويدۇرۇپ ئۆلتۈرگىچى)
ئىكەن. بۇلارنىڭ مەسچىتى ئالدىدا قومۇشتا كەپە قىلىپ
ياتىدىغان جوزان كېسەلى (ماخوۋ كېسەلى) بىلەن ئاغ-
رىغان بىر دىۋانە بار ئىكەن، بۇ دىۋانە كىشىلەرنىڭ
ئىشىك ئالدىغا بېرىپ تىلەمچىلىك قىلماستىن، ئوكتەم-

لىك قىلىپ خەقنىڭ ئۆيلىرىگە ئۆسسۈپ كىرىپ، قاچى-
لىرىغا قول سالىدىكەن، خەلق بۇنىڭدىن تولىمۇ ژىرگىنى-
دىكەن ھەم ئۇنىڭغا غەزەپلىنىدىكەن، بىر كۈنى ئەتىگەن
بامدات نامىزىدىن كېيىن، ھازىر ئولتۇرۇلگەنلەردىن بىر-
سى ئۇنىڭ كەپىسىگە ئوت قويۇپ، جوزان كېسىلى بار
دىۋانىنى كۆيدۈرۈۋەتكەن ئىكەن، شۇڭا ئىسلامچىلار ئوت
قويغۇچى بىلەن ئۇنى تۇسىمىغان ئىمام - مۇئەززىن ۋە
بىر نەپەر جامائەتنى كىتاپ ھوكمى دەپ ئولۇمگە
ھوكۇم قىلغان.

## قول كېسىش

ئىسمائىل داموللا ھاكىم بولغاندىن كېيىن، دارغا
تارتىش، چوماقلاش، چېپىش جازاسى بىلەن 10 نەپەر ئا-
دەم ئولتۇرۇلدى. ئىككى ئاي ئىچىدە، ئىلگىرى - ئاخىرى
بولۇپ، يەتتىچە كىشىنىڭ قولى كېسىلدى. بۇ كىشىلەر
ئوغرىلىق قىلغانلار بولۇپ، ھازىرقى پۇل ھېساۋىدا 5 - 4
يۈەن ياكى شۇ قىممەتتىكى نەرسە - كېرەكنى ئوغرىلىغان-
لىقى ئۈچۈن شەرىئەت ھوكمى بويىچە ئېلى ئاخۇن دامول-
لامنىڭ پەتىۋاچىقىرىشى بىلەن ئۇلارنىڭ قولى كېسىلدى.
روزى پوكان دېگەن قاساپ قولى كېسىلىدىغان ئادەمنىڭ
قولىنى ئالدى بىلەن جەينىكىدىن ئۈششاق قوللىرىغىچە
شوينىدا چىڭ باغلىغاندىن كېيىن، بەشمالتاق قولىنى
پىچاق بىلەن كېسىپ تاشلايتتى. قان ئاقمىسۇن ئۈچۈن
كېسىلگەن قولنىڭ ئۇچىنى قىزىتىلغان ياققا سېلىپ داغ-

لايتتى، كېسەلگەن قولىنى نەيزىگە سانچىپ، ئالدىدا
كوتۇرۇپ ماڭاتتى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قولى كېسىلگۈچىنى
ئازاپلانغىنىغا ۋە نالە - زار قىلغىنىغا قارىماي هايداپ
بازارنى ئايلاندۇرۇپ، سازايى قىلاتتى. مۇنداق ئادەملەر-
نىڭ قوللىرى سېسىپ، مۇرىسىگە چىققاندا، ئولۇپ كېتەت-
تى. بەزىلىرىنى مىللى تېۋىپلار داۋالاپ ساقايتقان بول-
سىمۇ، لېكىن ئوزۇن ئۇمۇر كورمەيتتى. كىچىك ئاخۇن
موزدوز ئوز ئاكىسى چوڭ ئاخۇنىڭكىدە هۇنەر قىلىدىغان
ئۇستا هۇنەرۋەن ئىدى. بىر قېتىم ئاكىسى يوق چاغدا،
زورۇر پۇل لازىم بولۇپ قېلىپ، ئاكىسىنىڭ بىساتىدىن 4
تەنگە پۇل ئالغانلىغى ئۇچۇن ئۇنى ئوغرى قىلىپ قولى
كېسىۋىتىلگەن، گەرچە مىللى تېۋىپتا داۋالاپ ساقايغان
بولسىمۇ، 2 - 3 ئاي ئومۇر كورۇپ ئولۇپ كەتتى.

## كوشۇكقا سېلىپ، چەللىگە ئېسىش

ئىسلام زامانىسىدا، 12 ياشتىن يۇقۇرى قىز ۋە ئايال-
لارنىڭ رەستىگە چىقىشى قاتتىق مەنئى قىلىناتتى. يۇزىنى
يوگەپ ياكى چۈمبەل تارتىپمۇ سىرتقا چىقالمايتتى.
ئەگەر تالاغا چىقىپ قالىدىغان بولسا، كوشۇكقا سېلىپ،
چەللىگە ئېسىلغاندىن باشقا، دەررە بىلەن ئۇرۇلاتتى.
ئاتا - ئانىسىنىڭكىگە ئازنىلىق قىلىش ياكى توي - توكۈن،
ئولۇم- يىتىمغا بېرىش توغرى كەلسە، كېچىسى بېرىپ كېلەت-
تى. دەررە ئۇرۇلغاندا ئايالللار قورقۇنچىدا بەزىبىرلىرى
سىيىپ تاشلايتتى. ناۋادا ئۇنىڭ سۇيدۇكى بىرۇنىڭ

كىيىمىگە تىگىپ قالسا، كىيىمىنى تولۇتۇپ ئالاتتى. بىر
كۈنى ئەتىگەندە، يۈزى پۈركەلگەن بىر ئايال چوڭ
كوچىدىن تۆگمەن ئېرىق كوچىسىغا بۇرۇلۇپ، تېز قەدەم
تاشلاپ كېتىپ بارغاندا چوماق كوتەرگەن 4 نەپەر ئىس-
لامچى قوغلاپ بېرىپ، تۇتىۋېلىپ، چوڭ كوچىغا ئېلىپ
كېلىپ، كوشۇكقا سالماقچى بولىۋىدى. بۇ ئايال ( ئاۋا-
زىدىن قارىغاندا 20 ياش چامىسىدىكى چوكان بولسا
كېرەك ) يالۋۇرۇپ:—دادام ئېغىر كېسەل، دادامنىڭ يېنىدا
بىر كىچىك ئىنىمدىن باشقا ھېچكىم يوق، شۇڭا مەن
كۈندۈزى مېڭىشقا مەجبۇر بولدۇم، — دىدى. ئىسلامچىلار
بۇ ئايالنىڭ زارىغا پىسەن قىلماي، مەجبۇرى كوشۇككە
سېلىپ رەستىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېسىپ قويدى.

## „سەندەك ئىسلامچىلاردىن يەنە خىتاي ياخشىكەن،،

خوتەندىن جانىبەك قازىنىڭ بىر قەدەر مۇنتىزىمراق
بولغان نۇرغۇن ئەسكەرلىرى يەكەن تەرەپكە ئۆتۈپ قاغى-
لىقتا كېلىپ چۈشكۈن قىلدى. شۇ كۈنى بازار كۈنى بولۇپ،
رەستە ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان ئىدى. بىردىنلا قاچ - قاچ
دىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. قېچىپ كېتىۋاتقان ئادەم توپى
ئىچىدىن بىرسى: " خالايىق ھەممىڭلا قېچىپ نىمە قىلى-
سىلەر، جانىبەك قازىنىڭ ئەسكەرلىرى ئادەم تۇتمايدىكەن،
ئات - ئۇلاق تۇتىدىكەن " دىدى. شۇ ئاندا، بازارغا
ئات - ئېشەك مىنىپ كىرگەن، ياكى مال، ئاشلىق، ئوتۇن
يۈكلەپ كىرگەن دىخانلار ئۇلاقلىرىنى ھەيدەپ شەھەر

سىرتىغا ئېلىپ قېچىشقا باشلىدى. شۇ چاغدا يامۇل ئالدى-
دىكى جاۋبى تامنىڭ ئارقىسىدىكى رەستىدە بېشىنى ئاق
رومال بىلەن ئوراپ، ئىككى كوزىنى ئوچۇق قويغان يېشى
60 دىن ھالقىغان بىر ئايال قولىدىكى ھاسسا بىلەن
ئىشىگنى ئۇرۇپ، چېپان دەرۋازىسى تەرەپكە ھايداپ ماڭدى.
ئىشەكنىڭ ئۈستىدە ئازراق ئوتۇن بار ئىدى. رەستىدىكى
خەلقنىڭ ئوتتۇرىسىنى يېرىپ كېلىۋاتقان شاپ بۇرۇت، ئىگىز
بويلۇق بىر ئەسكەر كېلىپ، ”ھەي كەمپىر، توختا !„ دەپ
ئىشەكنىڭ ئۈستىدىكى ئوتۇنىنى ئوردۋېتىپ ئىشەكنى سو-
رەپ ماڭدى. بۇ ئايال يىغلاپ يالۋۇرۇپ، غوجام دۇنيالىق-
تا 17 ياشلىق تېخى ياتلىق قىلمىغان بىر قىزىم بار
ئىدى، كىزىك كېسىلى بىلەن ئاغرىپ يېتىپ قالغىنىغا
10 كۇندىن ئاشتى، داۋالاي دىسەم پۇلۇم يوق، بۇگۇن
ئەتىگەن خوشنامدىن مۇشۇ ئىشەكنى ئارىيەت ئېلىپ
ئويىمىزدە تاماق ئېتىپ يەيدىغان ئوتۇنۇمنى ئەكىلىپ
سېتىپ تىۋىپتىن دورا ئېلىپ قىزىمنى داۋالىماقچى بولى-
ۋىدىم. رەھمە قىلغان بولسىلا! دەپ يالۋۇردى. ھېلىقى
ئەسكەر بۇ ئايالنىڭ سوزىگە قۇلاق سالماي، ئىشەكنى
تارتىپ مېڭىۋەردى. ئامالسىز قالغان بۇ ئايال ئاچچىقى-
دا ”سەندەك ئىسلامچىلاردىن يەنە خىتاي ياخشى ئىكەن!„
دىۋەتتى. بۇ ئەسكەر ئارقىسىغا يېنىپ، ئايالغا قاراپ:
ئاغزىڭنى يۇم! ھېلى بىكار، دارغا تارتىلىسەن! دەپ
ئىشەكنى سورەپ كېتىپ قالدى.

# هوكۇمەتسىزلىك

" يەكەن يېڭى شەھەر ئىشغال قىلىنىپتۇ " دىگەن سۆز تارقىلىۋاتقان كۈنلەردە، خوجانىياز هاجىنىڭ قادىر-هاجى دەيدىغان غەزنىچىسى بىر قىسىم ئاتلىق ئەسكەر ۋە نۆرغۆن توگىلەر بىلەن كېلىپ، قاغىلىق شەھەرىنىڭ يېڭى بازار دەيدىغان مەھەللىسىگە چۈشتى. قادىر هاجى بولسا خوجانىياز هاجىنىڭ غەزنىچىسى هەم ئۆنىڭ خوتۆن بالا - چاقىلىرىدىن خەۋەر ئالىدىغان ئەمەلدار ئىكەن. ئۆلار تامامەن 10 ئاتار ئەنگلىز مىلتىغى بىلەن قورال-لانغان. قادىر هاجى ئۆستىگە يەكتەك، ئىچىگە كەمزۆل، بېشىغا كەمجەت تۆماق، پۆتىغا مەيسە كەيگەن قارا ساقال دۆغۆلاق ئادەم ئىدى. ئۆنى مەن 60 دەك قوراللىق مۆھا-پىزەتچىلىرى بىلەن بازاردا كېتىپ بارغانلىغىنى كورگەن ئىدىم، شۆ كۆنلەردە خوتەنلىك ئىسلامچى ئەسكەرلەر يە-كەن يېڭى شەھەرنى ئېلىپ قەشقەرگە مېڭىپتىمىش دىگەن سۆزلەر تارقىلىپ، ئۆزۆن ئۆتمەيلا يەنە خوتەنلىك ئىسلام-چى ئەسكەرلەر نىمىشقىدۆ قاغىلىق بازىرىغا كىرمەي چەت-نەپ خوتەنگە قېچىپ كېتىپتىمىش — دىگەن سۆزلەر تار-قالدى. شۆ چاغدا قادىر هاجى قاغىلىقتا بار ئىدى. " ناهىيىلىك هوكومىتى ئىسلامىيە " نىڭ هاكىمى ئىسمايىل داموللىمۆ يوقاپ كەتتى. ئۆزۆن ئۆتمەيلا قادىر هاجى ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ يەكەن تەرەپكە كېتىپ قالدى. شۆنىڭ بىلەن قاغىلىقتا هوكۇمەتسىزلىك هالىتى مەيدان-

غا كەلدى. يامۇلنىڭ دەرۋازىسى تاقالدى. دۇكانلار يېرىم ئېچىلىدىغان بولدى. خەلقلەر كوچىلاردا توپ - توپ بولۇپ، خوجانىياز ھاجى خوتەنلىك ئىسلامچىلار بىلەن ئۇرۇشماقچى ئىكەن. شۇڭا ئۇلار خوتەنگە تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن قايتىپ كېتىپتىمىش، قەشقەردە خوجانىياز ھاجى تەرىپىدىن تومۇر دەيدىغان بىر كىشى سىلىڭ بولۇپتىمىش — دېگەنگە ئوخشاش ھەر خىل سوز - چوچەكلەنى ئېيتىشاتتى. شۇنداق قىلىپ ھوكۇمەتسىزلىك 10 نەچچە كۈن داۋام قىلغاندىن كېيىن ياقۇپ ئامبال ئوزلىگىدىن يامۇلنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچتۇرۇپ كىرىپ، ئوزىنى ھاكىم جاكالاپ، ھەر قايسى بولۇم ۋە ئىدارىلەرنى قايتا قۇرۇپ يايى، توپىپىشىلارنى ئورنۇتۇپ ھوكۇمەت خىزمىتىنى ئىشلەشكە كىرىشتى.

## ھاپىز لۇيجاڭ

قاغىلىقتا ياقۇپ ئامبال ناھىيىلىك ھوكۇمەتنى قايتىدىن قۇرۇپ، خىزمەت ئىشلەۋاتقان كۇنلەردە، قەشقەر تەرەپتىن ھاپىز لۇيجاڭ دېگەن كىشى ئەسكەر تارتىپ كەلدى. ھاپىز لۇيجاڭ ئوزى بىر قىسىم ئادەملىرى بىلەن يامۇلغا ئورۇنلاشتى. ئەسكەرلىرى بازار ئىچىدىكى دەڭ - سارايلارغا چۈشتى. ئەسكەرلىرىنىڭ كوپ قىسمى تۇرپان ۋە توخسۇنلۇقلاردىن ئىبارەت ئىدى. ھاپىز لۇيجاڭ ھەر كۈنى دىگۇدەك ناغرا - سۇناي چالدۇراتتى. ئوزى بولسا، بىر قانچە ئادەملىرى بىلەن يامۇلنىڭ يېنىدىكى مەسچىتى-

نىڭ پەشتىقىغا چىقىۋېلىپ ئۇزۇن ساپلىق غاڭزىسىدا تاماكا چىكىپ، ناغرا چالغان يەرگە توپلۇنۇپ قالغان خەلقلەرنىڭ تاماشاسىنى كورەتتى. ئوز ئەسكەرلىرىنى يەرلىك چېلىشچىلار بىلەن چېلىشقا سالاتتى. يەرلىك چېلىشچىلار ئەسكەرلەرنى يىقىتسا ئۇنىڭغا ئىنئام بېرەتتى. تاغارلاپ قەغەز پۇلنى پەشتاقتا ئېلىپ چىقىپ، غالىپ كەلگەن چېلىشچىلارغا بىر باغلامدىن پۇل تاشلاپ بېرەتتى. بولۇپمۇ بەشىرىقلىق چېلىشچى راشىت دىگەن كىشى هاپىز لۇيجاڭنىڭ نۇرغۇن ئىنئامىغا ئىگە بولدى. شۇ چاغدا خەلقلەرنىڭ ئېيتقانلىرىغا قارىغاندا، راشىتنىڭ ئالغان ئىنئامىغا بىر بايلىق يەر - زىمىن كېلىدىكەنمىش. قاغىلىقتا هاپىز لۇيجاڭ تۇرغان كۇنلەردە دار ئېلىپ تاشلاندى، ئادەممۇ ئولتۇرۇلمىدى. قولىمۇ كېسىلمىدى، ئاياللارمۇ كوشۇككە سېلىنمىدى، جەمئىيەتتە بىر مەھەل تېچلىق هوكۇم سۇردى.

## سابىرخان خوجىنىڭ ئولۇمى

بىر كۈنى ئۇشتۇمتۇت هاپىز لۇيجاڭ ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ خوتەن تەرەپكە قاراپ ئاتلاندى. ئەتىسىدىن باشلاپ تومۇر سىلىڭنىڭ ئەسكەرلىرى تۇركۇم - تۇركۇم بولۇپ، خوتەنگە ماڭغىلى تۇردى. بۇلار خوتەننىڭ قارىقاش ناھىيەسىنىڭ زاۋادىگەن رايونىدا، خوتەن ئىسلامچى ئەسكەرلىرى بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان كۇنلەردە قەشقەردىكى تومۇر سىلىڭنى ماجەنساڭنىڭ ئەسكەرلىرى ئولتۇرۇپ قويغانلىقى ئۈچۈن، خوتەندە جەڭ قىلىۋاتقان ئەسكەرلەر قەشقەر

تەرەپكە قايتىپ كەتتى. ھاپىز لۈيجاڭمۇ قايتىپ كېلىپ، سابىرخان خوجىنى قاغىلىققا تۇەنجاڭ قىلىپ قويۇپ، قەشقەرگە كەتتى. ھاپىز لۈيجاڭ كەتكەندىن كېيىن، سابىرخان خوجا 500 چە ئەسكەر ئېلىپ پىستانلىق مىلتىق ۋە چوماقلار بىلەن قوراللاندۇرۇپ شەھەرنى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرغان كۈنلەردە، خوتەنلىك ئىسلامچىلار يەنە كېلەرمىش ـ دېگەن سۆزلەر پەيدا بولدى. بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، شەھەر دەرۋازىسى ئېتىلدى. خوتەن يولى تەرەپتىن پاك ـ پۇك قىلىپ ئېتىلغان مىلتىق ئاۋازى ئاڭلاندى. خوتەن ئىسلامچىلىرىنىڭ ئالدىنقى قىسمى بولۇپ ماڭغان ئەسقەرجان ئۆزىنىڭ زامانىۋى قورال بىلەن قوراللانغان بىر ئىسكادرون ئۆزبېك ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى باشلاپ قاغىلىق شەھىرىگە باستۇرۇپ كىرىپ، سابىرخان خوجىنىڭ ئەسكەرلىرىنى تىرە ـ پىرەڭ قىلىۋەتتى. سابىرخان خوجىنىڭ ئەسكەرلىرى قوراللىرىنى تاشلاپ تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىپ كەتتى. يالغۇز قالغان سابىرخان خوجا، ئەسقەرجانغا ئەسىر چۈشتى. ئەسقەرجان ئۇنى قىيناپ، ئالتۇن ـ تىللالىرىڭ قەيەردە دەپ ئىقرار قىلدۇرغاندىن كېيىن، يالاڭ باش، يالاڭ ئاياق قىلىپ، كوچا ئايلاندۇرۇپ، تۇەنجاڭ بولغانلىقىنىڭ سازايى دىگۈزۈپ تىرىك كۆمۈۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەسقەرجاننىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن خوتەنلىك ئىسلامچى ئەسكەرلەر سابىرخان خوجىنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرۇپ ھېچ نىمىسىنى قالدۇرماي تالان ـ تاراج قىلدى. شۇنداق قىلىپ ئۆزىنى مەھەممەت پەيغەمبەرنىڭ 36 ـ نەۋرىسى دەپ ھورمەتكە ئېرىشكەن سابىرخان خوجا جاھاندىن تۈگۈشۈپ كەتتى.

# ئىككىنچى قېتىملىق ھوكۇمەتسىزلىك

خوتەن ئىسلامچىلىرى قايتىدىن كېلىپ قاغىلىقنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، قەشقەر تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشتى. 1934 - يىلى يازدا، خوتەن ئىسلامچى ئەسكەرلەرنىڭ قوماندانى ئىمىر ساھىپ 500 دىن ئارتۇق ئەسكەرلىرى بىلەن يېڭىسار ناھىيىسىدە، ماجۇڭيىڭنىڭ 36 - شىسى تەرىپىدىن يېڭىلگەندىن كېيىن، خوتەنلىك ئىسلامچى ئەسكەرلەر يەنە خوتەن تەرەپكە قېچىپ كېتىشتى، ئۇلار كەتكەندىن كېيىن، يامۇلنىڭ دەرۋازىسى تاقالدى. دۇكانلار يېرىم ئېچىلىدىغان بولدى. كىشىلەر توپ-توپ بولۇپ، ھەرخىل مىش - مىش سوزلەرنى ئېيتىشاتتى. بەزىلەر ماجۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرى كېلەرمىش دىسە، بەزىلىرى خوجانىيازھاجىنىڭ ئەسكەرلىرى كېلەرمىش — دەيتتى. شۇنداق قىلىپ ھوكۇمەتسىزلىك 15 — 10 كۈن داۋام قىلدى. ئاخىردا ياقۇپ ئامبال يامۇلنىڭ دەرۋازىسىنى قايتا ئاچقۇزۇپ، ئوزىنى ھاكىم جاكالاپ، ناھىيىلىك ھوكۇمەت خىزمىتىنى باشلىۋەتتى. ھاكىمىيەت تىكلىنىپ 10—5 كۈن ئۆتكەندە، بىر كۈنى گۇما ناھىيىسى تەرىپىدىن خوتەنلىك ئىسلامچىلارنىڭ بىر ليەن ئەسكىرى قاغىلىققا كەلدى. ئەتىسى نەدىنىدۇر خوجا نىياز ھاجىنىڭ بىر باتاليون ئەسكىرى يېتىپ كەلگەندە خوتەنلىك ئىسلامچى ئەسكەرلەر قېچىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماجۇڭيىڭنىڭ بىر قىسىم ئەسكەرلىرى پەيدا بولۇشى بىلەن خوجا-

نىياز ھاجىنىڭ ئەسكەرلىرى قېچىپ كەتتى. بىر - بىردىگە
زىت بولغان بۇ ئۈچ خىل قىسىمنىڭ بىرسى بۈگۈن كەلسە،
ئەتىسى يەنە بىرسى كېلىپ ئالمىشىپ تۇردى. بۇ ئەھ-
ۋال بىر قانچە قېتىم تەكرارلاندى. قاغىلىق بىر مەھەل
بۇ ئۈچ خىل قىسىمنىڭ بىر - بىردىنى قوغلۇشۇپ ئويناي-
دىغان مەيدانىغا ئايلىنىپ قالدى. مەيلى قايسى تەرەپنىڭ
ئەسكەرلىرى كەلسۇن ياقۇپ ئامبال ئۇلارنى ئوخشاشلا
كۈتۈۋېلىپ، نىمە كېرەك بولسا شۇنى ھەل قىلىپ بېرەت-
تى. ئۇلار ياقۇپ ئامبالغا چېقىلمايتتى.

## ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىنىڭ خوتەن ۋىلايىتىنى ئىشغال قىلىشى

1934 - يىلى كۈزگە يېقىن، خوجا نىياز ھاجى بىلەن
شىڭ شىسەي بىرلىشىپتۇ، خوتەن ۋىلايىتىنى ماجۇڭيىڭنىڭ
36 - شىغا بېرىپتۇ - دىگەن سوزلەر تارقالدى. شۇچاغ-
دا، قاغىلىق ناھىيىسى خوتەن ۋىلايىتىگە قاراشلىق ئىدى.
ياقۇپ ئامبال يەنىلا ھاكىملىق قىلىۋاتاتتى. بىر كۈنى
36 - شىنىڭ ئاق ئاتلىق ئەسكەرلىرى قاغىلىققا كېلىپ
چۈشتى. شۇ چاغدا 36 - شىنىڭ ھەر بىر لۈيى (بىردىگادا
بىر خىل ئات مىنەتتى، ئۇلارنىڭ ئەسكەرلىرى ئاق ئات-
لىق، قارا ئاتلىق، بوز ئاتلىق، تورۇق ئاتلىقلاردىن
ئىبارەت ئىدى. ئەسكەرلىرىنىڭ مۇتلەق زور كوپچىلىگى
خۇيزۇلار، ناھايىتى ئاز ساندىكىلىرى خەنزۇ ۋە ئۇيغۇرلاردىن
ئىدى. ئۇ چاغدا ماجۇڭيىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەن

بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ماخۇسەن مۇۋەققەت شىجاڭ (دىۋىزىيە كوماندىرى) بولغان ئىكەن. ماخۇسەننىڭ ئۇنۋانى جۈڭجاڭ (گېنېرال لېيتېنانت)، لۇيجاڭلىرى شاۋجياڭ (گېنېرال مايور) ئىدى. ئاق ئاتلىقلار قاغىلىقتا بىر نەچچە كۈن تۇرغاندىن كېيىن خوتەنگە يۈرۈش قىلىپ، خوتەن ئىسلامچىلىرىدىن نۇرغۇن كىشىلەرنى (ئېيتىشلاردىن قارىغاندا بىر قانچە مىڭ ئادەمنى) ئولتۇرۇپ خوتەننى ئىشغال قىلغان. ماخۇسەن قاغىلىقتا ئۆزى ئېلىپ كەلگەن خۇيزۇلاردىن بىر تۈركۈم پارتىزان ئەتىرىتىنى قالدۇرۇپ ئۆزى خوتەنگە كەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا يەنە بىر لۇي ئاتلىق ئەسكەرنى قاغىلىقتا تۇرۇشقا ئەۋەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن قاغىلىقتىكى ئەبەيدۇللا ئەلەم چىڭفاڭ سىلىڭ (شەھەر مۇداپىئە قوماندانى) بولۇپ تەيىنلەندى. شۇنداق قىلىپ، قاغىلىقتا ئىككى مىڭدىن ئارتۇق ئاتلىق ئەسكەر دائىملىق تۇرىدىغان بولدى. بۇلار كۈن بويى مەشق قىلىش بىلەن شۇغۇللىناتتى. ھېچقانداق ئىشلەپچىقىرىشقا قاتناشمايتتى. 36 - شى خەلققە بالايى - ئاپەت ئېلىپ كەلدى. بۇلارنىڭ يەيدىغان يېمەكلىك، كىيىدىغان كىيىم - كېچەك، ئات - ئۇلاقلىرىنىڭ يەم - خەشەكلىرىنى تەمىنلەش ۋەزىپىسى خەلق ئۈستىگە يۈكلەندى. ھەر كۈنى ئوتۇن، سامان، پېچان قاتارلىقلارنى دىخانلار ھەقسىز توشۇپ كېلەتتى. ھەر خىل ئالۋاڭ - ياساقلار خەلق بېشىغا چۈشەتتى. ئازاپ - ئۇقۇبەت ئاستىدا قالغان دىخانلار يەر - زېمىن، باغ - ۋاران، ئۆي - ئىمارەتلىرىنى تاشلاپ، يەركەن، مەكىت ۋە پوسكام ناھىيىلىرىگە قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

چۈنكى يەركەن، مەكىت ناھىيىلىرىنى شىڭ شىسەي، خوـ
جا نىياز ھاجىلار باشقۇراتتى. پوسكام بولسا بىتەرەپ
ناھىيە ئىدى. بۇ جايلار ماخۇسەن باشقۇرغان خوتەن ۋىلاـ
يىتىگە قارىغاندا، بىر قەدەر ياخشى ئىدى. بۇنىڭدىن
باشقا باپكا، تومۇرچى. سەيپۇڭ قاتارلىق ھۈنەرۋەنلەرنى
ھەربى قىسىمغا ئەكىرىۋېلىپ، ھەربى كارخانە قۇرۇپ،
بۇلارنى يىپ ئىگەرتىش، ماتا توقۇتۇش، بوياش، ھەربى
كىيىم تىكتۇرۇش، قىلىچ سوقتۇرۇش قاتارلىق ئىشلارغا
سالدى، كارخانە ئەتراپىغا پوس قويۇپ، سىرتقا چىققىلى،
بالا ـ چاقىلىرى بىلەن كورۇشكىلى قويمىدى، بۇلاردا دەم
ئېلىش كۈنى يوق ئىدى. ئىش ھەققىمۇ بېرىلمەيتتى، بۇ
ئەھۋال 1937 ـ يىلى 36 ـ شى تار ـ مار قىلىنغانغا قەـ
دەر داۋام قىلدى.

## مەكتەپ قۇرۇلىشى

1935 ـ يىلى 36 ـ شىنىڭ بۇيرۇغىغا بىنائەن، قاـ
غىلىقتا شەنلى مەكتەپ (ناھىيىلىك باشلانغۇچ مەكتەپ)
قۇرۇلۇپ، 300 نەپەر ئوغۇل ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى.
مەكتەپ ئورنى يامۇلنىڭ دۈڭخۇاتاڭ (شەرقىي باغچىسىدا)
دا بولدى. بۇ مەكتەپ دەسلەپكى قېتىم قۇرۇلغان يېڭى
شەكىلدىكى مەكتەپ بولۇپ، خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە ئىككى
خىل تىل ـ يېزىقتا ئوقۇتىلاتتى. ئۇيغۇرچە دەرسلەر: ئانا
تىلى (تىل ـ ئەدەبىيات)، دىن دەرس، تەبىئەت، ھىساپ،
شېئىر قاتارلىقلار. ئەرەپ ئېلىپبەسى ئاساس قىلىنغان ئىدى.

خەنزۇچە گو يۈي (دولەت تىلى) دەرسى ئوقۇلاتتى. ئوقۇغۇچىلار بىردەك نەشىرەڭ كىيىم، پۇتىغا ئوتۇك كىيەتتى. بىردىن قارا پوپكا تارقىتىپ بېرىلگەن ئىدى. 36 - شىنىڭ بۇيرۇغىغا ئاساسەن، بويى - قەددى، چىراي - شەكلى بىردەك، يېشى 13 - 15 ياشقىچە بولغان 40 نەپەر ئوقۇغۇچىنى تاللاپ ھىندىستانغا ئوقۇشقا ئەۋەتىشكە تەييارلىنىپ تۇرغاندا، نىمىشقىدۇ ھىندىستانغا مېڭىش توختاپ قالدى. بازار سىرتىدىكى مەشق مەيدانىغا گېمناستىكا ئويناش ئۈچۈن چىققاندا دۇمباق ۋە كاناي چېلىپ ماڭاتتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاماقى مەكتەپ تەرىپىدىن بېرىلەتتى.

## شىڭ شىسەيگە قارشى قوزغىلاڭ

خوجا نىياز ھاجىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەربى قىسىم قۇماندانى مەھمۇت سىلىڭ ھىندىستانغا كەتكەندىن كېيىن، ئابدىنىياز سىجاڭ دىگەن كىشى 36 - شى بىلەن بىرلىشىپ شىڭ شىسەيگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتەردى. بۇلار ھەش - پەش دىگۈچە قەشقەر كونا شەھەر، مارالبېشى قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلىپ، كوچارغا بېرىپ، شىڭ شىسەي ئەسكەرلىرى بىلەن جەڭ قىلدى. شۇچاغدا قايسى جايدىندۇ ئەسىر ئېلىپ ئەكەلگەن 17 نەپەر دۇڭگېيلىق ئەسكەرنى مەشق مەيدانىغا ئېلىپ چىقىپ، ماخۇسەن تەيىنلىگەن خۇيزۇ ھاجى شەنجاڭ دىگەن ئادەم قولىغا قېلىچ ئېلىپ، بۇ ئەسىرلەرنى قاتار ئولتۇرغۇزۇپ "بىسمىللا- ئاللاھۇ ئەكبەر" دەپ بىر - بىرلەپ چېپىپ

ئۆلتۈردى. شۇ كۈنلەردە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ياردەم تەلەپ قىلغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپىدىن كومىسسار نالىك باشچىلىغىدا روس ۋە قىرغىز ئەسكەرلەر، ئايروپىلان، تانكىلارنىڭ ياردىمى ئاستىدا جەنۇبىي شىنجاڭغا كىرىپ، 36 - شى، ئابدىنىيازلارنىڭ قوشۇنلىرىنى باستۇرۇشقا كى-رىشتى.

## 22 ئادەمنىڭ ئۆلۈمى

سوۋېت قىسىملىرىنىڭ زەربە بېرىشى بىلەن 36 - شىنىڭ ئەسكەرلىرى يەركەن، مەكىت، قاغىلىق تەرەپلىرى-گە قېچىپ كېلىپ توپلاشقان ئىدى. بىر بازار كۈنى ئىككى قاناتلىق سوۋېت ئايروپىلانى كېلىپ بومبا تاشلىدى. بىر بومبا سىۋەت بازىرىدىكى ئۆستەڭ بويىغا چۈشۈپ پارتلاپ، ئۆستەڭ بويىدا سىۋەت، تاش تۇز، تارشا، گۈڭگۈت سېتىپ ئولتۇرغان بازارچىلاردىن ئەر - ئايال، قېرى - ياش بو-لۇپ 22 نەپەر ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئەتىسى يەنە بىر ئايروپىلان كېلىپ، نۇرغۇن تەشۋىق ۋاراقلىرىنى بازار ئۈستىگە چاچتى. بۇ تەشۋىق ۋاراقلىرى ئىككى خىل يېزىق ۋە ئىككى خىل مەزمۇندا ئىدى. بۇنىڭ بىرسى خەنزۇچە بولۇپ ئاساسىي مەزمۇنى 36 - شىنىڭ ئوفىتسېر ۋە ئەس-كەرلىرىگە: سىلەرنى باندىت ماخۇسەن ئاتا - ئانا، خو-تۇن - بالىلىرىدىن ئايرىپ، ئەسكەرلىككە تۇتۇۋالغان. سىلەر قوراللىنى تاشلاپ تەسلىم بولساڭلار ئۆز يۇرتۇڭلارغا ئاپىرىپ قويىمىز - دىگەن خىتاپنامە ئىدى. يەنە بىرسى بولسا، ئۇيغۇرچە يېزىلغان تەزكىيە خېتى بولۇپ، مەزمۇنى:

[illegible]

## [illegible]

[illegible]

تاشلاپ، پىلموت ئېتىپ يەنە قايتىپ كېتەتتى. بۇ ئەھۋال بىر قانچە كۈن داۋام قىلدى. شۇ چاغدا ماخۇسەن ۋە ئۇنىڭ بەي ئىسىملىك سەنمۇجاڭى 20 گە قەدەر ئادەملىرىنى ئېلىپ ھىندىستانغا قېچىپ كەتتى. ماخۇسەننىڭ ھەر قايسى قىسىملىرىدىن قاچماي قاغىلىقتا قېپقالغان ۋە شىڭشىسەينىڭ «قورالنى تاشلاپ تەسلىم بولساڭلار، ئۆز يۇرتۇڭلارغا ئاپىرىپ قويىمىز» دىگەن خىتاب نامىسىگە ئىشەنگەن بىر مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر مىلتىق، قېلىچلىرىنى ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىغا تاشلاپ كوچىلاردا سارامە بولۇپ يۈرۈشەتتى. بىردىنلا شىڭشىسەينىڭ ئەسكەرلىرى كەپتۇ — دىگەن سۆز تارقالدى. قوماندان نالىك باشچىلىغىدىكى ئورۇس ئەسكەرلەر، بىر پولك قىرغىز ئەسكەرلەر (پولك كوماندىرى مەۋلانوۋ دىگەن كىشى ئىدى) 12 دانە تانكا ۋە سەي تۇەنجاڭ باشچىلىغىدىكى بىر پولك دۇڭبېيلىك ئەسكەر كېلىپ خوتەن تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. قوماندان نالىك ئەبەيدۇللا چىڭفاڭ سىلىڭنىڭ ھويلىسىغا چۈشۈپ، بىر قىسىم ئورۇس ئەسكەرلەر بىلەن قاغىلىقتا قالدى. رۇس ئەسكەرلىرى ھىلىقى قاغىلىقتا قوراللىرىنى تاشلاپ كوچىلاردا يۈرگەن ماخۇسەننىڭ بىر مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەرلىرىنى بىر كېچىدە يىغىپ كېلىپ زىغىرلىق يار دىگەن قۇملۇقتا ئولتۇرۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ماخۇسەن باشچىلىغىدىكى 36 - شى پۈتۈنلەي يوقىتىلىپ، شىڭشىسەي ھاكىمىيىتى رەسمى تىكلەندى.

# قەشقەر مىسكار جامائەسىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە ھازىرى

جۇلەيمە بەكرى

قەشقەر — ئۇزۇن تارىختا ئىلگىرى مەشھۇر ئەنئەنىسى قەدىمىي. ئۇ، ئەينى تارىخىي دەۋرلەردە، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپلا قالماي، بەلكى بەزى دەۋرلەردە سىياسىي مەركىزىمۇ بولۇپ كەلگەن. تارىختا ھاكىمىيەت دەپ ئاتالغان ۋە ... ئەسىر ھۆكۈم سۈرگەن مەشھۇر قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ پايتەختى بولغان. ئۇ، ئۇزۇن تارىخىي ۋە مەدەنىي ئەنئەنىلىرى بىلەن ھازىرغىچە ... جەلپ قىلىپ كەلدى.

بۇ يەردە، ئۇزۇن تارىختىن بۇيان. بىر قانچە ... قەدىمىي ... ھۈنەرۋەنلەر ... مىسكار جامائەسى.

قەشقەردە ... مىسكار جامائەسى ... ۋە ئۇلارنىڭ ھازىرقى ... تارىخىي ... زىيارەت ...

مىسكار جامائەسى — قەشقەر ...

جەنۇپقا سوزۇلغان ئەڭ ئاۋات كوچىلىرىنىڭ بىرسى بولغان ئازات كوچىسىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان؛ بۇ كوچىنىڭ غەربىدە ھېيتكار مەيدانى بار، جامەنىڭ دەرۋازىسى مەيدانغا قاراقلىق، مەيدان يۇمىلاق شەكىللىك گۇللۈك بولۇپ، رەڭگا-رەڭ گۈللەر ئېچىلغان. ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ئىتتىپاقلىقىنى كۆرسىتىدىغان خاتىرە مۇنارىسى مەغرۇر قەد كۆتىرىپ تۇرىدۇ، بۇ، 1956-يىلى ياسالغان. مەيداننىڭ ئەتراپى تۇرلۇك ماگىزىن، يېمەكلىكلەر دۇكانلىرى بىلەن توشقان. مال ساتقۇچىلارنىڭ ئۈز مۇڭلىرى، تاماقلىرى، دوغ-جۇلاپلىرىنى ماختاپ ۋاقىراشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇنغالغۇلىرىدىن چىققان سادالار — مانا بۇ ھەر خىل ئاۋازلار مەيداننى قاپلايدۇ. يەنە شۇنىڭدەك، بۇ يەردە بېشىغا تور رومال ئارتىپ، قوللىرىدا دوپپا، روباچكا قاتارلىقلارنى تۇتقۇۋالغان مەستۇرە ئايالارنىڭ تاقەتسىزلىك بىلەن خېرىدار چاقىرىشلىرى — مانا بۇ كونا ھاياتنىڭ ساقىت نەمۇنىلىرىمۇ كۆزگە چېلىقىدۇ.

ھېيتكار جامەسى — يوقلۇقتىن بار بولۇش، كىچىكلىكتىن چوڭىيىش، ئاددىلىقتىن مۇرەككەپلىشىش ۋە تەدرىجى تەرەققى قىلىپ كامالەتكە يېتىشتىن ئىبارەت ئومۇمى شەيئىلەرگە ئورتاق بولغان تارىخي تەرەققىيات جەريانىنى بېسىپ ئۆتكەن.

ھېيتكار جامەسى ئۇزۇن يىللىق تارىخقا ئىگە. ئەڭ كام دىگەندە 556 يىلغا يېتىپ بارىدۇ. ئۇنىڭدىن بۇرۇن بۇ جاي بىر ساسلىق، قومۇشلۇق، توغراقلىق جاڭگالىدىن

ئىبارەت بولغان. شۇنىڭدەك بۇ جايدا ئوردا خادىملىرىنىڭ قەۋرىستانلىقىمۇ بار ئىدى. ھىجرىيىنىڭ 96 - يىلى(مىلادى 714 - يىلى) ئەمىر قۇتەيبە قوماندىسى ئاستىدا، پەرغانە ئارقىلىق شىنجاڭغا كەلگەن دىن تارقاتقۇچى ئەرەپلەر ۋە 11 - ئەسىردىكى «ئارسلانىيە» لەرگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن كەلگەن كىشىلەردىن ئەينى زاماندا ۋاپات بول-غانلىرىمۇ ئەشۇ يەرگە دەپنە قىلىنىپ، مازار شەكلىنى ئالغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ جاي تەدرىجى يوسۇندا كىشىلەر ھۆرمەتلەيدىغان ئورۇنغا ئايلانغان. بۇنىڭدىن تەخمىنەن 500 يىللار بۇرۇن ئۆتكەن قەشقەر ھاكىمى سانىسىز مىر-زىمۇ مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن ھىجرى-يىنىڭ 846 - يىلى (مىلادى 1442 - يىلى) غا كەلگەندە، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى بۇ يەرگە بىر كىچىك مەسچىت سال-دۇرغان. ئۇ، ھازىرقى ھېيتكار جامەسىنىڭ ئالدىنقى كەۋ-دىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇنىڭدىن بىر ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئۆتۈپ، 16 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، چاغىتاي ئەۋلادلىرىدىن يەكەن پادىشاسى سەئىدخانىنىڭ ئىنىسى سۇلتان مىرزا ئەزىز ۋەلى ۋاپات بولۇپ، ئۇمۇ مۇشۇ قەۋرىستانلىققا دەپنە قىلىنغان. ئۇ چاغدا، بۇ يەردە «پاقالىچەك مازارە» دەپ ئاتالغان. ھىجرىيە 944 - يىلى (مىلادى 1537 - يىلى) قەشقەر ھۆكۈمرانى ئوبۇلھادى مىرزا ئاتاپەكرى ئوغلىسى ئوز تاغىسى بۇ يەرگە دەپنە قىلىنغانلىقتىن، بىر ياخشى ئىش قىلىشقا نىيەت باغلاپ، تاغىسىنىڭ مازىرىنىڭ شەرقى ئۈچۈن ھىلىقى مەسچىتنى كېڭەيتىپ، 5 ۋاق نامار ئوقۇ-

لىدىغان مەھەللىۋى مەسچىتتىن، جۈمە نامىزى ئوقۇلىدى-
غان «جامە» گە ئۆزگەرتكەن.

راۋايەتلەرگە قارىغاندا، ھىجرىيە 1213 - يىلى(مىلادى 1798 - يىلى) گۈلرەنا ئىسىملىك بىر ئايال پاكىستانغا كېتىۋېتىپ، قەشقەرگە كەلگەندە، كېسەل بولۇپ ئولۇپ كېتىپ، نۇرغۇن پۇل - دۇنياسى قالغان ئىكەن. كىشىلەر بۇ ئايالنىڭ يولدا راسخوت قىلىدىغان پۇلىغا بىر مەسچىت سالدۇرۇپ، ئۇنىڭغا «ھېيتكار» دەپ نام بەرگەنىمىش. ئۇ چاغدىكى ھېيتكارنىڭ كولىمى - دائىرىسى كىچىك بولۇپ، ئەتراپى قەۋرىستانلىق ئىكەن.

ھىجرىيە 1201 - يىلى ( مىلادى 1786 - يىلى ) قەشقەر يېڭىشەر ناھىيىسىگە تەۋە خانئېرىق رايونىنىڭ چارقىلىق يېزىسىدىن زۇلپىيارى بوۋى ئىسىملىك بىر ئايال يىپ ئىگىرىپ سېتىپ، پۇل توپلاپ، ھەج قىلىش نىيىتى بىلەن پامىردىن ئوتۇپ پىرسىيىگە بارغاندا، پىرسىيىدە سوقۇش بولۇپ كېتىپ، يولدىن ئوتەلمەي، قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ، ھەرەمگە ئاتىغان پۇلى ھىساۋىغا ھېيتكار جامەسىنى كېڭەيتىپ ياساپ چىققان. شۇنىڭدەك، شەھەر ئەتراپىدىكى پاختەكلە يېزىسىدىن 40 پاتمانلىق ( بىر پاتمان 15 موغا تەڭ ) تېرىلغۇ يەر سېتىۋېلىپ، مۇشۇ جامە ئۈچۈن ۋەخپە قىلىپ بەرگەن.

19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، قەشقەرگە ھاكىم بولغان تۇرپانلىق ئىسكەندەر ۋاڭ ( قەشقەر قاتناش ئالدىدا قەۋرىسى بار ) ھىجرىيە 1224 - يىلى ( مىلادى 1809 - يىلى ) ئوز ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن گۈمبەز ياسىتىش بىلەن

بىللە، ھېيتكار جامەسىنىمۇ ئۇمۇمىيۈزلۈك رېمونت قىلـ
دۇرغان، ئىچىگە كول كولىتىپ، ئېرىق چاپتۇرۇپ، ئۇنىڭـ
غا سەمەندىن بىر ئېرىق سۇ ئەكىرگەن ۋە نۇرغۇن چىرىم
تىكىپ جامەنى گۈزەللەشتۈرگەن.

ھىجرىيە 1235 - يىلى ( مىلادى 1819 - يىلى)
قەشقەردە بىر قېتىم قاتتىق يامغۇر يېغىپ، ھېيتكار جامە-
سىنىڭ تورۇسلىرىنى ئېغىر دەرىجىدە زەخىملەندۈرگەن.
ئۇ چاغدا، قەشقەرلىق ئەبىرىشىمكار نىيدىر خوجا دېگەن
كىشى تەربىيدىن يەنە بىر قېتىم ئومۇمىيوزلۈك رېمونت
قىلدۇرۇلغان.


ئارىدىن 20 يىل ئۆتكەندىن كېيىن يەنى ھىجرىيە
1255 - يىلى ( مىلادى 1839 - يىلى ) قەشقەر ھوكۈمرانى
زوھۇردىن ھاكىم بەگ قەشقەر شەھرىنى كېڭەيتىپ تەمىر
قىلىش بىلەن بىللە، تاشقارقى شەھەرگىمۇ سېپىل سوقـ
تۇرۇپ، 400 يىلدىن بۇيان شەھەرنىڭ سىرتىدا بولۇپ
كەلگەن مەھەللە بىلەن جامەنى شەھەرنىڭ ئىچىگە كىر-
گۈزگەن ۋە مۇناسىپ ھالدا كوركەملەشتۈرۈپ، قايتا
رېمونت قىلدۇرغان.

زوھۇردىن ھاكىم تۇرپانلىق كىشى بولۇپ، بۇ چوڭ
قۇرۇلۇشقا شەخسەن ئۆزى رەھبەرلىك قىلغان ۋە قاتناشـ
قان، شۇنىڭدەك ئۇ 20 يىل ھوكۈم سۈرگەن دەۋردە
تېرىلغۇ يەر كولىمىنى كېڭەيتىپ، ئۇزۇن مۇساپىلىق
ئۆستەڭلەرنى چاپتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرگەن.
ئىلىم - مەرىپەت، پەن - مەدەنىيەت ئىشلىرىنى يولغا
قويغان. شۇنىڭدەك، يەنە قەشقەر خەلقىگە پايدىلىق نۇرغۇن

ئىشلارنى قىلغان. بۇ ھەقتە شۇ دەۋرنىڭ مەشھۇر شائىرى ۋە ئاتاغلىق مۇتەپەككۇر ئابدۇرېھىم نىزارى ئۆز شېئىرىدا مۇنداق دەيدۇ:

كى بىرمىڭ ئىككى يۈز ئەللىكبەش تارىخى پەيغەمبەر①
بىنا قىلدۇردى شەھەرنى شاھ زوھۇرىدىن بەلەن ئەختەر②
رىئايە ③ خىلىنىڭ ھالىغا رەھمە ئەيلەپ ھاۋادىسىدىن ④
قىلىپ قەلئە ⑤ نى مەھكەم كى گوياسەددى ئىس-
كەندەر.

يۇقۇرقى شېئىر زوھۇرىدىن ھاكىم بەگنىڭ شەھەر ۋە ھېيتكارنى كېڭەيتىش يولىدا يۈكسەك ئورۇن تۇتقانلىغىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ.



① ھىجرىيە ② ئۇستۇن يۇلتۇزلۇق ③ پۇقرالار
④ ھاۋادىس ـ ھادىسىلەر ⑤ قەلئە ـ سېپىل

19 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرى ياقۇپبەك ( بەدەۋلەت ) ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ، 1865 - يىلدىن 1877 - يىلىغا قەدەر 12 يىل ھوكۇم سۈردى. بۇ جەرياندا ئۇ، جەنۇبى شىنجاڭدا، جۈملىدىن ئەينى زاماندىكى پايتەخت قەشقەردە كوپلىگەن مىچىت، مەدرىسە، مازار ۋەلەنگەر ( چۆشكۈنخانا ) لارنى بەرپا قىلدۇردى. ھىجرىيە 1290 - يىلى ( مىلادى 1873 - يىلى ) ئوزىنىڭ يېقىن مەنسەپدارلىرىدىن ئالداش دادخاھنى مەسئۇل قىلىپ، ھېيتكار جامەسىنى كېڭەيتىپ قايتا تەمىر قىلدۇردى. بۇ چاغدا، غەرپ تەرەپكە مىچىت، شەرق تەرەپكە مەدرىسە قىلىنىپ، ئىككى قىسىمغا ئايرىپ ياسالدى. مەدرىسە قىسمىنىڭ شىمال، شەرق ۋەجەنۇپ تەرەپلىرىگە 24 ئېغىزدىن 72 ئېغىزلىق ھوجرا بىنا قىلىندى. بۇنىڭدا 400 دىن ئارتۇق تالىپ يېتىپ، قوپۇپ دەرس ئالاتتى. شەرقى شىمال بۇرجىكىگە 100 دىن ئارتۇق كىشى بىر ۋاقىت ئىچىدە بىمالال يۇيۇنالايدىغان ھاممام ( مۇنچا ) 400 كىشىلىك گولەخ، 40 كىشىلىك ھاجەتخانە ياسالدى. 4 جايغا كول قازدۇرۇلۇپ ئەتراپىغا دەرەخ تىكىپ ئورمان بىنا قىلدۇردى. ھېيتكار جامەسىنىڭ مۇنار، گۇمبەز، پەشتاق، دەرۋازا قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنىمۇ ياساتتى. شۇنىڭ بىلەن ھېيتكار جامەسىنىڭ ھازىرقى قىياپىتى شەكىللەنگەن.

بۇ جامە رىمونت قىلىنىپ ئۇزۇن ئوتمەي ياقۇپبەك ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلدى. « تارىخ ئەمىنىيە » دە كورستىلىشىچە، ياقۇپبەك ھاكىمىيىتى ھىجرى 1294 - يىلى 10 - زۇلھەججە يەنى دەل ھېيت قۇربان كۇنى ( مىلادى

1877 - يىلى 12 - ئايىنىڭ 22 - كۈنى ) يىقىلغان. ئۈنىڭ ئورنىغا مانجۇلار ھاكىمىيىتى تىكلەنگەن. بۇ ھاكىمىيەتكە ۋاكالىتەن زوزۇڭتاڭ لىجۇيا دىگەننى بەلگىلەپ، قەشقەر-نىڭ ھەربى - مەمۇرى ھوقۇقىنى تۇتقازغان، لىجۇيا بۇ جامەنى ياقۇپبەگدىن ئولجا قىلىپ ئوتكۇزۇۋالغان مۇلۇك قاتارىدا ھىساپلاپ، بىر مەزگىل قۇلۇپ سېلىپ قويغان. كېيىن خەلق ئاممىسىنىڭ كۈچلۈك بېسىمى ئاستىدا خەلق-قە قايتۇرۇپ بەرگەن.

يىللارنىڭ ئوتىشى بىلەن پەرۋىرىش ۋە باشقۇرۇش-نىڭ يىتەرسىزلىگىدىن كونىراش، بۇزۇلۇش، توكۇلۇش، دەرەخلەر قېرىپ قۇرۇپ كېتىش، كوللەر گومۇ-رۇلۇپ، ئىگىز - پەس بولۇش، سۇلىرى بۇلغۇنۇپ كېتىش قاتارلىق ئەھۋاللار كورۇلۇشكە باشلىغان.

هىجرىيە 1320 - يىلى (مىلادى 1902 - يىلى) قەش-قەردە ئېغىر يەر تەۋرەپ، خەلقنىڭ مال - مۇلكى زور زىيانغا ئۇچرىغان. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ھېيتكار جامە-سىنىڭ تاشقارقى مىچىت قىسمىغا ئېغىر دەرىجىدە زىيان يېتىپ، بەزى يەرلىرى ئورۇلۇپ كەتكەن. بەزى يەرلىرى زەخىملەنگەن، ئىككى مۇنارىنىڭ باش تەرىپى ئۇچۇپ كەتكەن، سول تەرەپتىكى مۇنارە زەخىملەنگەن. جامەنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئايۋاننىڭ بىر قىسمى يىقىلغان، پى-شايۋان بىلەن سول تەرەپتىكى ئايۋان شىكەستلەنگەن. بۇ تەرەپتىكى مۇنارىنىمۇ دەز كېتىپ، خەۋپلىك ھالەتكە چۈشۈپ قالغان ئىدى.

هىجرىيە 1322 - يىلى (مىلادى 1904 - يىلى)ئەينى

زاماندىكى قەشقەر بايلىرىدىن «ئاخۇنبايىپلار» دەپ ئاتالغان تۇردى باي ھاجىم بىلەن كېرىم بايۋەچچە ـ بۇ ئىككى ئاكا ـ ئۇكا تەرىپىدىن رېمونت قىلىنىپ، ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. ئۇلار، ئاتۇشلۇق دولەت ئاخۇن ئىسىملىك ئۇستىنى خوتەندىن ئەكەلدۈرۈپ رېمونت قىلدۇرغان. بۇ ئۇستا مۇنارنىڭ ئۇستىنى يۆگىمە قىلىپ ئوڭلاپ، ھازىرقى شەكىلگە كىرگۈزگەن.

ھىجرىيە 1352 ـ يىلى (مىلادى 1933 ـ يىلى) شىڭشىسەي دەۋرىدە، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم مائارىپ مۇدىرلىك سالاھىيىتى بىلەن جامەنى بىر قۇر رېمونت قىلدۇرغان.

ھىجرىيە 1354 ـ يىلى (مىلادى 1935 ـ يىلى) قەشقەردە تۇرغۇچى گېنېرال مەخمۇت موھىتى تەرىپىدىن بىر قېتىم رېمونت قىلىنغان. جامە ئىچىدىكى قېرى، ئىگىز ـ پەس ئۆسكەن دەرەخلەر چىقىرىپ تاشلىنىپ، رەتلىك دەرەخلەر قويۇلغان، سېسىق كوللەر تىندۇرۇلۇپ، يېڭى كوللەر قېزىلغان، ئەتراپىغا (سالاسۇن رېشاتكا) بېكىتىلگەن.

ئۇنىڭدىن كېيىن بولسا «ئىسلاھى مادارىس ۋە مەساجىدى ھەيئىتى» (مەدرىس ۋە مىچىتلەرنى ئىسلاھقىلىش ھەيئىتى) دىگەن ئاممىۋي تەشكىلات تەرىپىدىن ئومۇمىيۈزلۈك رېمونت قىلىنغان. بۇ جامەنىڭ ئەسلىدە بىرلا دەرۋازىسى بولۇپ، ھېيت ۋە جۈمە كۈنلىرى تىقمىچىلىق يۈز بېرىپ قىيىنچىلىق تۇغۇلاتتى. بۇ ھەيئەت جامەنىڭ شىمال ۋە جەنۇپ تەرىپىگە ئىككى يان دەرۋازا ئېچىپ،

كىرىش - چىقىشىنى راۋانلاشتۇرۇش بىلەن بۇ قىيىنچىلىق ھەل قىلىندى. شۇنىڭدەك جامەنىڭ تام - تۈرۈسلىرىنى ئاقارتىپ ۋە سىرلاپ، جامەنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشتى.

ھىجرىيە 1355 - يىلى (مىلادى 1936 - يىلى) ئېلىپ بېرىلغان شەھەر كوچىلىرىنى كېڭەيتىش ھەركىتىدە جامەنىڭ قىياپىتىدە خېلى ئۆزگىرىش بولۇپ، يەنە بىر قېتىم ئىسلاھ قىلىندى. بۇ ئىسلاھدا جامەنىڭ شەرق تېمى ئېلىپ تاشلاندى. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كىچىك مەچىت، ھاممام، 24 ئېغىزلىق ھوجرا، جامەنىڭ شىمالىدىكى يۈزدىن ئارتۇق دۇكان قاتارلىقلار چېقىپ تاشلىنىپ، يولغا قوشۇلۇپ كەتكەن، شەرقتىكى تامنىڭ ئورنىغا سالاسۇن ئورنىتىلىپ، جامەنىڭ ئىچكى مەنزىرىسى سىرتتىن كۆرۈنىدىغان ھالەت شەكىللەنگەن. بۇ تەرەپتىن ھەم ئىككى ئىشىك ئېچىلغان. بۇ قېتىمقى ئىسلاھاتتا ھېيتكار جامەسى ئەتراپىدا خېلى زور ئۆزگىرىش بولۇپ، ئىككى چوڭ مەچىت، 7 سودا سارىيى، 6 چوڭ بازار ئورنى، بىر ھاممام، بىر بۇتخانە، يۈزلىگەن دۇكان ۋە ئۆيلەر چېقىپ تاشلىنىپ، بۇلارنىڭ ئورنىدا بىر مەيدان بارلىققا كەلگەن. 1948 - يىلى جەنۇبىي يولنى كېڭەيتىش مۇناسىۋىتى بىلەن، جامەنىڭ جەنۇبىدا قەپ قالغان 40 دۇكانمۇ يولغا كىرىپ كەتكەن.

ئومۇمەن ئالغاندا، بۇ جامە ياسالغاندىن تارتىپ تا 1949 - يىلى دۆلىتىمىز قۇرۇلغانغا قەدەر ئەنە شۇنداق جەريانلارنى باشتىن كۆچۈرگەن.

پەقەت ئازادلىقتىن كېيىنلا، ھېيتكار جامەسىنىڭ

يېڭى باھارى باشلاندى. بىر قانچە قېتىم چوڭ-كىچىك رېمونت قىلىندى. 1955-يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇرۇلۇش تەنتەنىسى مۇناسىۋىتى بىلەن ھۆكۈمەت ھېساۋىدا، 10 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل ئاجرىتىلىپ، چوڭ رېمونت قىلىنىپ، سىرلىنىپ، ئاقارتىلىپ گۈزەللەشتۈرۈلگەن. 1981-يىلى سۇ ئېتىلىپ چىقىدىغان بىر كول ياسىتىلغان. بۇنىڭدىن ئومۇمىي مۇسۇلمانلار، بولۇپمۇ دىنىي زاتلار چەكسىز خۇرسەنلىك ھېس قىلىشقان، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىدىن مىننەتدار بولغان.

ئەمما، «تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن» 10 يىل مەزگىلىدە، بۇ جامەنىڭمۇ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراشتىن خالىي بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە. «ئىسيانچىلار» تەرىپىدىن جامەدىكى مېھراپ كولىدۇرۇپ تاشلانغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە پەشتاق ۋە مۇنارىنى بۇزماقچى بولۇشۇپ تىراكتور ئېلىپ كەلگەندە، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار تەرىپىدىن توساپ قېلىنغاچقا، ئۇلار مەقسەتلىرىگە يېتەلمىگەن. 1966-يىلى 9-ئايدىن 67-يىل 5-ئايغا قەدەر بولغان 7 ئاي ۋاقىت بۇ جاي تاقاپ قويۇلغان، كېيىن مۇسۇلمانلارنىڭ تەلىۋى بويىچە ئېچىپ بېرىلگەن.

پەقەت پارتىيە 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ھەممە قالايمىقانچىلىقلار ئوڭشالدى، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇر چېچىشىغا ئەگىشىپ، دىنىي سىياسەتمۇ ئەمەلىي ئىجرا قىلىنىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇرۇنقى نۇرغۇن جامە-مەسچىتلەر ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. دىنىي زاتلارمۇ مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ تۇرمۇشتا كاپالەتكە

ئىگە قىلىندى، توغرا دىنىي پائالىيەتلەر قانۇنىي رەۋىش-
تە قوغدىلىنىدىغان بولدى. بەزى ئايرىم جامەلەر نۇقتى-
لىق هالدا رېمونت قىلدۇرۇلدى. جۇملىدىن ھېيتكار جا-
مەسىمۇ 1980 - ۋە 1981 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان كەڭ
كۆلەملىك رېمونت نەتىجىسىدە، هازىرقى كۆركەم ۋە
ھەشەمەتلىك قىياپەتكە كەلتۈرۈلدى. بىز، ئاپتونوم رايون-
لۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن بىر گۇرۇپپا
ئادەم بۇ يىل روزى ھېيت مەزگىلىدە، بۇ ئۇلۇغ جاينى
زىيارەت قىلدۇق ۋە بۇ جاي ھەققىدە قەشقەردىكى دىنىي
زاتلار ۋە زىيالىلار بىلەن سوھبەت يىغىنى ئاچتۇق ھەم
ئايرىم سوھبەت يۈرگۈزدۇق. ئۇلار بىزنى قىممەتلىك ما-
تېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى. شۇنىڭدەك ھېيتكار جامەسى-
نىڭ ھازىرقى ئەمەلىي ھالىتىنى تەپسىلىي كۆزدىن كۆچۈر-
دۇق. ھېيتكار ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئۇيغۇر بىناكارلىق-قۇرۇ-
لۇش ئۇستىلىرى تەرىپىدىن ياسىلىشىنىڭ پۇختىلىقى،
ئەلا سۈپەتلىك ماتېرىياللاردىن قۇرۇلغانلىقى ۋە بىر نەچ-
چە قېتىم رېمونت قىلىنىپ، كامالەتكە يەتكەنلىكتىن
ھازىرمۇ ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ نەمۇنىسى
بولۇپ كەلمەكتە.

بىز مەيداندىن قارىغىنىمىزدا، ئالدى بىلەن ھەي-
ۋەتلىك جامە دەرۋازىسىغا ۋە ئۇنىڭ ئىككى قاسنىقىغا
جايلاشقان 18 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئىككى مۇنار، پەشتاق
ۋە گۈمبەزگە كۆزىمىز چۈشتى. چوڭ دەرۋازا
4.7 مېتىر ئېگىزلىكتە بولۇپ، يېشىل سىرلانغان ۋە نەقىش-
لەر ئويۇلغان، دەرۋازىنىڭ ئۈستىدىكى تاختايغا چىرايلىق

نەقىشلەر ۋە ئەرەپچە قۇرئان ئايەتلىرى ئويۇلغان. ئىككى
مۇنار پىششىق خىشتىن خۇددى زامانىۋي ئالى ئىمارەت-
لەرنىڭ سۇ مۇنارلىرىغا ئوخشاش سىپتە ياسالغان بولۇپ،
ئۇچىغا ئىسلامىيەت سىمۋولى — ھىلالدىن ئىشلەنگەن يې-
رىم ئاي بېكىتىلگەن. پەشتاقنىڭ ئېگىزلىكى 12 مېتىر
بولۇپ، پىششىق خىشتىن قوپۇرۇلغان. ئۇنىڭ ئارقىسىغا
چوڭ گۇمبەز ۋە گۇمبەز ئۈستىگە كىچىك مۇنار سېلىنغان،
ئۇنىڭ ئۈستىگىمۇ تۈشتىن ئىشلەنگەن يېرىم ئاي ئورنى-
تىلغان. يىراقتىن قارىغاندا، بۇ ناھايىتى ھەيۋەتلىك
كورۇنۇپ تۇرىدۇ. دەرۋازىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە يانداپ بىر
مۇنچە دۇكان سېلىنىپ، ئۇنىڭ ئۈستى رىشاتكابىلەن چىراي-
لىق زىننەتلەنگەن. دەرۋازىدىن دەلىزىگە كىرىسىز. دەلىزىنىڭ
ئۇدۇل تېمىغا مېھراپ شەكلىدە نەقىشلەنگەن تومۇر روجەك
بېكىتىلگەن. جامە سەيناسىغا كىرمەي تۇرۇپمۇ ئىچكى
مەنزىرىنى كورگىلى بولىدۇ. دەلىزىنىڭ ئىككى يان تەرى-
پىگە يوغان ئەگىم ئىشىك چىقىرىلغان. ئىشىكتىن كىر-
گەندىن كېيىنلا جامە سەيناسىدىكى دەل-دەرەخ، كول،
سالاسۇنلار ۋە ئومۇمى جامەنىڭ گۈزەل-ھەيۋەتلىك كو-
رۇنىشى كوز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ. جامەنىڭ ئۇزۇ-
نى (شىمالدىن-جەنۇپقا) 140 مېتىر، كەڭلىكى (غەرپتىن
شەرققە) 120 مېتىر كېلىدۇ. ئومۇمى يەر ھەيدانى 16800
كۋادرات مېتىر بولۇپ، مو ھىساۋىغا سۇندۇرغاندا 25·22
موغا توغرا كېلىدۇ، بۇ، ھەجمى جەھەتتىن شىنجاڭ بويى-
چە بىردىن-بىر چوڭ جامە بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.
جامە سەيناسىدىكى دەرەخلەر ئارىسىدىن كوك سىر-

لانغان تومۇر رىشاتكا بىلەن ئىھاتە قىلىنغان كۆلىنىڭ سۈپ - سۈزۈك سۈيى خۇددى ئەينەكتەك چىلىۋىلىنىپ تۇرىدۇ. سۈنىڭ ئوتتۇرىسىغا خۇددى ياشناپ تۇرغان بىر خىل گۈلنىڭ مودىلى ياسالغان بولۇپ، ئۈنىڭدىن فونتانلىنىپ ئېتىلىپ چىققان سۇ ئۈنچە - مارجان چاچرىتىپ،يەنە كولگە قۇيۇلۇپ، ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرە ھاسىل قىلىدۇ.

ھېيتكار جامەسىنىڭ سەيناسىدا بەرپا قىلىنغان تېرەك، رىدە، سوگەت، ئاكاتسىيە، ئۈژمە، قارائورۈك، ئورۈك، قارىغاي، تۇخۇمەك، جىگدە، تال ئۈزۈم، ئەنجۈر قاتارلىق ھەر خىل مېۋىلىك ۋە مېۋىسىز دەرەخلەر، تۈرلۈك گۈللەر سەينانى ياپ - يېشىل باغ تۈسىگە كىرگۈزۈپ، جامەنىڭ ھوسنىگە - ھوسن قوشۇپ تۇرىدۇ. سەينانىڭ ئوتتۇرىسىغا مەخسۇس ئىشلەنگەن، پىششىق خىش ياتقۇزۇلغان چاپىراس يول ياسىلىپ، يولنىڭ ئىككى قاسنىغى سۈۋادان تېرەك ۋە سىدە بىلەن ئورالغان. سەينانىڭ جامە تەرىپىگە يېقىن كېلىدىغان ئىككى ياقىغا ئىككى راۋاق سېلىنغان. مەسچىت بىلەن سەينا سالاسۇن بىلەن ئايرىلغان. جامەگە كىرىدىغان ئېغىزلارغا ئالاھىدە پەلەمپەيلەر ياسالغان بولۇپ، پەلەمپەيلەر ئارقىلىق جامەگە كىرىدۇ.

پۈتۈن جامە — مەسچىت ۋە مەدرىسە دەپ ئىككى قىسىمغا بولىنىدۇ. بۇنى ھېلىقى سالاسۇن ئايرىپ تۇرىدۇ، مەسچىت قىسمى يەنە «ئىچكەركى مەسچىت» «تاشقارقى مەسچىت» ۋە ئايۋان دەپ 3 قىسىمغا بولىنىدۇ. ئىچكەركى مەسچىتنىڭ ئۇزۇنلىقى 36·5 مېتىر، كەڭلىكى 10·5 مېتىر بولۇپ، پۈتۈن مەيدانى 456 كۋادرات مېتىر. بۇنىڭغا تاشقارقى

مەچىت، ئايۋانلار قوشۇلۇپ بىتون ئۈستى يېپىق قىسمى 2600 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. بىرلا ۋاقىتتا 4200 كىشى ناماز ئوقۇيالايدۇ. ئىچكى ۋە تاشقى مەسچىتنىڭ ئۈدۈل تېمىغا مېھراپ ئويۇلغان، ئىچكەركى مەسچىت مېھرابىنىڭ ئوڭ يېنىغا دىر شىرە ئۈستىگە ئۈنئالغۇ ۋە ئاۋاز كېڭەي-تىش ئەسلىھەلىرى قويۇلغان. مۇشۇ يەردە تۇرۇپ ئوقۇل-غان نامازنىڭ ھەقىقى ئەھۋالى جامە دەرۋازىسىدىكى مۇ-نارىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئورنىتىلغان لابادىن ئەتراپقا ئوچۇق ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. ئازان ئېيتقاندا، پەشتاققا چىقماي، پەستە تۇرۇپ ئېيتىسىمۇ ئوخشاشلا ئاڭلىنىدۇ. مەسچىتنىڭ ئىچى ۋە تېشىغا زامانىۋي يورۇتۇش ئەسلىھەلىرى ئور-نىتىلغان.

جامەنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلمىسى ئۇيغۇر بىناركالىغى-نىڭ يۈكسەك سەنئىتى بىلەن ئىنتايىن پۇختا ۋە ھەشە-مەتلىك قىلىپ ئىشلەنگەن، جامەنىڭ 2600 كۋادرات مېتىرلىق تورۇسى پۇختا ھىساپلاش نەتىجىسىدە، بىر - بى-رىگە جىپسىلاشتۇرۇلغان خۇددى شاخمەت تاختىسىدەك-توغرا تۈت بۇلۇڭلۇق گېئومېترىك شەكىلدە بولۇپ، 100 ئاراشقا بولۇنگەن، بۇنىڭدىن 9 ئاراشقا مىللى ئۇسلۇپتىكى چىرايلىق گۈل-نەقىشلەر سىزىلغان. پۈتۈن تورۇسنى 158 تۈۋرۈك كوتۇرۇپ تۇرىدۇ. بۇ تۈۋرۈكلەرگە ئۇيغۇر نەققاش-لىرى كوپتۇرمە شەكىللىك گۈل نۇسخىلىرىنى چىقىرىپ، چىرايلىق نەقىشلەپ كوك سىر بىلەن سىرلىغان، جامە-نىڭ تاملىرىغىمۇ نەقىشلەنگەن مېھراپ شەكىللىك ئويۇق-لار ياسالغان. مانا بۇ گۈزەل مەنزىرە — بۇنى ئىشلىگەن

ئۇيغۇر دىلگاھ ۋە ئارخىتېكتورلىرىنىڭ نەقەدەر يۈكسەك ماھارەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

بۇ گۈزەل قۇرۇلۇش كۆپتىن بۇيان قەشقەر شەھرىنىڭ بىر گۈزەل زىننىتى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھەر يىلى كېلىدىغان ئىككى ھېيت كۈنلىرىدە خەلقنىڭ ئويناپ يايرايدىغان، كۆڭۈل ئاچىدىغان بىردىن - بىر سورۇنى بولۇپ كەلدى.

بۇ يىل بىز ئۆز كۆزىمىز بىلەن شۇنى كۆردۇقكى، بۇ ھەقىقەتەن ئىسمى جىسمىغا لايىق ھېيتكار يەنى خوشاللىق بىلەن ھېيت ئۆتكۈزۈلىدىغان جاي ئىكەن. بۇ يىلقى روزى ھېيت ئەمەلىيەتتە ئۆتكەن ھەر قانداق يىللاردىكىدىن قىزىق ۋە ئالاھىدە بولدى: شۇنچە كەڭ ھېيتكار جامەسى بىر پەس ئىچىدىلا، 6 كوچىدىن خۇددى سەلدەك ئېقىپ كېلىۋاتقان ئادەم قاينىمى بىلەن لىق تولدى. ئۇنىڭدىن سىرت، شەرق تەرەپتە ئازاتلىق يولىدىن ئۆتۈپ، خام بازىرىغىچە، شىمال تەرەپتە نوۋېشى دەرۋازىسىغا كېتىدىغان يول، جەنۇبىي تەرەپ ئۆستەڭ بويى يولى، قۇم دەرۋازا، ئىگىز ئېرىق يولىغىچە بولغان ئارىلىق ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندى، بۇ كوچىلاردا قاتناش تامامەن توختىدى. ئاڭلىشىمىزچە، نامازغا تۇرغان جامائەت دىنىي قائىدىگە خىلاپ ھالدا، مېھراپ ئۇدۇلىدىنمۇ ئۆتۈپ كەتكەن. بۇ جامائەتنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق كۆپ يىغىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. كىشىلەر، ھېيتكار جامەسىدە ناماز ئوقۇغانلار تەخمىنەن 70 مىڭغا يېتىدۇ، ئوخشاش بىر ۋاقىت ئىچىدە ئاپپاق خوجام مازىرىدا نامازغا داخىل

بولغانلار 30 مىڭغا، جەمى 100 مىڭغا يېتىدۇ» دەپ قىياس قىلىشتى.

قەشقەر خەلقى ئادەتتە، بۇ ئىككى جاينى مۇقەددەس بىلىپ، بۇ يەردە ھېيت نامىزى ئوقۇشنى بەكمۇ ياقتۇرىدىكەن ۋە بۇنى ئۆز ئىپتىخارى ھىساپلايدىكەن. بۇ — قەشقەر خەلقىنىڭ بۇ جايلارغا بولغان چەكسىز مېھرى — مۇھەببىتىنى كورسىتىدۇ. بولۇپمۇ خەلق ھېيت كۈنلىرى بۇ يەردە ساما سېلىپ، پۇخادىن چىقىدۇ. نامازدىن كېيىنلا، پەشتاقتا ناغرا - سۇناي چېلىنىپ، مەيدان بىردىنلا قاينام - تاشقىنلىققا چومدى. قېرىلار، ياشلار، ئوسمۇرلەر ئۆز ئىختىيارى ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ساما سېلىشتى، ساماچىلار بارغانسىرى كوپىيىپ ھەتتا يان كوچىلارغىچە كېڭەيدى. ھەر نوۋەت ساما سالغانلار 500 كىشىدىن كام بولمىدى. ساما سېلىش — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى سەنئەتلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ ئادەتتىكى ئۇسۇللاردىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. ئۇسۇل — ئادەتتە بىر ياكى ئىككى، كوپ دىگەندە بىر قانچە كىشى تەرىپىدىن ئورۇنلانسا، سامانى نۇرغۇن كىشى ھەتتا نەچچە يۈز كىشى تەرىپىدىن ئورۇنلىنىدۇ، ساما سالغان ھەر بىر كىشى ئۆز دائىرىسىدە ناغرا - سۇنايغا كەلتۈرۈپ، بىرخىل رەتلىك ئايلىنىپ ئۇسۇل ئوينايدۇ، شۇنچىۋالا كوپ كىشىنىڭ بىرخىل رەتلىك ئايلانغانلىقى گويا بىرلا كىشى ھەركەتلىنىۋاتقاندەك ھىس قىلدۇرىدۇ. بۇ نىمە دىگەن خوشاللىق ھە؟ بۇلار نىمە دىگەن ئاق كوڭۇل، نىمە دىگەن ئەركىن خەق — ھە؟! 500 ئادەمنىڭ بىر مەيداندا، بىر ۋاقىت ئىچىدە

دە ئوتتۇرىغا چىقىپ ساما سېلىشى — ”شىنجاڭ سەنئەت ماكانى، ئۇيغۇر خەلقى سەنئەتسۇيەر خەلق„ دىگەن سوزىمىزنىڭ جانلىق تەستىقى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ يىلقى ھېيت ئوتكەن يىللاردىكىدىن داغدۇغۇلۇق ۋە باياشات ئوتكەن. نامازخانلار ۋە ساماچىلارمۇ ئوتكەنكىدىن كوپ دەرىجىدە ئاشقان. بۇ، پارتىيە 3 - ئومۇمى يىغىنىنىڭ تۇرتكىسىدە، خەلقىنىڭ ماددىي تۇرمۇشىنىڭ بارغانسېرى ياخشىلىنىپ كېتىۋاتقانلىغى، شۇنىڭغا ئەگىشىپ، مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭمۇ بېيىۋاتقانلىغىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ھازىر، ھېيتكار مەيدانى ئەتراپىغا سېلىنغان تۇرلۇك قۇرۇلۇشلار، ئاۋات بازارلار بۇگۇنكى مول تۇرمۇش ۋە باياشاتلىقنىڭ سەمەرىسى سۇپىتىدە مەيدانغا چىققان شەخسى كىچىك تۇججارلار، قول ھۇنەرۋەنلىرى مەسئۇلىيەت تۇزۇمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن قايتا قەد كوتەرگەن دىخانلارنىڭ كوڭۇل ئازادىلىكلىرى، شادۇ - خوراملىقلىرى بىلەن پۇركۇنۇپ، گېگانت قەد كوتىرىپ تۇرماقتا.

ھېيتكار — بۇ، ئەسلى تىلىمىزغا ئەرەپ ۋە پارىس تىلىدىن كىرگەن قوشما سوز بولۇپ، «ھېيت» دىگەن سوز ئەرەپچە «عيد» (ئەيد) دىگەن سوزنىڭ بۇزۇلمىسى، بۇ ئىستىلا مەنىسى بويىچە «بايرام» دىگەن مەنىنى بىلدۇرىدۇ. «گاھ» دىگەن سوز پارىس تىلىدا «مەيدان»، «ئورۇن» دىگەن سوز بولۇپ، بۇ ئىككىسى بىرگە قوشۇلغاندا «ھېيتگاھ» يەنى «بايرام قىلىنىدىغان ئورۇن» دىگەن مەنىنى بىلدۇرىدۇ. ئادەتتە، بىزگە «ھېيتكا» دەپ ئۇزلۇشۇپ قالغان،

مىچىت — ئەسلى ئەرەپچە «مەسجىد» دىگەن سوز بولۇپ، «سەجدە قىلىدىغان جاي» (باش قويىدىغان جاي) دىگەن مەنىنى بىلدۇرىدۇ.

جامە — ئەسلى ئەرەپچە سوز بولۇپ، « جەمئى قىلـ غۇچى» دىگەنلىك بولىدۇ. بۇ ئورۇن كوپچىلىك يىغىلىپ ئىبادەت قىلىدىغان ئورۇن بولغاچقا، شۇنداق دەپ ئاتالـ غان. ئەرەپچە مۇنداق چوڭ مىچىتنى «جامە» دەپ ئاتايـ دۇ. هـەر هـەپتىدە بىر كېلىدىغان جۈمە نامىزى بىلەن يـىلدا بىر كېلىدىغان ئىككى هېيت نامىزى «جامە» دەپ ئاتالغان مىچىتلەردە ئوقۇلىدۇ.

هېيتكار — ئىسلام دىنىغا خاس ۋەكىللىك خاراكتىرغا ئىگە قەدىمىي بىنا. ئۇنى چەتتىن كـەلگەنلەر، بـولۇپمۇ ئىسلام ئەللىرى زور قىزىقىش بىلەن كوزدىن كوچۈرىدۇ. هەر قايسى جايلاردىن قەشقەرگە كەلگەن كىشىلەرمۇ هېيتـ كارنى زىيارەت قىلىش ۋە هېيتكاردا ناماز ئوقۇش بىلەن پەخىرلىنىدۇ. قەشقەرنىڭ ئوز خەلقىمۇ هېيتكارنى زىيارەت قىلىش ۋە ئۇنىڭدا ناماز ئوقۇشنى تۇرمۇشىنىڭ مۇهىم مەزـ مۇنى قىلغان. دىمەك، هېيتكار يالغۇز شىنجاڭدىلا ئەمەس، بەلكى خەلقارادىمۇ خېلى ئابرويغا ئىگە، 500 يىللىق تاـ رىخقا ئىگە بۇ جاي 1962 - يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايون بويىچە نۇختىلىق قوغدىلىدىغان مەدىنى يادىكارلىق بولۇپ، هوكۇمەت تەرىپىدىن مۇهاپىزەت قىلىنىپ كەلمەكتە.

ئۇتمۇشتە، هېيتكار جامەسىنىڭ ئاساسى كىردىم مەنبەـ سى ۋەخپە يەرلىرىدىن كېلەتتى. شۇنىڭدەك ئوي - ئىماـ رەت، دۇكان، تۈگمەن، هاجەتخانا قاتارلىق ئورۇنلاردىن

كىردىم قىلاتتى.

باشقۇرۇش ئىشىغا كەلسەك، ئوتمۇشتە ھېيتكاردا ئىككى ئىمام، ئىككى خاتىپ، ئىككى مەزىن، ئۈچ مۇدەررىس، 6 مۇتىۋەللى، بىر جارىپكەش بار ئىدى، 300 تالىپ بار ئىدى. ھازىر ھېيتكاردا 7 كىشىدىن تەركىپ تاپقان بىر باشقۇرۇش ھەيئىتى، 3 ئىمام، 2 مەزىن، بىر جارىپكەش بار.

## پايدىلىنىلغان كىتاپلار

1. مىرزا شاھ مەھمۇت جاراسنىڭ «تارىخى رەشى- دىيە» (زەيلى) دىگەن كىتاۋىدا يېزىلىشىچە، سانىسىز مىرزا دىگەن كىشى مىرزا ئابابەكرىنىڭ دادىسى بولۇپ، يەكەن، قەشقەر، خوتەنلەرگە ھاكىم بولغان. شۇ كىتاپنىڭ 94 - بېتىدە يېزىلىشىچە، مىرزا ئابابەكرىمۇ قەشقەر، يەكەن، خوتەنلەرگە 48 يىل ھوكۇمران بولغان ۋە شۇ شەھەرلەر- نى قايتىدىن سالدۇرغان. شەھەرنى بۇزۇپ قايتىدىن سې- لىش جەريانىدا، نۇرغۇن ئالتۇن، كۇمۇش تېپىۋالغان. كېيىن ئۇنىڭغا بەدەخشان، ئەنجان، تىبەت قاتارلىق جاي- لارمۇ تەۋە بولغان. ئۇ 68 يىل ئۇمۇر كورگەن (شۇ كى- تاپنىڭ 57 - 58 - 62 - بەتلىرىگە قارالسۇن).

2. موللا بىلال سايرامى ئەسىرى «تارىخى ئەمىنىيە»

3. «قەشقەر ئەدىبىياتى»

4. «قەشقەر پىداگوگىكا ئىلمى ژورنىلى»

# شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى

## (12)


شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى

(ئۈرۈمچى شەھەر ئازاتلىق كوچا №306)

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى

قۇمۇل ۋىلايەتلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

فورماتى 1092 × 787 م.م 1/32 باسما تاۋىقى: 8.5

1983 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى

1983 - يىل 3 - ئاي 1 - بېسىلىشى

كىتاپ نومۇرى: M11098.115

تىراژى: 1 — 15.000

باھاسى: 0.50 يۈەن